شاھ مەھمۇت چوراس

# سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

پارسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ھەبىبۇللا ئۇلى
مۇھەررىرى: داموللا ئابدۇلھېمىت يۇسۇفى
مەسئۇل مۇھەررىرى: توختى ئابىخان

# نەشرگە سۆز بېشى

ھۆرمەتلىك كىتابخان، شاھ مەھمۇت بىن فازىل چوراس يېزىپ قالدۇرغان بۇ كىتاب فارسچە ھەرپ بىلەن بېرىلگەن مەتنگە ئاساسەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشرگە تەييارلاندى.

ئاپتور بۇ كىتابىنىڭ باش قىسمىنى «تارىخىي رەشىدى» دىكى ماتېرىياللارنى مەنبە قىلىپ، قالغان قىسمىنى بولسا كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسەن يېزىپ چىققان. مىلادى 1428 - يىلىدىن 1670 - يىلى 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە بولغان ۋەقەلەر بايان قىلىنغان بۇ تارىختا يەكەن، قەشقەر، ئاقسۇ، تۇرپان، خوتەننى ئاساس قىلغان خانلىقلار تارىخى، شۇنداقلا، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان قېرىنداش مىللەتلەر ھەققىدە باشقا كىتابلاردا مەلۇم بولمىغان بىر مۇنچە بايانلار بار.

بايانلارغا قارىغاندا، بۇ كىتاب ئۇيراتلارنىڭ ھىمايىسىدىكى ئېرك بەگنىڭ ئەمرى بىلەن يېزىلىپ ئىسمائىل خان (مىلادى 1670 - يىلىدىن 1680 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)غا تەقدىم قىلىنغان.

ئەسلىدە نام قويۇلمىغان بۇ كىتابنى تەتقىق

قىلغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى، ئۇنىڭ قۇرۇلما جەھەتتە «تارىخىي رەشىدى» گە تەقلىد قىلىنغانلىقى، «تارىخىي رەشىدى» دىن كېيىنكى ۋەقەلەرنى خاتىرىلىگەنلىكىگە قاراپ، ئۇنى «تارىخىي رەشىدى زەيلى» (تارىخىي رەشىدىنىڭ داۋامى) دەپ ئاتىسا، يەنە بەزىلەر «يىلنامە» دەپ ئاتىغان بىز «سەئىدىيە خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دەپ ئاتاشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.

ئاپتور چاغاتاي خانلىرىنىڭ ھىمايىچىسى، قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ مۇرىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئەسەردە ئاساسەن سەئىدىيە خانلىرىنىڭ تارىخىنى بايان قىلىشقىلا ئورۇن بەرگەن، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ جوراس قەبىلىسىنىڭ ھاكىمىيەت سەھنىسىدىكى ئورنىنى، قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ تەسىرىنى تەسۋىرلەپ مەدھىيىلەشكىمۇ ئالاھىدە كۈچ - سەرپ قىلغان، لېكىن خەلقنىڭ تارىخىي پائالىيەتلىرىنى بايان قىلىشقا ئورۇن بەرمىگەن، شۇنىڭ بىلەن بۇنداق بىر تارىخ كىتابىدا ئورۇن بېرىشكە تېگىشلىك بولغان ئەينى زاماندىكى ھاكىمىيەت تەقدىرىگە نىسبەتەن ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك ۋەقەلەر كىرگۈزۈلمەي، ئۇنىڭ بىر پۈتۈن قىممىتى ئاجىزلىتىپ قويۇلغان. مىللەتلەر مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ناتوغرا پىكىر پەيدا قىلىش مۇمكىن بولغان بەزى سۆزلەرنىمۇ ئىشلەتكەن. بۇنداق نۇقسانلارغا تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىش لازىم.



ئېلىمىزدە بۇ كىتابنىڭ ئوخشاشمىغان قوليازما نۇسخىلىرى بار. بۇ تېمىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تەتقىقاتلارنى ئوخشاشمىغان نۇسخىلار بىلەن تەمىنلەش مەقسىتىدە بۇ نۇسخىمۇ تەرجىمە قىلىپ پايدىلانغۇچىلارغا سۇنۇلدى.

قۇربان ۋەلى

1988 - يىل 4 - ئاي، ئۈرۈمچى.

### بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ نامى بىلەن باشلايمەن)

بارلىق مەدھىيە ھەممىگە قادىر، ھەممىدىن غالىپ، ئادەتتىن تاشقىرى بىلىم ئىگىسى، غەزەپ قىلىشقا تېگىشلىككە غەزەپ قىلغۇچى، ھەممىدىن بىھاجەت، ھەممىگە ساخاۋەت قىلغۇچى، يەككە - يېگانە بىر ئاللاغىلا خاستۇر، ئۇ — ئاللا، ئىنسانىنى مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسىدىن ئۇلۇغ قىلدى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى بىلىم ۋە ئەمەلدە يۇقىرى كامالەتكە يەتكۈزۈپ باشقىلاردىن ئالاھىدە قىلدى. پەيغەمبىرى مۇھەممەت مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنى قۇرئان ۋە ئاجايىپ بىلىملەر بىلەن قوراللاندۇرۇپ ياخشىلارغا خۇش خەۋەر يەتكۈزگۈچى، يامانلارنى ئاگاھلاندۇرغۇچى، ئاللانىڭ يوليورۇقى بويىچە كىشىلەرنى ھەق تەرەپكە دالالەت قىلغۇچى ۋە پۈتۈن ئالەمنى يورۇتقۇچى نۇرلۇق چىراغ قىلدى.

ئەي ئاللا، خوجىمىز يەنى بارلىق ياخشىلارنىڭ خوجىسى، ئۇلۇغلارنىڭ يۆلەنچۈكى، پەيغەمبەرلەر

ھەممىدىن تاللانغان، بارلىق نۇرلارنىڭ ئىگىسى بول-
غان ئەبۇلقاسىم — مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە
تاۋابىئاتلىرىغا ۋە قەلبى پاك، ئۇلۇغ يارانلىرىغا
رەھمەت ئىبەرگەيسەن، كۆپتىن كۆپ سالام
يوللىغايسەن.

ھەزرىتى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەم
سۆھبەت بولغانلار «مۇھەممەت ئاللانىڭ رەسۇلىدۇر،
ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۆمىنلەر كۇففارلارغا
قاتتىقتۇر، ئۆزئارا كۆيۈمچاندۇر»① دەپ قۇرئان
كەرىمدە ئېغىزغا ئېلىنىپ بىرگە بولۇش شاراپىتىگە
ئېرىشتى. ئاللا قۇرئان كەرىمدە: «... ئۇنىڭ بىلەن
بىرگە بولغان مۆمىنلەر كۇففارلارغا قاتتىقتۇر، ئۆز-
ئارا كۆيۈمچاندۇر» دېگەن ئايەت كۈچى بىلەن ئەھلى
كۇپرى، ئەھلى بىدئەتلەرگە قاقشاتقۇچ زەربە بەر-
دى. مۆمىنلەرنى «ئۆزئارا كۆيۈمچاندۇر» دەپ رەھ-
مەت نېئمىتىدىن تەييارلانغان رەھمەت داستىخانىنى
ئىسلام ئەھلىگە ئاچتى، بەزىلەر قۇرئان كەرىمدىكى:
«ئۇلارنى (مۆمىنلەرنى) رۇكۇ قىلغان، سەجدە قىلغان
ھالدا كۆرىسەن. ئۇلار ئاللانىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقى-
نى تىلەيدۇ»② دېگەن ئايەتلەرنىڭ روھىغا مۇۋا-
پىق ھالدا خۇدا رىزالىقىغا ئېرىشتى.

ئاللانىڭ رىزالىقى ئۇلارنىڭ ھەمىشە، ئۇلار-

①② قۇرئان كەرىم. سۈرە فەتھ 29 - ئايەتتىن ئېلىنغان.



غا ياخشى نىيەت بىلەن ئەگەشكەنلەرگە قىيامەتكىچە
بولسۇن.

توغرا يولغا ماڭغۇچىلارنىڭ ئاۋۋالقىسى، خەلى-
پىئى راشىدىننىڭ ئەڭ ئۇلۇغى، پەيغەمبىرىمىز مۇ-
ھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورۇن باسارى، قەدىرلىك
دوستى، باش خەلىپەسى ئەبۇبەكرى سىددىقتۇر. ئۇ
بارلىق ساھابىلارنىڭ باش پاناھى، خەلىپىلىكتە توغ-
را يولنىڭ باشلامچىسى ئىدى. ئۇنىڭ باشتىن-ئاخىر
راستچىللىقىدىن كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلاش بىر
مەزگىل ناھايىتى كۈچەيگەن. ئۇنىڭ تەدبىرى ۋە
تاقابىل تۇرۇشى بىلەن ئىسلامغا كىرىپ بولۇپ،
يېنىۋالغانلار تېگىشلىك ئەدىبىنى يېگەن. شۇنىڭ
ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئىسپاتلاپ قۇرئان كەرىم-
دە 32 ئايەت كەلتۈرۈلگەن. ئاللا تائالا قۇرئان
كەرىمدە: «ئۇنىڭ (مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام) بىلەن
بىرگە بولغان مۆمىنلەر...» دېگەن. بۇ يەردە ئاسا-
سەن ئەبۇ بەكرى سىددىق نەزەردە تۇتۇلغان.

مۆمىنلەرنىڭ باشلىقى دەپ ئاتالغان، پۈتۈن
ھاياتىنى پەيغەمبىرىمىزگە بويسۇنۇپ ئۆتكۈزگەن
ئىككىنچى خەلىپە (ئورۇنباسار) ئەمىرۇلفارۇق رە-
زىيەللاھۇ ئەنھۇ بولۇپ، ئۇ، ئۆزى ئاچقان ئىسلام
مەملىكەتلىرىدە 4000 چوڭ مەسچىت بىنا قىلغان
ئون يىل خەلىپە بولغان، ئۇنىڭدىن ئارتۇق بايراق
تىكلىگەن. قۇرئان كەرىمدە ئۇنىڭ شان - شەرىپىنى
پاكىتلاپ 34 ئايەت كەلگەن. «... كۇففارلارغا قاتت-

ھىقتۇر، ئۆزئارا كۆيۈمچاندۇر» دېگەن ئايەت مانا شۇ كىشى ھەققىدىدۇر.

ئۈچىنچى خەلىپە — مۇسۇلمانلار نەزىرىدە قارى دەپ قارالغان ئوسمانى زىننۇرەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولۇپ، ئۇ ئادىللىق ۋە سېخىيلىقى بىلەن مەشھۇردۇر. قۇرئانى كەرىمدە بۇ كىشىنىڭ شان-شەرىپىنى پاكىتلايدىغان 13 ئايەت بار. «ئۆزئارا كۆيۈمچاندۇر» دېگەن ئايەتتە ئاساسەن مۇشۇ كىشى نەزەردە تۇتۇلغان.

تۆتىنچى خەلىپە — ئاللانىڭ غالىپ شىرى، ئەبۇ تالىپنىڭ ئوغلى ئەلى كەررەماللاھۇ ۋەجھەھۇ بولۇپ ئىسلام دىنىنىڭ كۈچلىنىشى ئۇنىڭ جاسارىتىدىن بولغان. ئۇنىڭ باتۇرلۇقىدىن خەيبەر قەلئەسى ئېچىلغان. قۇرئاندا ئۇنىڭ يۈكسەك مەرتىۋىسىنى ئىسپاتلايدىغان 35 ئايەت بار. «ئۇلارنى روكۇ قىلغان، سەجدە قىلغان ھالدا كۆرىسەن، ئۇلار ئاللانىڭ پەزلىنى، رازىلىقىنى تىلەيدۇ» دېگەن ئايەتتە ئاساسەن مۇشۇ زات نەزەردە تۇتۇلغان.

ئاللا بۇ خەلىپىلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئوخشاشلا رازى بولغاي، چەكسىز بىلىم ئىگىسى بولغان ئۇلۇغ ئاللاغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، ئىنسانلارنىڭ خوجىسى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىپ، ئەھلى ئەۋلادى ۋە يارۇ - بۇرادەرلىرىگە سالام يوللايمىز.



## ھەزرىتى ئەزىزلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇلۇغ نىسبىتى ①

ھەزرىتى خوجا مۇھەممەت ئابدۇللا — ھەزرىتى خوجا مۇھەممەت يەھيا ئوغلى، مۇھەممەت يەھيا — ھەزرىتى خوجا مۇھەممەت ئىسھاق ئوغلى، مۇھەممەت ئىسھاق — مەخدۇم ئەزەم دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان مەۋلانا خاجەگى كاسانىنىڭ ئوغلى (ئاللا ئۇلارنىڭ روھلىرىنى پاك قىلغاي).

ھەزرىتى مەخدۇم ئەزەمنىڭ كېلىپ چىقىشى ئون ۋاستە ئارقىلىق ئۇلارنىڭ دەسلەپكى بوۋىسى ھەزرىتى شاھى بورھانىددىنغە يېتىدۇ. شاھى بۇرھانىددىنىنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇنداق يېزىلغان: شاھى بۇرھانىددىن — سەييىدى جالالىددىن ئوغلى، جالالىددىن — خوجا ئەشرەپىددىن ئوغلى، ئەشرەپىددىن — خوجا زىيائىددىن ئوغلى، زىيائىددىن — خوجا ئەلائىددىن ئوغلى، ئەلائىددىن — خوجا بۇرھانىددىن ئوغلى، بۇرھانىددىن — خوجا قاسىم ئوغلى، قاسىم — خوجا ھاشىم ئوغلى، ھاشىم — خوجا تاھىر ئوغلى، تاھىر — خوجا ھەسەن ئەمەدەنىنىڭ

① بۇ يەردىكى نىسبەتتىن — تەرىقەت يولىدىكى ئىرسىيەت ئىرادە قىلىنىشى مۇمكىن. (تەرجىماندىن)

ئوغلى، (ئاللا ئۇلارنىڭ روھلىرىنى پاك قىلغاي!)
ھەزرىتى ئەزىزلەرنىڭ ئۇلۇغ نىسبىتى (باغلىنىشى)
بارلىق ئىنسى جىنسىنىڭ پەيغەمبىرى بولغان پەيغەم-
بىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق يەتكۈزۈ-
لىدۇ: بۇ نىسبەت شىرىنى (تەرىقەت نىسبىتىنى) ھەز-
رىتى خوجا مۇھەممەت يەھيا ھەزرىتى مۇھەممەت خان-
دىن ئالغان. مۇھەممەت خان — ھەزرىتى خوجا
مۇھەممەت ئىسھاقتىن ئالغان. مۇھەممەت ئىسھاق — ھەز-
رىتى مەۋلانا لوتپۇللا چىستىدىن ئالغان. لوتپۇللا
چىستى ھەزرىتى مەخدۇم ئەزەمدىن ئالغان. مەخدۇم
ئەزەم — ھەزرىتى مەۋلانا مۇھەممەت قازى قەددە-
سەللاھۇ روھەھۇدىن ئالغان، مۇھەممەت قازى — ھەز-
رىتى خوجا ئەھرار قەددەسەللاھۇ روھەھۇدىن ئالغان.
خوجائەھرار — ھەزرىتى مەۋلانا يەئقۇبى چەرخىي-
دىن ئالغان. يەئقۇبى چەرخى — خوجا بۇزرۇك
باھائىددىن نەقشبەندى قەددەسەللاھۇ روھەھۇدىن
ئالغان. باھائىددىن نەقشبەن — ھەزرىتى ئەمىر
سەييىدى كۇلال قەددەسەللاھۇ روھەھۇدىن ئالغان. سەي-
يىدى كۇلال — ھەزرىتى خوجا مۇھەممەت
بابايى سىماسىدىن ئالغان. بابايى سىما —
ھەزرىتى ئەزىز خوجا ئەلى رامەتنىدىن ئالغان. ئەلى
رامەتنى — ھەزرىتى خوجا مەھمۇت ئەنجىر پەغنە-
ۋىدىن ئالغان. ئەنجىر پەغنەۋى — ھەزرىتى خوجا
ئارىپ رىيوگىرىدىن ئالغان. ئارىپ رىيوگىرى —
ھەزرىتى خوجا جاھان خوجا ئابدۇلخالىق غىجدەۋانى-



دىن ئالغان، ئابدۇلخالىق غىجدەۋانى — ھەزرىتى
شەيخۇل مەشايىخ خوجا يۈسۈپ ھەمدانىدىن ئالغان.
يۈسۈپ ھەمدانى — ھەزرىتى شەيخ ئەبۇ ئەلى
پارمىزىدىن ئالغان، ئەبۇئەلى پارمىزى بولسا ئىككى
تەرەپتىن نىسبەت قالدۇرغان: 1) ئۇ، ھەزرىتى شەيخ
ئەبۇلھەسەنۇل خىرقانىدىن ئالغان، ئەبۇل ھەسەن
خىرقانى — ھەزرىتى شەيخ سۇلتانۇل ئارىپىن ئەبۇ
يەزىدى بەستامىدىن ئالغان، ئەبۇ يەزىدى بەستامى—
ھەزرىتى ئىمام جەئپەرى سادىق رەزىيەللاھۇ ئەن-
ھۇدىن ئالغان، ئىمام جەئپەرى سادىقنىڭ نەسەبىمۇ
ئىككىگە بۆلۈنگەن: بىرىنچى ئىمام جەئپەرى سا-
دىق — ئاتىسى ھەزرىتى ئىمام مۇھەممەت باقىردىن
ئالغان، ئىمام مۇھەممەت باقىر — ئاتىسى ئىمام
زەينۇلئابىدىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئالغان.
ئىمام زەينۇلئابىدىن — ئاتىسى ئىمام
ھۆسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئالغان. ئىمام
ھۆسەيىن — ئۇلۇغ ئاتىسى ھەزرىتى ئەلى كەررەمەللاھۇ
ۋەجھەھۇدىن ئالغان. ئىككىنچى ھەزرىتى ئىمام
جەئپەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇبەكرى سىددىق رەزى-
يەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ھەزرىتى قاسىمدىن ئالغان.
ھەزرىتى قاسىم — ھەزرىتى سەلمانى پارىس رەزى-
يەللاھۇ ئەنھۇدىن ئالغان. سەلمانى پارىس — غاردا
جانابى پەيغەمبىرىمىز — ھەزرىتى مۇھەممەت ئەلەي-
ھىسسالامغا ھەمراھ بولغان، بارلىق مۆئمىنلەرنىڭ
باشلىقى ھەزرىتى ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەن-

مۇدىن ئالغان. 2) شەيخ ئەبۇ ئەلى پارمىزىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەزرىتى شەيخ ئەبۇلقاسىم گورگانىغا يېتىدۇ. شەيخ ئەبۇلقاسىم گورگانى بولسا ھەزرىتى شەيخ ئەبۇ ئوسمان مەغرىبى قەددەسەللاھۇ سىررۇھۇنىڭ مۇرىتى. شەيخ ئەبۇ ئوسمان مەغرىبى بولسا، ھەزرىتى شەيخ ئەبۇ ئەلى رودبارىنىڭ مۇرىتى. ئەبۇ ئەلى رودبارى — سەييىدۇتتائىپە ھەزرىتى جۇنەيد بەغدادىنىڭ مۇرىتى. شەيخ جۇنەيد بەغدادى — ھەزرىتى خودسىردي سەقتى قوددەسە سىررۇھۇنىڭ مۇرىتى، شەيخ خودسىرى — ھەزرىتى مەئروف كەرخى قودىسسە سىررۇھۇنىڭ مۇرىتى، شەيخ مەئرۇف كەرخىيگە ئىككى نىسبەت بېرىلگەن: (1) مەئىروف كەرخى — ھەزرىتى ئىمام ئەلى رىزانىڭ مۇرىتى، ئىمام ئەلى رىزا — ئاتىسى ئىمام مۇساكازىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مورىتى. مۇساكازىم — ئاتىسى ئىمام جەئپەرى سادىق رەزىيەللاھو ئەنھۇنىڭ مۇرىتى. ئىمام جەئپەرى سادىقنىڭ نىسبىتى (تەسەۋۋۇپ يولىدىكى باغلىنىشى، — سىلسىلەسى) ھاشىتا بايان قىلىندى.

(2) مەئروف كەرخى — ھەزرىتى شەيخ داۋۇت تائى قەددەسەللاھو سىررۇھۇنىڭ مۇرىتى. داۋۇت تائى — ھەزرىتى ھەبىب ئەجەمىنىڭ مۇرىتى. شەيخ ھەبىب ئەجەمى — ھەزرىتى ھەسەن بەسىرىنىڭ مۇرىتى، ھەسەن بەسرى بولسا (ئاللا ئۇنىڭ روھىنى پاك قىلغاي) ھەزرىتى ئەلى مورتەزا رەزىيەللاھو



ئەنھۇنىڭ مۇرىتى ...

ھەزرىتى ئەزىزلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، ئاجايىپ ئىش - ئىزلىرى (كارامەتلىرى) خۇدا بۇيرۇسا مۇنىدىن كېيىن سۆزلىنىدۇ.

ھۆرمەتلىك پادىشاھىمىز ئاتا - بوۋىلىرىنى تىلغا ئېلىش ھۆرمەتكە لايىق ئىش ئىدى ... ئەھلى شەيخنىڭ بىر قانچە تارىخلىرىدا بۇ سىلسىلە (زەنجىرسىمان باغلىنىش) ئاتىلار باغلىنىشى ئارقىلىق ئىشەنچلىك بايانلار بىلەن نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ياپەسكە يەتكۈزۈلگەن، ئاپتورمۇ بۇ ۋاراقلارنى پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى — ئاللاتائالانىڭ تەقدىرى بىلەن چاغاتاي پادىشاھى ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ نىسبىتىنى يەنى بۆگۈنكى كۈندە ھۆكۈم يۈرگۈزۈۋاتقان ساخاۋەتلىك، شانۇ - شەۋكەتلىك پادىشاھىمىزنىڭ كېلىپ چىقىشىنى گۆھەر چاچقۇچى قەلىمى ئارقىلىق نەقىل ۋە ئاڭلىغانلىرىنى بۇرۇنقى تارىخچى يازغۇچىلار ئۇسۇلى بويىچە بايانات سەھىپىلىرىگە تىزىپ، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ياپەسكە يەتكۈزىدۇ.

مەسىلەن، ھەزرىتى ئىسمائىلخان — ھەزرىتى ئابدۇرېھىمخان ئوغلى، ئابدۇرېھىمخان — ئابدۇرېشىتخان ئوغلى، ئابدۇرېشىتخان — سۇلتان سەئىدخان ئوغلى، سۇلتان سەئىدخان — سۇلتان ئەھمەتخان ئوغلى، سۇلتان ئەھمەتخان — سۇلتان يۇنۇسخان ئوغلى، سۇلتان يۇنۇسخان — سۇلتان ۋەيىسخان ئوغلى، سۇلتان ۋەيىسخان — شىرئەلىخان ئوغلى، شىرئەلىخان مۇھەممەتخان ئوغلى،

مۇھەممەتخان — خىزىر خوجاخان ئوغلى، خىزىر خوجاخان — تۇغلۇق تۆمۈر خان ئوغلى، تۇغلۇق تۆمۈر خان — ئىسىن بۇقاخان ئوغلى، ئىسىن بۇقاخان — داۋا خان ئوغلى، داۋا خان — بەرراقخان ئوغلى، بەرراقخان — يىسۇن قارا خان ئوغلى، يىسۇن قارا خان — مۇۋاتوكانخان ئوغلى، مۇۋاتوكانخان — چاغاتاي خان ئوغلى، چاغاتاي خان چىڭگىز خان ئوغلى، چىڭگىز خان — يىسۇگايخان ئوغلى، يىسۇگايخان — بەرىتانخان ئوغلى، بەرىتانخان — قىبىلخان ئوغلى، قىبىلخان — تۇنبىنە خان ئوغلى، تۇنبىنە خان — بايسىنقۇرخان ئوغلى، بايسىنقۇرخان — قايدۇر خان ئوغلى، قايدۇر خان — دوتۇم مىنىنخان ئوغلى، دوتۇم مىنىنخان — بۇقاخان ئوغلى، بۇقاخان — بودەنچىر قائان ئوغلى، بودەنچىر قائان — ئالانقۇۋا كوركلۇك ئوغلىغا يېتىدۇ. ئالانقۇۋا كوركلۇكنىڭ كېلىپ چىقىشى بولسا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ياپەسكە يېتىدۇ.

خان ھەزرەتلىرىنىڭ ۋەقەلىرى خۇدا بۇيرۇسا مۇندىن كېيىن بايان قىلىنىدۇ. بۇ ئاپتور ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلىكى، جاھاننىڭ تۇسالغۇ بولۇشىغا قارىماي، ئالدىراش ۋاقىتتا بۇ كىتابنى يېزىپ چىقتى. سۇ ئۈزۈش تەييارلىقىنىڭ يوقلۇقىغا قارىماي تەپەككۇردىن ئىبارەت قولۋاقنى مۇھىت دېڭىزىغا سالدى. ھالاكەت گىردابىدا بېشىنىڭ قېيىشىنى ئويلىمىغان، شىددەتلىك دولقۇنلار قورقۇنچىسىنى



يادىغا كەلتۈرمىگەن ھالدا «كىمىكى ئاجىز بىچارە بولسا ئۇ ئوقلارغا نىشان بولۇپتۇ» دېگەندەك، شۇنچە پاراكەندىچىلىك ئىچىدىمۇ بۇ ئۇلۇغ نىشان ۋە كاتتا ئىشقا جۈرئەت قىلىپ، قەدەم قويۇپ، ئۆزىنى ئىتىراز ئوقىنىڭ نىشانى قىلدى.

ئاركا بەگ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ: «يۇنۇسخاننىڭ زامانىسىدىن تا ھازىرغا قەدەر نۇرغۇن يۇقىرى مەرتىۋىلىك پادىشاھلار، داڭلىق كاتىباشلار ئۆتۈپتۇ، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۆتكۈسى، ئۇلارنىڭ نامى، داڭقى دۇنيادا يادىكار قالسۇن!» — دېدى.

ئەگەر ئۇنداق بولمايدىغان بولسا، بۇ دەسمايەسىز پەقىر، ئىقتىدارسىز ھەقىر شاھ مەھمۇت مىرزافازىل جوراس ئوغلىنىڭ ئاق قەغەز ئۈستىگە قارا خەتتىن ئىبارەت كېمىنى تەييارلاپ قويۇشقا قانداقمۇ ماجالى بولاتتى. بۇ ئاجايىپ سەھىپىگە بىرەر ھەرپ يېزىپ قويۇشقا قانداقمۇ كۈچى يېتەتتى. داڭلىق ئاركا بەگ پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن نائىلاج بۇ ئەدەبىسىزلىك دائىرىسىگە قەدەم قويۇپ، بۇ چوڭ ئىشقا ئالدىرىدى.

ئۇ ئالىي مەرتىۋىلىك ئەمىر (ئاركابەگ) نىڭ ئەھۋاللىرىمۇ خۇدا بۇيرۇسا سۆزلىنىدۇ.

## سۇلتان سەئىدخان ئوغلى ئابدۇرېشىتخاننىڭ خاقانلىق تەختىدە ئولتۇرغىنى

ئابدۇرېشىتخان ئاقسۇدىكى چېغىدا، سۇلتان سەئىد

خان تىبەتنىڭ يولىدا تۇتەك ئىلىپ كېتىپ ۋاپات بولدى. ئابدۇرېشىتخان ئاقسۇدىن كېلىپ ئاتىسى سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئورنىدا ئولتۇردى. سۇلتان سەئىدخاننىڭ ۋاپات بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان مەنسۇرخان ئاقسۇ تەرىپىگە لەشكەر تارتتى. ئابدۇرېشىتخان بېرىپ ئۇنىڭغا قارشى تۇردى. مەقسىتىگە يېتەلمىگەن مەنسۇرخان ئىلاجسىز قايتتى. ئابدۇرېشىتخانمۇ ئوردىغا ياندى. بۇ ئىش بىر نەچچە قېتىم تەكرارلاندى. يەنى مەنسۇرخان بىر قانچە قېتىم ھۇجۇم قىلدى. ئابدۇرېشىتخانمۇ بىر قانچە قېتىم كېلىپ، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇپ، ھەر قېتىمدا غەلىبە بىلەن ساق سالامەت قايتتى. خوجا مۇھەممەت مىرزانىڭ ئۆلۈم ۋەقەسى يۈز بەرگەندە ئابدۇرېشىتخاننىڭ خىزمىتىدىكى ئاتتىباشىلار ئىككىلىنىپ قېلىپ، باشباشتاقلىق يۈز بەردى. دوغلات مىللىتىدىن بولغان مىرزا ئەلى تاغاي قارا تېگىن تەرىپىگە قاچتى. قالغان باشلىقلارمۇ خاننىڭ بىر قىسىم بالىلىرىنى ئېلىپ خوتەن تەرەپكە مېڭىشتى ۋە يېڭى خانغا ئاشكارا قارشىلىق كۆرسىتىشتى. ئارقىدىنلا ئابدۇرېشىتخان خوتەنگە باردى. پۈتۈن خالايىق ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى. سېپىل ئىچىدە قېپقالغان مەلۇم ساندىكى باشلىقلارنىڭ ھەممىسىنى باغلاپ ئابدۇرېشىتخان پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشتى. پادىشاھ ئۇلارنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپ، ھەممىسىنى قويۇپ بېرىشكە بۇيرۇق قىلدى.

ئابدۇرېشىتخاننىڭ مۆھتەرەم رەپىقىسى چۈچۈك



خانىم جانىي بەگ قازاق ئوغلى ئەدىك سۇلتاننىڭ قىزى ئىدى. چۈچۈك خانىمنىڭ ئانىسى، يۈنۈسخاننىڭ تۆتىنچى قىزى — سۇلتان نىگار خانىم ئىدى. چۈچۈك خانىم ئابدۇرېشىتخاندىن ئالتە ئوغۇل يۈزىنى كۆردى. ئۇلار: بىرىنچى، ئابدۇلېتىپ سۇلتان، ئىككىنچى، ئابدۇكېرىمخان، ئۈچەنچى، ئابدۇرېھىم سۇلتان (بۇ ئوغۇل ئابدۇرېشىتخان ھايات چاغدا تىبەتتە شېھىت بولغان) تۆتىنچى، سۇلتان ئىبراھىم (بۇ ئوغۇل ئادەتتە سوپى سۇلتان دەپمۇ ئاتالغان) بەشىنچى، ھەزرىتى مۇھەممەتخان، ئالتىنچى، ئەبۇسەئىد سۇلتان. ئابدۇرېشىتخاننىڭ يەنە ھەر خىل تائىپەدىن تۇغۇلغان ئالتە ئوغلى بولۇپ ئۇلار: بىرىنچى، قۇرەيش سۇلتان، ئىككىنچى، مۇھەممەت باقى سۇلتان، ئۈچىنچى، مۇھەممەت شاھ سۇلتان، تۆتىنچى، يۈنۈس سۇلتان، بەشىنچى، ئابدۇللا سۇلتان، ئالتىنچى، ھەزرىتى ئابدۇرېھىم خان.

ئابدۇرېشىتخان ھەممىسى بولۇپ 12 ئوغۇل يۈزى كۆرگەن ئىدى. ئابدۇلېتىپ سۇلتان ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇ ئاقسۇ ۋە ئۈچتۇرپانغا ئەمىر قىلىپ ئەۋەتىلىپ موغۇلىستاننى باشقۇرغان. قەشقەرگە سوپى سۇلتان ۋاقىتلىق باشلىقلىققا تەيىنلەندى. ئەمىر مۇھەممەت بارلاس بولسا ئۇنىڭ باش مەسلىھەتچىلىكىگە بەلگىلەندى. كېيىن خوتەن ھۆكۈمىتىگە سوپى سۇلتان باشلىق قىلىپ ئەۋەتىلدى. ئۇلارنىڭ

ھەرقايسىسىنىڭ ئەھۋالى خۇدا خالىسا ئۆز ئورنىدا بايان قىلىنىدۇ.

## ئابدۇلېتىپ سۇلتاننىڭ ئاقىۋىتى ئابدۇرېشىت خاننىڭ پەرزەنتى ئابدۇلېتىپ خاننىڭ قان قىساسىنى تەلەپ قىلىپ لەشكەر تارتىشى

مەملىكەتنىڭ پادىشاھلىقى ئابدۇرېشىت خانغا رەسمىي مۇقىملاشقاندىن كېيىن، ئابدۇلېتىپ سۇلتان ئاقسۇدا يەرلىك بولۇپ ئورۇنلىشىپ قالدى. ئۇ، يۈرەكلىك. باتۇر شاھزادە ئىدى. ئۇ، موغۇلىستاننى شۇنداق ياخشى باشقۇردىكى، تۇپىلاڭ قىلغۇچىلارنىڭ موغۇلىستاندا تۇرارغا تاقىتى قالمىدى. ئاخىرى ئابدۇلېتىپ سۇلتان ھەق نەزەرخانغا ھۇجۇم قىلىپ، نۇرغۇن ئادەملىرىنى ئەسىر، ناھايىتى كۆپ دۇنياسىنى ئولجا ئالدى. ئاندىن كېيىن ھەق نەزەرخان قازاق، قىرغىزلار بىلەن بىرلىشىپ ئابدۇلېتىپ سۇلتاننىڭ ئەيشى-ئىشرەت بىلەن كۆڭۈل ئېچىپ ئولتۇرغان مەزگىلىدە ھۇجۇم قىلىپ كەلمەكچى بولدى. ئابدۇلېتىپ سۇلتاننىڭ مۇھاپىزەتچىسى بېلىقچى قەۋمىدىن ئىدى، ئۇ ئابدۇلېتىپ سۇلتانغا ئۇقتۇرماستىن چىقىپ بەدەر قاچتى. قازاق، قىرغىزنىڭ لەشكەرلىرى يېرىم كېچىدە باستۇرۇپ كېلىپ، ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئابدۇلېتىپ سۇلتاننىڭ لەشكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلدى. پادىشاھ



ئابدۇلېتىپ سۇلتاننى ياردار قىلىپ، ھەق نەزەرخان پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشتى. ھەق نەزەرخان ئابدۇلېتىپ سۇلتانغا تازىم قىلىپ ئادەمگەرچىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلدى. شۇ ئارىدا ئابدۇلېتىپ سۇلتان بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى.

ئابدۇلېتىپ سۇلتاننىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى پادىشاھ ئابدۇرېشىت خانغا يەتكەندىن كېيىن، ئابدۇرېشىت خان بىلەن چوڭ خانىملار ئابدۇلېتىپ سۇلتاننىڭ جەسىتىنى ئەكەلدۈردى ۋە تەزىيە بىلدۈرۈپ، سۇلتان سەئىدخان قەبرىسىنىڭ ئايىغىغا يەنى يەكەندىكى ئالتۇن مازارغا دەپنە قىلىشتى. ھەزرىتى خوجا مۇھەممەت شېرىپ قۇددىسە سىررۇھۇ ئۇ چاغدا ئۆۋەن دەرىجىدىكى مۇرىتلىرىنى تەرىقەت يولىغا يېتەكلەشكە مەشغۇل ئىدى. ئابدۇرېشىت خان خوجا ھەزرەتلىرىگە كۆپ ئىلتىجا قىلىپ ۋەقەنى بىر-بىرلەپ ئېيتتى، ھەممە ياردەم سورايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. خوجا ھەزرەتلىرىنىڭ پادىشاھ ئابدۇرېشىت خاننىڭ ئەھۋالىغا ئىچى ئاغرىپ، ئۆتكەن ئەۋلىيالارنى زىيارەت قىلغاچ ئابدۇرېشىت خان بىلەن بىرگە يولغا چىقتى. سۇلتان ساتۇق بۇغراخان قۇددىسە سىررۇھۇنىڭ نۇرغا تولغان مازىرىغا باردى. مەزكۇر سۇلتان بۈزرۈكۋاردىن بىشارەت بولغاندىن كېيىن، پادىشاھ ئابدۇرېشىت خانغا لەشكەرنى باشلاپ دۈشمەنلەرگە قارشى ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە رۇخسەت قىلدى. ئابدۇرېشىت خ
نۇرغۇن لەشكەر بىلەن قازاق، قىرغىزلار تەر

راۋانە بولدى. خوجا ھەزرەتلىرى (مۇھەممەت شىرىپ)
ئۇلۇغلار (ئەۋلىيالار) مازارلىرىنى زىيارەت قىلىپ
بولغاندىن كېيىن يەكەنگە قايتتى. ئابدۇرې-
شىتخان دۆشمەننىڭ ئارقىسىدىن ئۈچ ئاي مىقدارى
يول يۈرۈپ «ئەمىل» دېگەن جايدا دۆشمەنني
ھەق نەزەرخانغا يېتىشتى. ھەق نەزەرخان ۋە ئۇنىڭ
چېرىكلىرى بىلەن قىرغىزلار ناھايىتى
مۇستەھكەم بىر ئورۇنغا جايلىشىۋالغان ئىكەن.
مۇھاسىرە ئۇزاق ۋاقىت داۋام قىلدى. بىر كۈنى
پادىشاھ ئابدۇرېشىتخان باش كۆتۈرۈپلا ئاتقا مىندى.
قالغان لەشكەرلەرمۇ بىراقلا ئاتلىرىغا مىنىشىپ پۈ-
تۈن تىرىشچانلىقى بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ھەق نە-
زەرخاننى مەغلۇپ قىلىشتى. ھەق نەزەرخان ۋە ئۇنىڭ
باشقا كاتتىباشلىرى قوللىرى باغلىنىپ ئۆلتۈرۈشكە
بۇيرۇلدى. قىرغىز باشلىقلىرىنىڭمۇ قوللىرى باغلاندى.
ئابدۇرېشىتخان «ئەمىل» دېگەن جايدا ئۈچ كۈن
تۇرۇپ جوجى① ئەۋلادىدىن چىققان كاتتىباشلارنىڭ
يەتتە بايرىقىنى ئېلىپ، يەكەنگە — ئۆز ئوردىسىغا
غەلىبە- نۇسرەت بىلەن قايتتى. كاتتىباشلارنىڭ يەتتە
تۇغ ئەلەمنى ئۆزى بىلەن بىرگە يەكەنگە ئېلىپ
كەلدى. يەتتە تۇغ ئەلەمى دېگىنىمىز شۇنىڭدىن ئى-
بارەتكى، قازاق پادىشاھلىرى تا شۇ كەمگىچە تۇغ تۇت-
مىغان ئىدى. يۇنۇسخان قاراتوقايدا «بورۇچ ئوغلان»
نى مەغلۇپ قىلدى، ھازىرقى تارىخقا قەدەر، شىبان،

① جوجى — چىڭگىزخاننىڭ ئوغلى.



قازاق، موغۇللار ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن جەڭ ۋەقەلىرى
يۈز بېرىپ، كۆپىنچە شىبان بىلەن قازاقلار غەلىبە
قىلىپ كەلگەن. لېكىن موغۇللار ھېچقاچان ئۈستۈنلۈك-
كە ئېرىشەلمىگەن. لېكىن ئابدۇرېشىتخان، شىبان،
قازاق، قىرغىزلار ئۈستىدىن چوڭ غەلىبە قىلدى. بۇ
غەلىبە ھازىرغا قەدەر داۋام قىلىپ كەلمەكتە.

ئابدۇرېشىتخان تەن قۇرۇلۇشىنىڭ كۈچلۈكلۈكى،
ساغلاملىقى بىلەن تەڭتۇشلىرى ئارىسىدا (ئۆز ئارا
چوڭقۇر مەنىلىك پاراڭلىشىشلاردا) باشقىلاردىن ئالاھىدە
ئۈستۈن تۇراتتى. ئوق ئېتىشتا تەڭداشسىز ئىدى. ئۇ ئۇلۇغ
ئاتىسى سۇلتان سەئىدخاندىن تۆۋەنرەك كۆرۈنگەن بىلەن
باتۇرلۇق، ساخاۋەتتە ئۆز زامانىسىنىڭ يېگانە كىشى-
سى ئىدى. شېئىرنىمۇ ياخشى ئېيتاتتى، تۆۋەندىكى
شېئىرلار بۇنىڭ دەلىلى:

زۇلۇم بىداد بەمەن لۇتفى ئىنايەت بەرەقىبەست،
زىن سەبەب ئىن دىلى غەم دەر ئەلەمەست.
(زۇلۇم، ئادالەتسىزلىك ماڭا، مۇلايىم ۋە ياخ-
شىلىق رەقىبىگە، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ غەمكىن دىلىم
قاتتىق ئازابلانماقتا.)

ئى رەشىدى چەكۈنەم جىلۋەچە سازەم ئەكنۇن،
باتەسى ئىن غەمۇ ئەندۇ ۋە ئەلەم ئىن سەنەمەست.
(ئەي رەشىدى، قانداقمۇ ئۆزۈمنى كۆرسىتىمەن،
نېمە قىلىمەن،

ھازىر بۇ غەم ئەندىشىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ سەنەم —
مەھبۇپ دۇر»

بۇ ئۇنىڭ تۈركچە شېئىر دۇر:

شەھسۇۋارىم ئەزمى مىدان قىلدى جەۋلانىن كۆرۈڭ،
گويى ئەيلەپ باشىڭىزنى زۇلپى چەۋگانىن كۆرۈڭ.
نى باقارسىز ئاشكارا جەۋرىگە ئول شوخىنىڭ،
گۆشەئى چەشمىگە باقىڭ لۇتفى مېھمانىن كۆرۈڭ.

ئۇنىڭ سىخىي قولى روھقا مەدەت بېرىدىغان سازلارنى شۇنداق چالاتتىكى زوھرا① مۇ چىدىيالمىغىنىدىن لال بولۇپ قالاتتى. ئۇ يەنە تەبىئىي ئىقتىدارى بىلەن ھەر خىل ھۈنەر-سەنئەتلەردە كارامەت كۆرسەتتى، كۆپ چاغلاردا قەلەندەر سۈپەتتە ساياھەت قىلاتتى.

## ئابدۇرېشىتخاننىڭ ۋاپاتى، پادىشاھلىق قىلغان ۋاقتى ۋە ھاياتى

نەقىل كەلتۈرۈلۈشىچە: خان ئىككى قېتىم خوتەن تەرەپكە قەلەندەرچە ياسىنىپ بارغانىمىش. بۇ چاغلاردا، مىر ئەنۋار، موللا مەھمۇتلارمۇ بىللە ئىكەن. ئۈچىنچى قېتىم بارغىنىدا، ئابدۇرېشىتخاننىڭ كەلگەن-

① زوھرا — مۇزىكا. خۇشاللىقلارغا مەسئۇل يۇلتۇزنىڭ نامى.



لىكىنى ئاڭلىغان قۇرەيش سۇلتان مەملىكەتنىڭ باشلىق، كاتتىباشلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا قارشى ئېلىشقا چىقتى. ئابدۇرېشىتخان قۇرەيش سۇلتاننىڭ ئۆيىگە چۈشتى. بىر قانچە كۈندىن كېيىن قاشتېشىنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن كېتىۋېتىپ جامەدار① يېزىسىغا يەتكەندە قازا يېتىپ ۋاپات بولدى. ئۇ، ئاتىسى ھايات ۋاقتىدا ئاقسۇ ۋە موغۇلىستاندا بولۇپ، ئون يىل پادىشاھلىق قىلغان. ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، ئاقسۇ، خوتەن ھەتتا بەدەخشانغىچە مۇستەقىل ھالدا 27 يىل پادىشاھلىق قىلدى. 52 يىل ياشىدى. ھەزرىتى ئابدۇرېھىم خان مەرھۇم ئابدۇرېشىتخان ۋاپات بولۇپ ئۈچ ئايدىن كېيىن دۇنياغا كەلدى. ئابدۇكېرىمخان ئۇنى بېقىپ چوڭ قىلدى. مەھمۇت بارلاس يەكەنگە، ئەمەت بارلاس خوتەنگە ھاكىم بولدى.

ئاللا ھەممىدىن ئالىيراقدۇر.

## ئابدۇكېرىمخاننىڭ دەسلەپكى ئىشلىرى ۋە شۇ چاغدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر

ئابدۇلېتىپ سۇلتان قازاقلارنىڭ قولىدا شېھىت بولغاندىن كېيىن ئابدۇكېرىمخان ئاقسۇنىڭ باشلىقلىقىغا نامزات قىلىپ كۆرسىتىلدى. ئابدۇكېرىمخان سە-

① ھازىر خوتەندە «جامەدار» دەپ بىر يېزا بولۇپ ئۇ يەردە بىر مازار بار.

پەرقلىنىشنى رەت قىلدى، ئۇنىڭدىن رەت قىلىنىشنىڭ سەۋەبى سورالغاندا، «ئۇلۇغ ئاتا، بىز بولغان بولساق ئۇلارنىڭ ھاياتىنى غەنىمەت سانايتتۇق» دېدى. بەزى ھەسەتخورلار گەپنى بۇراپ، پادىشاھقا «ئابدۇكېرىمخان تېخى باشقىچە داغدۇغىلارنى قىلىۋاتىدۇ①» دەپ خاننى ئىككىلەندۈرۈپ قويدى. خان ئابدۇكېرىم خاننى چاقىرىپ «مۇنۇ بېيىتنى يازغىن» دەپ بۇيرۇق قىلدى:

### بېيىت

پەدەركۇش پادىشاھى را نەشايەد،
ئەگەر شايەد بەجۇز شەش ماھ نەپايەد.
(ئاتىسىنى ئۆلتۈرگۈچىگە پادىشاھلىق ياردىماس،
ئەگەر يارايدىغان بولسا ئالتە ئايدىن ئارتۇق چىدىماس.)

ئابدۇكېرىمخان بۇ بېيىتنى دەرھال يازدى ۋە بەلبېغىنى بويىنىغا سېلىپ ئېگىلىپ تۇرۇپ، تىترەپ ئەدەب تىزلىرى بىلەن ئولتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

«ھەزرىتى خاقانى ئەزەم ياخشى دەپتۇكەنكى: شۇنداق ئېسىل پادىشاھزادىلاردىنمۇ مۇنداق پەسكەشلىك كېلىدىكەن. مەسىلەن، خىسرونىڭ شىرويەسى پەرۋىزنى ئۆلتۈردى، شىرويەنىڭ كېلىپ چىقىشى ئەسلى مۇنداق: شىرويە — خىسرونىڭ ئوغلى، خىسرو — ھورموز-

① ھەققۇق تالىشىۋاتىدۇ، دېمەكچى



نىڭ ئوغلى، ھورموز — نوشىرۋاننىڭ ئوغلى، نوشىرۋان — قۇبادنىڭ ئوغلى، قۇباد — فىروزنىڭ ئوغلى، فىروز — يەزدە جەرنىڭ ئوغلى، يەزدە جەر — بەھرام گورنىڭ ئوغلى، بەھراممۇ ئەسلى پۈشتىدىن ئالغاندا پەرىدۇنغا يېتىدۇ، پەرىدۇنمۇ ئەسلى پۈشتىدىن ئالغاندا، كىيومىرستقا يېتىدۇ. كىيومىرس — ئەجەم نەسەبچىلىرىنىڭ قارىشىچە ئادەم①مىش. مانا شۇنداق بىر ئېسىل پادىشاھ بالىسىمۇ بىر رەزىل ئىشنى قىلىپ قويۇپ ئالتە ئايدىن كېيىن تائون② كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ جەھەننەمگە يول ئالدى. خەلىپەلەر ئائىلىسىدىمۇ مۇنتەسىر خەلىپەدىن ئېسىلراق كىشى يوق ئىدى، ئۇ بولسا مۇتىۋەككىلنىڭ ئوغلى، مۇتىۋەككىل — مۇئتەسىمنىڭ ئوغلى، مۇئتەسىم — ھارون رەشىدنىڭ ئوغلى، ھارون رەشىد — مەھدىنىڭ ئوغلى، مەھدى — مەنسۇرنىڭ ئوغلى، مەنسۇر — مۇھەممەتنىڭ ئوغلى، مۇھەممەت — ئەلىنىڭ ئوغلى، ئەلى — ئابدۇللانىڭ ئوغلى، ئابدۇللا — ئاببا س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى.

بىر قانچە پۈشتىغىچە خەلىپە بولغان بىر ئادەم ئاتىسىنى ئۆلتۈردى. ئابدۇلېتىپ مىرزا سەمەرقەندتىنىڭ سىرتىدىكى ئابى سۇرۇخنىڭ لېۋىدە ئاتىسى ئۇلۇغ بەگ مىرزادىن ئىبارەت بىر ئالىم، ئادىل پا-

① ئادەم — ئادەم ئەلەيھىسسالاممۇ - قانداق؟
② تائون — داۋاسىز، يۇقۇملۇق كېسەل.

دىشاھنى ئۆلتۈردى. ئابدۇلېتىپ مىرزا — ئۇلۇغبەگنىڭ ئوغلى، ئۇلۇغ بەگ — سۇلتان شاھرۇخنىڭ ئوغلى، شاھرۇخ — ساھىب قىران تۆمۈر كوراگانىنىڭ ئوغلى.

بۇ شۇم پېشانە پادىشاھزادىلار ئادەم ئۆلتۈرۈپ ئالتە ئايدىن ئارتۇق ياشىيالمىدى. بىلىش كېرەككى، مېنىڭ كېلىپ چىقىشىم ئۇنداق، مۇنداق دەپ پەخىرلىنىشكە بولمايدۇ. ئەڭ مۇھىمى، دىيانەتلىك، تەقۋادار بولۇش لازىم.

خان ئابدۇكېرىم خاندىن تەپسىلىي ئەھۋال سورىدىغىنىدا ئابدۇكېرىم خان يېڭىسارنىڭ پادىشاھلىقىنى تەلەپ قىلدى، خان ئۇنىڭغا مۇھەممەت مىرزا بايرىنىنى ۋەزىر قىلىپ يېڭىسارغا ئەۋەتتى. ئۇ چاغدا سوپى سۇلتان قەشقەرنىڭ ۋالىيسى ئىدى، سوپى سۇلتان — ئابدۇرېشىت خاننىڭ تۆتىنچى ئوغلى، لېكىن سوپى سۇلتان كۆرۈنۈشى چىرايلىق ھەم غەزەپلىك ئىدى. ئادەتتە كىشىلەر ئۇنى قابىل ئادەم دېيىشەتتى.

ئابدۇكېرىم خان — سالىھ، مۇتتەقى (پەرھىزكار)، كەمبەغەل پەرەس ئىدى، تەرىقەتتە مۇھەممەت ۋەلى سوپى قۇددىسە سىررۇھۇغا مۇرىت بولغان. مۇھەممەت ۋەلى سوپى بولسا ھەزرىتى خوجا مۇھەممەت شىرىپ قۇددىسە روھەھۇنىڭ چوڭ يارانلىرىدىن ئىدى، لېكىن قەشقەردە مىرزا زېرەك ناملىق جەزىبىسى بار، كۈچلۈك بىر دەرۋىش بار ئىدى. نەقىل كەلتۈرۈلۈشىچە: ئابدۇكېرىم خان مەزكۇر مىرزا زېرەك خانىقادىكى چاغدا ئۇنىڭ سۆھبىتىنى تاپماقچى بولۇپ،



كىرىپ سالام قىپتۇ، مىرزا زېرەك «كەلسىلە! سۇلتان ئەمەسمەن، مەن سىلىنى قوشاقچىنىڭ كىچىك ئوغلىمىكىن دەپ ئويلاپتىكەنمەن، ئۆزلىرى ئىكەنلا. دىنىنىڭ كاتتىلىرى (ئاللا ئۇلارنىڭ روھلىرىنى پاك قىلغاي) ئۆزلىرىنى خانلىقتا كۆتۈرۈشتى، ئۆزلىرىنى ئىزدەپ ئادەم كېلىدۇ، ۋاقىپ بولۇپ قالسۇنلار!» دېدى ۋە يېنىشقا رۇخسەت قىلدى، ئابدۇكېرىم خان يېڭىسارغا ياندى.

قوشاقچى دېگەن سۆز ئابدۇرېشىت خانغا قارىتىلغان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن، چۈنكى، خان شائىر ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە بەزى بەزىدە ھالالىدىن جان بېقىش ئۈچۈن جۇۋدىچىلىق قىلاتتى. ئابدۇكېرىم خان مىرزا زېرەكنىڭ ئالدىدىن قايتىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن بىر ئەتىگىنى مۇھەممەت ۋەلى سوپى ئابدۇكېرىم خانغا خۇش خەۋەر قىلدى. ئابدۇكېرىم خان دەرھاللا يېڭىسارنىڭ ئەرلىرىنى يىغىپ يەكەن تەرەپكە راۋان بولدى. مۇھەممەت ۋەلى سوپى ئابدۇكېرىم خانغا كۆرۈندى. لېكىن باشقا كاتتىباشلار كۆرمىدى. مەخمۇت بارلاس سوپى سۇلتانغا كىشى ئەۋەتكەن ئىدى. ئۇ ئادەم ئابدۇكېرىم خانغا يولۇقۇپ قالدى. ئابدۇكېرىم خان تەپسىلىي ئەھۋال سوراپ، ئەھۋالنى مۇئەييەنلەشتۈردى. خەت كەلدى، ئابدۇكېرىم خان بۇنىڭدىن ياخشى پال ئېلىپ تېزلا راۋان بولدى. باشقىلار: «ئادەملەرنى جۇغلاپ ماڭساق ياخشى بولاتتى» دەپ تەلەپ قىلىشتى، ئابدۇكېرىم خان: «ماناكا ... مۇھەممەت ۋەلى

سوپى ئەلە يېغىر رەھىمە ئالدىرىتتىۋاتىدۇ» دېدى. كاتتىباش-
لارنىڭ ھەممىسى شادمان بولۇپ شېھىت ھەزرىتى
ئەلى ئارسلانخاننىڭ روھىدىن مەدەت سوراپ يە-
كەنگە يېتىپ كېلىشتى.

خوجا ئۇبەيدۇللا، مىرزا فىروز بارلاس، مىرزا
مۇھەممەت ياقۇپ دوغلات، جان مۇھەممەت مىرزا باي-
رىن، مىرزا ساتقىن ئىشىك ئاغا قاتارلىقلار ئابدۇكې-
رىمخاننىڭ ھەمراھلىقىدا چۈچۈك خانىم (ئانىسى) قې-
شىغا كېلىشتى. ئابدۇكېرىمخان چۈچۈك خانىمنىڭ
ئاياغلىرىغا يىقىلىپ، زارى تەزەررۇ قىلدى. چۈچۈك
خانىم ۋە بارلىق كاتتىباشلار كونا رەسمىيەت بويى-
چە ئابدۇكېرىمخاننى خان تىكلەپ ئېلان قىلىشتى.

## ئابدۇكېرىمخاننىڭ خانلىق تەختى ۋە خاقانى-لىق ئورنىدا ئولتۇرغىنى

ئىشەنچلىك كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا،
ئابدۇكېرىمخان ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى
بولۇپ ئۇ بۇرۇنقى رەسمىيەتلەر بويىچە خانلىققا
تەيىنلەندى. تاسادىپىي شۇنداق بىر ئەھۋال بولدى-
كى، ئىككى كۈندىن كېيىن قەشقەردىن سوپى سۇلتان
كېلىپ ئوردىغا چۈشتى، ئۇ يالغۇز كەلگەن ئىدى.
ئۇدۇل چۈچۈك خانىم ئالدىغا كىرىپ، ئانىسى بىلەن
قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئابدۇكېرىمخان سوپى سۇلتانغا:
«ئەي بۇرادەر، كونا رەسمىيەت بويىچە بىزنى خان-



لىققا تەيىنلەشتى، ئەگەر ئۆزلىرىنىڭ خانلىققا مەي-
لىلىرى بولسا مەملىكەت مانا مەن دۇنيانى دەپ
ھەر بىرلىرىنىڭ يۈزىگە كەلمەكچى ئەمەسمەن» دې-
دى. ئاندىن كېيىن چۈچۈك خانىم سوپى سۇلتانغا:
«ئەي جانىم بالام، ئابدۇكېرىم سىلىگە ئاتا ئور-
نىدا. موغۇل پادىشاھلىرىنىڭ كونا قائىدىسىدىمۇ،
قايسى ياشتا چوڭراق بولسا شۇنى خان، خاقان دەپ
بىلىپ شۇنىڭغا بويسۇنىدىكەن. كونا رەسمىيەت بو-
يىچە ئابدۇكېرىمخاننى خان قىلىپ تىكلىدۇق، سىز-
نىڭچە قانداق؟» دېدى. سوپى سۇلتان دەرھال ئور-
نىدىن تۇرۇپ ئانىسى بىلەن بىر تۇغقىنى ئالدىدا
تۆرە تۇرۇپ: «ئابدۇكېرىمخاننى ئاتىمىزنىڭ ئورنى-
دا بىلىمىز، جان دىلىمىز بىلەن ئۇنىڭغا بويسۇ-
نۇشقا تىرىشىمىز» دەپ بەيئەت قىلدى. قەشقەر، يې-
ڭىسارلارنىڭ ھاكىملىقى سوپى سۇلتانغا بېكىتىلىپ
ئۇنىڭغا يېنىشقا رۇخسەت بېرىلدى. قۇرەيش سۇلتان
خوتەننىڭ ئەمىرلىكىگە تەيىنلەندى. ئاندىن كېيىن،
مىرزا مەھمۇت بارلاس بىلەن مىرزا ئەھمەت بارلاس-
لارنىڭ ھوقۇقىنى ئېلىپ تاشلاشقا بۇيرۇق قىلىنىشتى،
مۇھەممەت مىرزا بېرىپ بۇيرۇقنى يەتكۈزدى. ئۇلار-
نىڭ ئالدىدا 3000 قوراللىق ئادەم بار ئىدى،
ھەممىسى تارقاپ كېتىشتى. نامازدا ئوقۇيدىغان
خۇتبە ۋە تامغىلار ئابدۇكېرىم خاننىڭ ئىسمى-
لەقەملىرى بىلەن بېزەلدى. مەملىكەت شۇ كىشىگە
قاراشلىق بولدى.

خان ئادالەت بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىشقا تىرىشتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، شۇ دەۋردىكى پادىشاھلارنىڭ كۆزى ۋە خۇلاسىسى بولۇپ قالدى. چۈنكى ئۇ سالىھ (دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك)، زاھىد (دۇنيا قوغلاشمايدىغان)، ئابىد (خۇداغا قۇللۇق قىلىدىغان) توغرا ئىش قىلىدىغان كىشى ئىدى.

ئىشەنچلىك بەزى كىشىلەرنىڭ خەۋەرگە قارىغاندا، ئۇ بالاغەتكە يەتكەندىن تارتىپ تا ھاياتىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر نامازنى، جاماەتنى قەتئىي تەرك قىلمىغان. ھەممە ئىبادەتنى ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلغان.

ئۇنىڭ خان بولغاندىن كېيىنكى بىر ئادىتى شۇ ئىدىكى: ھەر ھەپتىدە ئىككى كۈن ئادالەت زەنجىرىنى بېلىگە باغلاپ، ئاممىنىڭ يۈكىنى كۆتۈرىدىغان (ئاممىنى باشقۇرىدىغان) قازى، مۇپتىلارنى يىغىپ، مەملىكەتكە قاراشلىق بارلىق كاتتىباشلارنى قاتناشتۇرۇپ مۇسۇلمانلارنىڭ دادىنى ئاڭلايتتى، زۇلۇمغا ئۇچرىغان بىچارىلار خانغا ئەھۋالىنى ئېيتاتتى. شىكايەت قىلغۇچىنىڭ مەسىلىسى ئەگەر شەرىئەت بويىچە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولسا قازى، مۇپتىلار بىر تەرەپ قىلاتتى، ئەگەر سىياسەت بويىچە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولسا كاتتىباشلار بىر تەرەپ قىلاتتى. خوجا ئۇبەيدۇللا ۋە فىرۇز مىرزا بارلاس، مىرزا مۇھەممەت ياقۇپ دوغلات، مىرزا ساتقىن ئىشىك ئاغالار سوراپ، بىر تەرەپ قىلاتتى. ئابدۇكېرىم خان قۇلاق سېلىپ ئاڭلاپ ئولتۇراتتى. قىلچىلىكمۇ خاتا



قىلماي ئادالەت قىلىشاتتى. شۇ چاغلاردا مەككە مۇئەززىمەدە «ئابدۇكېرىم ئادىلنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن» دەپ ھەر نامازدىن كېيىن دۇئا قىلىناتتى.

كىتابلاردا كەلتۈرۈلۈشىچە: پەيغەمبەرلەردىن قالسا ئۈچ خىل ئادەمنىڭ مەرتىۋىسى ئوخشاش بولىدىكەن. بىرىنچى، قۇتبى - ئۇنى غەۋس دەپ ئاتايدۇ. ئىككىنچى، يۇقىرى دەرىجىلىك شېھىتلەر (خۇدا يولىدا قۇربان بولغانلار)، ئۈچىنچى، ئادىل پادىشاھلار.

قىيامەت كۈنى ئاللا ھەق سۇبھانەھۇۋەتائالا بەندىلىرىدىن ئىماندىن ھېساب ئېلىپ بولغاندىن كېيىنلا نامازدىن ھېساب ئالىدۇ. پادىشاھلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىماندىن ھېساب ئېلىپ بولغاندىن كېيىنلا، ئادالەتتىن ھېساب ئالىدۇ.

نوشىرۋان ئادىل ئىمانسىز بولسىمۇ، ئادالەتتە، راستچىللىقتا تەڭداشسىز ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن جانابى مۇھەممەت مۇستافا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەخىرلىنىپ «مەن ئادىل پادىشاھنىڭ زامانىسىدا تۇغۇلدۇم» دېگەن.

### نەزم

پەيەمبەركى نوشىرۋان دەۋرىدە،  
جاھاننىڭ چىراغى - كۆزى بولدى - دە.  
كى ئەيتتى: «زۇلۇمدىن شۇڭا خالىمەن،  
كى نوشىرۋان دەۋرى ئۇغلانىمەن»

بەك ئوبدان دېدى ئاق نىيەت پەندىچى،
زۇلۇمگەر قۇلاققا تېگىپ پەنجىسى.
زۇلۇمگەر زۇلۇمدىن كۆپ ئەندىشە قىل،
كى مەقسەت ئۈچۈن ئەندىشىنى پىشە قىل،
ئەگەر زۇلۇمدىن ئەدىل تاپماس پانا،
زۇلۇم يولىغا پۇتنى قويدىڭ يانا.

تارىخلاردا مۇنداق دېيىلىدۇ: خۇدايىتائالا داۋۇت ئەلەيھىسسالامغا: «ئۆز قەۋمىڭگە ئېيتقىنكى، ئەجەم پادىشاھلىرىغا يامان سۆز قىلمىسۇن! دەشنام بەرمىسۇن! چۈنكى ئۇلار دۇنيانى ئادالەت بىلەن ئاۋات قىلدى. ئۇ جاھاندا مېنىڭ بەندىلىرىم ياشايدۇ.» دەپ يوليۇرۇق بەردى.

## پارچە

شاھلىقنى قوغداشنىڭ مىزانى نېمە؟
ئادالەت ئەلا دىنىدىن، كۆپرىدىن.
ئەۋزەلدۇر دىنسىزنىڭ ئادالىتى، بىل،
دىندارشاھ زالىمنىڭ قانلىق زۇلمىدىن.

ئابدۇكېرىمخان ئۆز زامانىسىدا ھەرگىز مۇلەشكەر تارتمىغان، ۋىلايەتلەرنى تۇغقانلىرىغا بۆلۈپ بەرگەن. ئۇلۇغ ئاتىسىدىن قالغان دۇنيا، ئوقەت، قورال - ياراقلارنى ئۇلۇغ شەرئەتنىڭ ھۆكمى



بىچە تۇغقانلىرى بىلەن مىراس ئۈلەشقان. ئۇ تەقۋادارلىقتىن تەرەتسىز يەرگە دەسسىمىگەن. ئۇنىڭ زامانىسىدا دىن ئىشلىرى ناھايىتى روناق تاپقان.

## ھەزرىتى ئەزىزلەرنىڭ كېلىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ قىسقىچە بايانى

مۇسۇلمانلارنىڭ يول باشچىسى، پۈتۈن زېمىن يۈزىنىڭ قۇتبىسى ھەزرىتى رەببىل ئالەمىننىڭ دوستى، مىللەت، دىنىنىڭ چىراغى ھەزرىتى خوجا مۇھەممەت ئىسھاق — ھەزرىتى مەخدۇم ئەزەم قەددەسەللاھۇ روھەھۇنىڭ ئوغلى سەمەرقەندىن قەشقەرگە كەلدى. بۇ چاغدا مۇھەممەتخان ئاقسۇدىن چوڭ ئاكىسى سوپى سۇلتاننىڭ سۆھبىتىدە بولۇش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى. ئۇ، ھەزرىتى ئەزىزلەرنىڭ كەلگىنىنى ئاڭلاپ ئۇلارنىڭ سۆھبىتىگە ئالدىرىدى. كۆرۈشكەنىدىن كېيىن ھەزرىتى ئەزىزلەر مۇھەممەتخاندىن سورىدى:

— ئەي سۇلتانىم، ئىسمىلىرى نېمە؟

— مۇھەممەت.

ھەزرىتى ئەزىزان خوجا مۇھەممەت ئىسھاق كۈلۈمسىرەپ مۇنداق دېدى:

— مېنىڭ بۇ تەۋەلىككە كېلىشىم ئاساسەن مۇشۇ ئىسمىڭنىڭ تارتىشى بىلەن بولغان، ئەي بابامۇھەممەت! بىكار يۈرۈشكە بولمايدۇ، تىرىشىش كېرەك.

مۇھەممەتخان ئۆز يۇرتىغا قايتىپ بارغاندىن

كېيىن ئويلىدى: «ئەگەر ھەزرىتى ئەزىزلەرگە قول بەرسەم ئۈزۈم كىچىك، بۇنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالايمەنمۇ - يوق؟ قول بەرمەي دېسەم ۋاقىت غەنىمەت»

ھەزرىتى ئەزىز خوجا مۇھەممەت ئىسھاق روھانى قۇدرىتى بىلەن سېزىپ قېلىپ، دۇۋەت - قەلەم كەلتۈرۈپ خەت يېزىپ مۇھەممەت خانغا ئەۋەتتى، خەتكە مۇنۇ بېيىتنىمۇ قوشۇپ قويدى:

بېيىت

يۈرىكىڭ ئاجىزلىقىدىن چىرايىڭ —
سارغىيىپ قېلىشتىن قىلما ۋەھىمە.
ئىشقىدا قەدەم قويغىنىڭ، مەشۇقتىن —
مەدەتلەر بولغاي كۆپ، گۇمان ئەيلىمە.

خەت تېگىشى بىلەنلا مۇھەممەت خان ئىختىيارسىز ھالدا باشلىرىنى تاپان قىلىپ ھەزرىتى ئەزىزلەرنىڭ سۆھبىتىگە راۋان بولدى. ھەزرىتى ئەزىزلەر مۇھەممەت خاننى كۆرۈپ ئورۇنغا تەكلىپ قىلدى. مۇھەممەت خان ئۇلۇغۋار پىرىنىڭ سۆھبىتىگە مۇشەررەپ بولۇپ چىن دىلىدىن بويسۇندى. ھەزرىتى ئەزىزلەر بۇ ياخشى خىسلەتلىك سۇلتان ھەققىدە ياخشى دۇئا قىلىشتى. موللا قاسىم خەلىپە ئەلەيھىررەھمەمۇ بارلىق تەۋەلىكى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن



بىرگە ئۇ زاتقا ئېتىقاد قىلىپ مۇرىت بولدى. موللا ئىبنى يۈسۈپ خەلىپە ئەلەيھىررەھمەمۇ خوتەندىن مۇرىت، مۇخلىس ۋە ئېتىقادلىق كىشىلىرى بىلەن كېلىپ ھەزرىتى ئەزىزلەر بوسۇغىسىنى تاۋاپ قىلىشقا مۇيەسسەر بولدى. ھەزرىتى ئەزىزلەر ئۇ ئىككى ئۇلۇغ خەلىپە ھەققىدە دۇئايى خەير قىلىشتى. قەشقەرلىكلەرمۇ بۇ ئۇلۇغلارنى بىر كۆرۈپلا بويسۇنۇشتى. ئەزىزلەر قەشقەردىن يەكەنگە كېلىشتى، يەكەندىكى ئۇلۇغلارمۇ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قارشى ئېلىشقا چىقىشتى. ئۇلار ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن ئابدۇكېرىم خانمۇ ھەزرىتى ئەزىزلەرنىڭ سۆھبىتىگە كەلدى. ئۇلار خىلۋەت ئۆي (ئىبادەتخانا)دە ئىدى. خاننىڭ كەلگەنلىكى ھەزرىتى ئەزىزلەرگە يەتكۈزۈلدى. ھەزرىتى ئەزىزلەر خاننىڭ ئالدىغا چىقىشنى لازىم تاپتى. لېكىن خەلىپەلەر: «ئابدۇكېرىم خان بولسا بىر سەھرالىق موغۇل، سەل كېچىكىپرەك بارغان ياخشىمىكىن» دېيىشىپ توسۇشتى. شۇ سەۋەبتىن كېچىكىشتى. ئابدۇكېرىم خان بىلەن خوجا ئوبەيدۇللالار مۇھەممەت ۋەلى سوپىنىڭ مۇرىتى ئىدى، شۇ سەۋەبلىك خاننىڭ خاتىرىسىگە ئېغىر كەلگەن ئىدى. خوجا ئوبەيدۇللا كۆرەلمەسلىكتىن: «بىز ھازىر ئوردىغا قايتىپ كېتەيلى!» دېدى. خانمۇ بۇ سۆزگە قوشۇلۇپ دەرھال ئوردىغا قايتىشتى. شۇ سەۋەبتىن خان بىلەن ھەزرىتى ئەزىزلەر ئارىسىدا بىر ئاز سوغۇقچىلىق پەيدا بولۇپ قالدى. ھەزرىتى ئەزىزلەر بىر مەزگىل

تۇرۇپ، كىشىلەرنى تەرىقەت يولىغا باشلىدى، ئاندىن كېيىن خوتەن تەرەپكە سەپەر قىلىشتى. توغۇز كەنتنىڭ ئادەملىرى ئالدىغا چىقىپ، بىللە كېلىپ خىزمەتتە بولۇشتى. ئېتىقاد، ئىخلاس بىلەن ھاجەتلىرىنى ئىزھار قىلىشتى. ھەزرىتى ئەزىزلەر خوتەن مەملىكىتىگە يېتىپ كەلگەندە، قۇرەيش سۇلتان ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا قارشى ئېلىشقا چىقتى. ھەممە ھاجەتمەنلىكىنى بىلدۈردى. ھەزرىتى ئەزىزلەر ئىمام زەبىھۇللانىڭ مازارىغا بېرىپ قايتىپ كېلىپ ئۈچ يىل «چىرا» دېگەن يەردە تەرىقەتتە يول تاپالمىغان كىشىلەرنى تەرىقەتكە باشلاش بىلەن شۇغۇللاندى.

قۇرەيش سۇلتاننىڭ ئايالى ۋاپات بولدى. ھەزرىتى ئەزىزلەرگە كىشى ئەۋەتىلدى. قۇرەيش سۇلتان ئۆزىنىڭ خۇدابەندە سۇلتان ناملىق ئوغلىنى ھەزرىتى ئەزىزلەر خىزمىتىگە تۇتۇپ بېرىپ، ئېتىقادچى مۇخلىس بولغان ئىدى. ھەزرىتى ئەزىزلەر كەلدى. قۇرەيش سۇلتان يىغلاپ تۇرۇپ كۆرۈشتى. ھەزرىتى ئەزىزلەر ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدى، قۇرەيش سۇلتان ئۆيگە يالغۇز كىرىپ كېتىپ: «ئايالىمنى تىرىلدۈرۈپ بەرسۇن!» دەپ ھەزرىتى ئەزىزلەرگە ئادەم چىقاردى. ھەزرىتى ئەزىزلەر ئاچچىقلاپ: «بۇنداق گەپ بولسا بالدۇرراق ئېيتمامدىغان! ئەمدى پايدىسى يوق» دېدى. ئەلچى چىڭ تۇرۇۋالدى. ھەزرىتى ئەزىزلەر قۇرەيش سۇلتاندىن رەنجىپ ئاقسۇ تەرەپ-



-كە راۋان بولۇشتى. ئۇلار يولغا چىقىپ: «ئەي قۇرەيش، ئەمدى سېنىڭ ئەۋلادىڭ پادىشاھلىقتا ئىرىشەلمىگەي» دېدى. ئۇلار ئاقسۇ مەملىكىتىگە كىرىپ كەلدى. ئۇ چاغدا مۇھەممەتخان ئاقسۇدا ئىدى. ئۇ ئۈچ كۈنلۈك يولغا ئالدىغا كېلىپ ئەزىزلەرنى قارشى ئېلىپ، خىزمەتتە بولدى. مۇھەممەتخان ئەزىزلەرگە ياخشىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن مۇھەممەتخانغا: «سېنىڭ ئەۋلادىڭ پادىشاھ بولغاي» دېدى. ئەزىزلەر ئاقسۇغا چۈشتى.

ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ھەزرىتى ئەزىزلەرنىڭ مۇبارەك قەدەملىرىنى غەنىمەت بىلىپ، چىن دىلىدىن ھويسۇنۇپ مۇرىت بولۇشتى. بىر بۆلۈك قارا قورساقلار ھويسۇنمىدى.

ھەزرىتى ئەزىزلەر، قۇتلۇق مۇھەممەت مىرزا جوراستىن سورىدى: «ئەي قۇتلۇق مۇھەممەت، ئادەملەر نېمىشقا بىكار يۈرۈيدۇ؟» قۇتلۇق مۇھەممەت مىرزا ئۆرە تۇرۇپ ئېيتتى: «مەن بېرىپ ئادەملەرگە ئوچۇق ئېيتاي» قۇتلۇق مۇھەممەت مىرزا بېرىپ ئاقسۇلۇققا ئېيتتى: «ئەي يارانلار ھەزرىتى ئەزىزلەرنىڭ بۇ تەۋەلىككە كەلگەنلىكى بۇ دۇنيانىڭ زىننىتى، ئاخىرەتنىڭ نىجاتلىقى. بۇ ئەزىزلەر بوسۇغىسىنى تاۋاپ قىلىش دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ سائادىتى ھېسابلىنىدۇ».

ئاقسۇلۇقنىڭ ئارىسىدىن بىر كىشى ئالدىراپ سۆز باشلاپ: «ۋىلايەتتىن كىملا كەلسە مەن خوجا،

مەن ئەزىز دەيدىكەن...» دېدى. گەپ مۇشۇ يەرگە
كەلگەندە ئۇشتۇر خەلىپە① ئەلەيھىررەھمە ھەزرىتى
ئەزىزلەر بىلەن ئاقسۇلۇق ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا
چۆگىلەپ ئايلىنىشقا باشلىدى. بىر ئاز ئايلانغاندىن
كېيىن قولىدىغا بىر ھاسىنى ئالدى - دە، ھېلىقى ئىن-
كار قىلغۇچى ئادەمنى ئۇرۇپ يەرگە چاپلىۋەتتى.
ئاقسۇلۇق ئادەملەر ئۇشتۇر خەلىپە ئەلەيھىررەھمە-
دىن بۇ كارامەتنى كۆرۈش بىلەن قايتىدىن ئېتى-
قاد باغلاپ ھەزرىتى ئەزىزلەرگە ئىخلاس قىلىشتى ۋە
قۇتلۇق مۇھەممەت مىرزا جوراس باشچىلىقىدا قول
بېرىشتى. ھەزرىتى ئەزىزلەر قۇتلۇق مۇھەممەت مىر-
زا ۋە ئۇنىڭ بىر تۇغقىنى مومۇق مىرزالار ھەققىدە
دۇئايى خەير قىلدى. بۇ مىرزالار ھەزرىتى ئەزىزلەر-
دىن پەرزەنت تەلەپ قىلىشتى. ھەزرىتى ئەزىزلەر
ئۇلارغا يەنە دۇئا قىلدى. ئاشۇ دۇئانىڭ بەرىكەتىدىن
قۇتلۇق مۇھەممەت مىرزا پۇشتىدىن سەككىز ئوغۇل،
تۆت قىز، مومۇق مىرزا پۇشتىدىن بەش ئوغۇل، يەت-
تە قىز ۋۇجۇدقا كەلدى.

قۇتلۇق مۇھەممەت مىرزا جوراس بولسا ھانا
شۇ باش - ئايىغى يوق ۋاراقلارنى قوراشتۇرغۇچى-
نىڭ (ئاپتور ئۆزىنى دېمەكچى) ئۈچىنچى بوۋىسىدۇر.
ئەلقىسسە، ھەزرىتى ئەزىزلەر كۆسەن (كۇچار)
تەرەپكە راۋان بولۇشتى. ئۇشتۇر خەلىپە ئەلەيھىررە-

① ئۇشتۇر خەلىپە — خوجا ئىسھاق قىلغان مەشھۇر خەلىپىلەردىن بىرى.



ھمە تۇرپانغا ئەۋەتىلدى. ھەزرىتى ئەزىزلەر كۇچارغا
چۈشتى. كۇچار ئادەملىرى ئىككىلەنمەيلا بويسۇنۇشتى.
ئۇشتۇر خەلىپە تۇرپانغا يېتىپ كېلىپ تۇرپانلىقلار
بىلەن ئۇچراشتى. تۇرپانلىقلار بويسۇنمىدى. ئۇلار
ھەزرىتى ئالىپ ئاتاغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇشتۇر خەلى-
پە ئالىپ ئاتا ھەزرەتلىرىنىڭ نۇرغا تولغان قەبرىس-
تانلىقىغا بېرىپ، ئالىپ ئاتانىڭ قەبرىسىگە مىندى.
قەبرە ھەرىكەتكە كېلىپ، ئۇشتۇر خەلىپىنى يەرگە ئات-
تى. ئۇشتۇر خەلىپە سەكرەپ قوپۇپ يەنە مىندى،
يەنە ئاتتى. قەبرە يېرىلىپ بىر شىر كۆرۈندى. ھەز-
رىتى ئەزىزلەر روھانە جەھەتتىن ئۇشتۇر خەلىپەنى
ھىمايىسىغا ئېلىپ قۇتۇلدۇرۇۋالدى. تۇرپان، جالىش①
ئادەملىرى ھاجەتلىرىنى ئىزھار قىلىشتى. ئۇش-
تۇر خەلىپە ئۇلار بىلەن خەيرلىشىپ ھەزرىتى ئەزىز-
لەرنىڭ خىزمىتىگە قايتتى. ئاندىن كېيىن ھەزرىتى
ئەزىزلەر سېغىنغان ۋەتىنى سەمەرقەنتكە يېنىشتى.

يارانلاردىن بىرسى ھەزرىتى ئەزىزلەرگە ئەرز
قىلدىكى: «ئابدۇكېرىم موغۇل يوق بولۇپ كېتىپتۇ،
بىر تەۋەججۇھ قىلىپ قويسىلا»

ھەزرىتى ئەزىزلەر ئېيتتى: «ئابدۇكېرىمخان ئا-
دىل پادىشاھ، ئۇنى ھەزرىتى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ
ئەلەيھى ۋەسسەللەم تەربىيەت قىلىدۇ»

ئاللا ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.

① جالىش — كورلا، قارا شەھەر

## ئابدۇكېرىمخاننىڭ پادىشاھلىقى ۋە ھاياتى

ئابدۇكېرىمخان خاقانلىق تەختىدە 30 يىل ئولتۇردى. ئۇنىڭ دەۋرىدە مەملىكەت تەرەققىي قىلىپ جەننەتتەك بولۇپ كەتتى. ئۇ 33 يىل پادىشاھلىق قىلدى.

ئۇ، ئاللاتائالاغا: «ئىلاھى سەندىن ئۈمىد قىلىمەنكى، جانابى پەيغەمبەر ھەزرىتى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالاممۇ 63 يېشىدا، دارولپەنادىن (بۇ دۇنيادىن) دارولبەقاغا (ئاخىرەتكە) سەپەر قىلغان ئىكەن، مەنمۇ شۇ ئۇلۇغ سۈننەتتىن ئېشىپ قالمىسام» دەپ مۇناجەت قىلاتتى. ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولدى، يەنى يېشى 63 كە يەتكەندە خۇدانىڭ رەھمىتىگە مۇيەسسەر بولدى.

## مۇھەممەتخاننىڭ دەسلەپكى ئەھۋالى ۋە شۇ كۈنلەردە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر

مۇھەممەتخان ئابدۇرېشىتخاننىڭ بەشىنچى ئوغلى بولۇپ، جانى بەگخاننىڭ ئوغلى ئەدىك سۇلتاننىڭ قىزى چۈچۈك خانىمدىن تۇغۇلغان. ئابدۇلېتىپ سۇلتاندىن كېيىن ئابدۇرېشىتخان ئۇنى ئاقسۇنىڭ خانلىقىغا تەيىنلىگەن. ئۇ كۈنلەردە كۇچار مەنسۇرخان ئوغلى شاھخاننىڭ قولىدا ئىدى. شاھخان بولسا يۈرەكلىك، باتۇر پادىشاھ ئىدى. لېكىن زالىم، لەشكەر توپلاپ ئۇرۇش قىلىپلا يۈرىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ توراي سۇلتان ناملىق بىر ئوغلى بولۇپ ئۇنىڭدىن كىچىككىنە بىر گۇناھ يۈز بېرىشى ھامان ئەمەلدارلىرىنىڭ كاتتىسى — شەھيار ئىلىقچىغا «سەن تورايىنى ئۆلتۈرگىن» دەپ بۇيرۇق قىلدى. شەھيار قىلچە ئىككىلەنمەستىن توراي سۇلتاننى ئۆلتۈردى.

مەنسۇرخان يارىكە بەگكە ئەمىن خوجا سۇلتاننى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق قىلغاندا، يارىكە ئەمىن خوجا سۇلتاننى يوشۇرۇپ قويۇپ، ئۆلتۈردۈم دەپ مەلۇم قىلغان. كېيىن بىر كۈنى ئەمىن خوجا سۇلتان كېرەك بولۇپ قالغاندا يارىكە بەگ ئۇنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەن. مەنسۇرخان ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، يارىكە ئاتىغا كۆپ ئادەمگەرچىلىك قىلغان. شاھخانمۇ شەھيار ئىلىقچىدىن شۇنداق قىلىشنى ئۈمىد قىلغانىكەن. لېكىن شەھيار ئۇنى چۈشەنمەي توراي سۇلتاننى ئۆلتۈرۈپ قويدى. شاھخان قالماقلارغا قارشى جەڭ قىلماقچى بولدى. شەھيارنى چاقىرىپ «تورايىنى تىرىلدۈرۈڭلار!» دېدى. شەھيار: «توراي سۇلتان مەھشەر كۈنى تىرىلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. شاھخان ئاچچىقلىنىپ: «ئەي تىگى پەس ئىلىقچى! مەن سېنى يارىكەنىڭ مەرتىۋىسىدىنمۇ يۇقىرىراق مەرتىۋىگە يەتكۈزۈپ قويدۇم. ئەمما ئىشىڭ شۇنچىلىك! بىز ئەمدى ئاجىزلىق قىلىمىز، بۇنى سەن ۋە بىزلا بى-

لىمىز» دېدى - دە، قالماق تەرىپىگە راۋان بول-
دى. قالماقلارغا يېتىشىپ دېيەرلىك ھالدا ئولجا.
ئەسىرلەرنى قولغا چۈشۈرۈپ قايتىشتى. قالماقلار
ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىپ يۈزمۇ يۈز تۇ-
تۇشتى. شاھ خانمۇ ئۇرۇش سېپىنى تۈزۈپ قاتتىق
تۇتۇش قىلدى. ناھايىتى دەھشەتلىك جەڭ بولدى.
شۇ چاغدا شەھيار ئۆزىنىڭ يېقىنلىرى بىلەن ئو-
رۇق - تۇغقانلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۇرۇش سېپىنى
بۇزۇپ، تۇزكورلۇقىنى ئاشكارىلاپ قېچىپ كەتتى. نەتى-
جىدە شاھ خان مەغلۇپ بولدى. لېكىن شۇنداقتىمۇ
ئۇ مەردانىلىق بىلەن شېھىتلىق شەربىتىنى ئىچتى.

ئەلقىسسە، مۇھەممەت خان (ئاللا ئۇنى مەڭگۈ جەن-
نەت باغچىلىرىدا قىلغاي!) ئاقسۇنى قولغا ئېلىپ
ئاۋات قىلىۋەتتى. كۈنلەردىن بىر كۈنى مۇھەممەت
خاننىڭ بىر مەرىكىسىدە شاھ خان قىزىنىڭ گۈزەللى-
كى ھەققىدە گەپ بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ بىلەن مۇ-
ھەممەت خاننىڭ شاھ خاننىڭ قىزىنى ئالغۇسى كېلىپ
قالدى. شۇ چاغدا شاھ خان قالماقلار تەرىپىگە ئاتلى-
نىپ ماڭغان ئىدى. مۇھەممەت خاننىڭ يېقىنلىرى
ئۇنىڭغا: «شاھ خاننىڭ قىزى كۇچاردا ھەر كۈنى بىر
قەلئەگە چىقىپ تاماشا قىلىپ ئايلىنارمىش. ۋاقىت
غەنىمەت، بېرىپ ئېلىپ كېلەيلى!» دەپ مەسلىھەت
بەردى. بۇ مەسلىھەت مۇھەممەت خانغا ماقۇل كېلىپ
كۇچار تەرەپكە راۋان بولدى.

شاھ خان 100 نەپەر قوراللىق كىشىنى قىزىغا



مۇئەككەل قىلىپ، ھەر قانداق ئورۇنغا چۈشكەندە
مۇھاپىزەت قىلىشنى تاپشۇرغان ئىكەن. ئۇلار بىر
كۈنى كۇچار قەلئەسىدىن يىراقراق بىر كىچىك قەل-
ئەگە چۈشكەن ئىدى. مۇھەممەت خان ئاقسۇدىن كېلىپ
بۇ قەلئەنى مۇھاسىرىگە ئالدى. لېكىن قىز خانىمغا
مەسئۇل بولغان خادىملار دەرھال خانىمنى ئېلىپ
كۇچار قەلئەسى تەرىپىگە قاراپ راۋان بولۇشتى.
مۇھەممەت خاننىڭ ئادەملىرى يولنى بوشىتىپ بېرىشتى.
قىز خانىمنىڭ ئايىغىنى كىيگۈزۈشكىمۇ پۇرسەت بول-
مىدى. مۇھەممەت خان بىئارام بولۇپ ئاقسۇ تەرەپكە
ياندى.

شاھ خاننىڭ قىزى يالىڭاياق ھالدا ۋەتىنىگە
يېتىپ باردى. شۇ ئارىدا شاھ خان لەشكەردىن قاي-
تىپ ئوردىغا چۈشۈپ تۇرغان ئىدى. قىز ئاجايىپ
بىسەرەمجان ھالدا يېتىپ كەلدى. شاھ خان قىزىنىڭ
ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كۆرگىنىدە قىز خانىمغا مەس-
ئۇل بولغان كىشىلەر پادىشاھقا: «مۇھەممەت سۇلتان
لەشكەر تارتىپ كېلىپ بىزنى قورشىۋالدى. بىز كې-
چىدە يۈز ھىيلە بىلەن خانىمنى ئاران ئېلىپ كەل-
دۇق» دېدى. پادىشاھ غەزەپلىنىپ «مۇھەممەت قىزىم-
نى ئەسىر ئېلىش يولى بىلەن ئالماقچىمىكىن؟ ئەل-
چى ئەۋەتىپ، ئېغىز ئاچقان بولسا ئۇنىڭغا بەرمەي
كىمگە بېرەتتۇق؟ ئۇ مېنىڭ قىزىمنى ئولجا
ئالماقچى بولۇپتۇ، ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئالمىغۇچە ھەر-
گىزمۇ توختىمايمەن!» دېدى - دە، مۇھەممەت خاننىڭ

ئارقىسىدىن ئاقسۇ تەرىپىگە لەشكەر تارتتى. مۇھەممەتخان شاھ خاننىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، قەلئەنىڭ ياراغ جابدۇقلىرىنى تەييارلىدى. شاھ خان كېلىپ ئاقسۇنىڭ قەلئەسىنى قورشىدى. قورشاش ئۇزاققا سوزۇلدى. مەقسىتىگە يېتەلمىگەن شاھ خان نائۈمىد قايتتى. بىر مۇنچە نامرات لۈكچەكلەر بىر خوتۇننى تۇتۇپ، بىر ياغاچنىڭ ئۇچىغا چىگىپ شاھ خانغا ھاۋالە قىلىپ (دارىتىپ) قوپال - سەت سۆزلەرنى قىلدى. شاھ خاننىڭ تۇرارغا تاقىتى قالماي، ئاللانىڭ دەرگاھىغا ئىلتىجا قىلىپ، ئاقسۇنىڭ ئوردىسىنى قايتا مۇھاسىرە قىلدى. بىر كېچە ھىيلە تەدبىر بىلەن ئاقسۇنىڭ ئوردىسىنى ئالدى. مۇھەممەتخان بولسا «ئەرك...»①كە قامىلىپ قېلىش بىلەن ئىش قىيىنغا چۈشتى. مۇھەممەتخان دەرھال ھەزرىتى خوجا قاسىم ئوغلى مىر خوجا يۈسۈپنىڭ ئوغلى مىر مەھدى شاھنى (ئاللا بۇ كىشىنىڭ قەبرىسىنى نۇرلۇق قىلغاي) شاھ خاننىڭ ئالدىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. مىر مەھدى شاھ قۇرئاننى قولىغا ئېلىپ يولغا راۋان بولدى. «ئەرك...»نىڭ دەرۋازىسىدا شاھ خان بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. مىر مەھدى شاھ ئەلچىلىك مەزمۇنىنى شاھقا يەتكۈزۈش بىلەن شاھ خان غەزەپكە كېلىپ: «مەزكۇر مىر مەھدىنى ئېگىزدىن پەسكە تاشلاڭلار» دەپ بۇيرۇق قىلدى. بۇيرۇققا بىنائەن ئېگىزدىن پەسكە ئېتىلغاندىن كېيىن مىر مەھدى شاھ

① ئەرك — ئوردا ياكى ساراي بولسا كېرەك.



بىر قانچە كۈن دەردكە مۇپتىلا بولدى. شاھ خان «ئەرك...»كە چۈشتى، مۇھەممەتخاننى پادىشاھلىق ئاساسىنىڭ ھەمراھلىقىدا شاھ خاننىڭ ئالدىغا تۇغىنى پۇتىغا باغلا ئېلىپ كېلىشتى. كونا قائىدە شۇنداق ئىدى. شاھ خان ئاقسۇنىڭ ئەرلىرىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق قىلدى. بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ ئەلگە ھەر خىل ئازابلارنى سالدى. مۇھەممەتخاننى ئۆزى بىلەن بىللە جالىشقا ئېلىپ كەتتى.

جالىشدا چوڭ بىر كۆل بولۇپ، ئۇ كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قۇرۇقلۇق بار ئىدى. تۈركلەر ئۇنى ئارال دەيدۇ. مۇھەممەتخاننى، مۇھتەرەم ئايالى مېھرىنوش بېگەمنى ئۇلارغا بىر خادىمنى ھەمراھ قىلىپ ئاشۇ ئارالغا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلار بەش ئاي شۇ جايدا تۇرۇشتى. لېكىن مۇھەممەتخان چىن يۈرىكىدىن شۈكۈر ئېيتتى. ئۇنىڭ «شەھىدخان» دەپ داڭلانغان شاھى شۇجا ئۇددىن ئەھمەدخان دېگەن ئوغلى مۇشۇ ئارالدا تۇغۇلدى.

ئابدۇكېرىمخان بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئەلچى ئەۋەتىپ شاھ خانغا: «مۇھەممەت بىزگە نىسبەتەن پەرزەنتىمىزنىڭ ئورنىدا، ئۇنىڭ خاتالىقىنى ئۆتسىلە!» دېدى. شاھ خان دەرھال ماقۇل بولۇپ مۇھەممەتخان، مېھرىنوش بېگەم ۋە ئۇلارنىڭ ئەل - ئاغىنىلىرىنى ئابدۇكېرىمخاننىڭ ئالدىغا يولغا سېلىپ قويدى. ئابدۇكېرىمخان مۇھەممەتخانغا نۇرغۇن ھەدىيەلەرنى ئىنئام قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مۇ-

ھەممەتخان بىر قانچە ۋاقىت ئۆزىنىڭ چوڭ ئاكىسى ئابدۇكېرىمخاننىڭ سۆھبىتىدە بولدى. سوپى سۇلتان قەشقەردە ۋاپات تاپقاندىن كېيىن مۇھەممەتخان سوپى سۇلتاننىڭ ئورنىغا ئەۋەتىلدى.

## سوپى سۇلتاننىڭ ئاقىۋىتى

سوپى سۇلتان خۇش سۇرەت، گېپى چىرايلىق، يۈرەكلىك، پادىشاھزادە ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ كاللىسىدا مەغرۇرلۇق بىلەن تەكەببۇرلۇق ئارىلىشىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ مىرزا زېرەك ئەلەيھىررەھمەنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ، كۆرگۈسى كەلدى. ھەسەتخورلار سوپى سۇلتانغا: «مىرزا زېرەك خۇدالىق داۋاسى قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ھېساب ئالايلى!» دېدى. سوپى سۇلتان بۇ سۆزگە قوشۇلۇپ، بەشكېرەم دېگەن جايغا بېرىپ، مىرزا زېرەكنى ئىزدەپ تېپىپ، كۆلگە تاشلىدى. سۇ بىر ئىلىك مىقدارى مۇز تۇتقان ئىكەن. سۇلتاننىڭ ئادەملىرى قولىرىغا ئۇزۇن ياغاچ ئېلىپ كۆلنى قورشاپ تۇرۇشتى، مىرزا تاشقىرىغا چىقماقچى بولسا سۇلتاننىڭ ئادەملىرى كۆلگە تاشلايتتى، مىرزا سەۋرى قىلىپ زۇلۇمغا بەرداشلىق بەردى. ئۇلار ھەزرىتى ۋىلايەت مەئاپ مىرزا زېرەك ئەلەيھىررەھمىگە كۆپ بىئەدەبلىك، قوپاللىق قىلىشتى. مىرزا بىتاقەت بولۇپ، سوپى سۇلتان تەرىپىگە راۋان بولدى. سوپى سۇلتان كۆلنىڭ لېۋىدە ئولتۇرۇپ



تاماشا كۆرۈۋاتاتتى. مىرزا سوپى سۇلتاننىڭ قېشىغا يېقىنلاپ كەلدى ۋە ئېيتتىكى: «ئەي بەد بەخت، باتىنىڭغۇ قارىغۇ ئىدى، ئەمدى زاھىر كۆزۈڭمۇ كور بولغاي» بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كىشىلەر تىترىشىپ كەتتى. مىرزا ئوردا بېگى يىغلاۋېتىپ: «بىز قىلمايدىغان بىر ئىشنى قىلىپ سالدۇق، بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئورنىنى تولۇقلىۋالارمىز!» دېدى. بەزى خۇشامەتگۇيلار ياخشىچاق بولۇپ: «خۇدالىق دەۋاسى قىلغان ئادەمنىڭ قاغىشى قانچىلىك تەسىر قىلالايدۇ» دېيىشتى.

سوپى سۇلتان ئاتلىنىپ شام پادىشاھىنىڭ مازارىغا يېتىپ كەلدى. مازارنىڭ ئالدىنى نىشان قىلىپ ئوق ئېتىپ ئوينايمىز، دەپ سۇلتان ئېتىنى چاپتۇرۇپ بېرىپ ئوق ئاتتى. قازاھى ئىلاھى يېتىپ، مىنگەن ئېتىنىڭ تۇۋىقىدىن چاچرىغان ئۇششاق تاشلار سەكرەپ چىقىپ، ئۇنىڭ كۆزىگە كىردى. كۆزى ئاغرىشقا باشلىدى. سوپى سۇلتاننىڭ چىرايلىق قوي كۆزى ئاخىر كۆرمەس بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئايالى ئوردا بىكە مەمۇ ئاتلىق ئىدى. بۇ ئايال سۇلتاننىڭ كۆزى ئېچىلىپ قالارمىكىن دېگەن ئۈمىدە ئىككى داستىخان تىللانى ئېلىپ مىرزانىڭ ئالدىغا كەلدى. تىللالارنى مىرزانىڭ ئالدىغا قويدى. ئۇ يەردە بىر ئىت تۇراتتى. مىرزا: «بۇ تىللالارنى ئىتنىڭ ئالدىغا قويۇڭلار!» دېدى. ئىتنىڭ ئالدىغا قويۇشتى. ئىت ئاران بىر قېتىم پۇراپ قويۇپ ئۇنىڭ‍

دىن ئارتۇق نەزەر قىلمىدى. مىرزا يىغلاپ تۇرۇپ: «بۇ چىركىن - نىجىس نەرسەڭلارنى ئەپكېتىڭلار! ئىت قوبۇل قىلمىغان يەردە بىز قانداق قوبۇل قىلىمىز؟» دېدى. بېكەم خانىم ناھايىتى كۆپ زارى تەزەررۇ بىلەن ئىلتىجا قىلدى. مىرزا: «سەكرەپ چىققان ئوق يېنىپ كەلمەيدۇ» — دېدى بېكەم ۋە باشقا كاتتىباشلار نائىلاج قايتىشتى. بىر يىلدىن كېيىن سوپى سۇلتان دۇنيادىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئورنىدا قەشقەر، يېڭىسارغا مۇھەممەت خان ۋالىي بولدى. بۇ كىشىنىڭ دەۋرىدە مەملىكەت شۇنداق ئاۋات بولدىكى، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇنىڭ تەسىرى بار.

مۇھەممەت خان قەشقەر مەملىكىتىدە ئولتۇرۇپ ئاقسۇ، ئۇچتۇرپاننى مۇھەممەت باقى سۇلتانغا ئىلان قىلدى. مۇھەممەت باقى سۇلتان ئابدۇرېشىت خاننىڭ سەككىزىنچى ئوغلى ئىدى. ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان شەھىرى ئۇنىڭغا بېكىتىلىپ، ئۈچ يىلدىن كېيىن ئۇ ئالەمدىن ئۆتتى. ئابدۇكېرىم خان ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان مەملىكىتىنى تا كۇچارغىچىلىك ئۆزىنىڭ بىر تۇغقىنى مۇھەممەت خانغا تاپشۇردى، ئۇ يەرلەرنى مۇھەممەت خاننىڭ ئوغلى شاھى شوجا ئۇددىن ئەھمەت خان باشقۇرىدىغان بولدى.



## ھەزرىتى مۇھەممەت خاننىڭ خانلىق تەختىگە ئولتۇرغىنى ۋە پادىشاھلىق تۈزۈمى

ئىشەنچلىك زاتلارنىڭ سۆزلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئابدۇكېرىم خان (ئاللا ئۇنىڭ گۆرىنى نۇرلۇق قىلغاي) بۇ پانىي دۇنيادىن مەڭگۈلۈك سارايغا كۆچتى، ئۇ چاغدا مۇھەممەت خان چۇ ۋە تالاسقا لەشكەر تارتىپ كەتكەن ئىدى. ئابدۇرېشىت خاننىڭ ئالتىنچى ئوغلى ئەبۇ سەئىد سۇلتان ئابدۇكېرىم خاننىڭ ۋاپات بولغىنىنى ئاڭلاپ خوتەندىن يەكەننىڭ قەستىنى قىلدى. مىرزا مۇھەممەت ياقۇپ دوغلات ۋە باشقا كاتتىباشلار ئەبۇ سەئىد سۇلتانغا كىشى ئەۋەتىپ: «سۇلتانىم، مۇھەممەت خان چۇ، تالاستىن قايتىپ كېلىپ بولغۇچە خوتەنگە يېنىپ، ئاندىن كېيىن بارغان ياخشىراق بولاتتى» دەپ تەلەپ قويىدى. ئەبۇ سەئىد سۇلتان مۇكۇيلا دېگەن جايغا چۈشكەن ئىدى. كاتتىباشلاردىن بىرى يېتىپ كېلىپ ئۇنىڭ ئەلچىلىك مەزمۇنىنى ئادا قىلدى. مىرزا تەگرى بەردى بارلاس سۇلتاننىڭ ۋەزىرى ئىدى. سۇلتانغا: «بۇ قېتىم بېرىشقا رۇخسەت يوق، بېرىش توغرا ئەمەس، ئەگەر قايتمايدىغان بولساق مۇھەممەت خاننىڭ كۆڭلىگە كېلىدۇ،». دەپ ئۆز ۋەتىنىگە قايتىشتى، ئابدۇكېرىم خاننىڭ ۋاپاتىدىن ئۈچ ئاي ئۆتكەندە مۇھەممەت خان لەشكەردىن كېلىپ پادىشاھلىق تەختىدە ئورۇن ئال-

دى. ئەبۇ سەئىد سۇلتاننى قەشقەر، يېڭىسارنىڭ خان-
لىقىغا ئەۋەتتى. ئەمىر تەكرى بەردىنى ئۇنىڭ ۋە-
زىرى قىلدى. ئابدۇكېرىمخاننىڭ ئوغلى شاھ مۇھەم-
مەت ھەيدەر سۇلتاننى خوتەننىڭ ھاكىمى قىلىپ
يولغا سالدى. مىرزا مۇھەممەت ياقۇپ دوغلاتنىڭ
ئوغلى مىرزا يۈسۈپنى سۇلتاننىڭ ۋەزىرلىكىگە ئېلان
قىلدى. ئەمىر مۇھەممەت ياقۇپ مۇھەممەتخان تەخت-
كە ئولتۇرغاندىن كېيىن كىرىيەگە بېرىپ كۆز يۇم-
دى، مەملىكەت مۇھەممەتخانغا قاراشلىق بولدى.
قاغىلىق ناھىيىسىنى يۇنۇس سۇلتانغا، سىرىق قول،
ۋاخان شەھەرلىرىنى ئابدۇرېھىمخانغا (بۇرۇنقى قائى-
دە بويىچە) بەردى. ئۇ چاغدا ئابدۇرېھىمخان 33
ياشتا ئىدى. مۇھەممەتخان ئۇنىڭ ساقلىدىكى ئاق-
نى كۆرۈپ سورىدى: «ئەي ئەزىز، ھېلىتىن، ساق-
لىڭىزغا ئاق كىرىدىمۇ نېمە؟» ئابدۇرېھىمخان: «ھە ئە،
ھەزرىتى ئابدۇكېرىمخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن
ساقلىمغا ئاق كىردى» دەپ جاۋاب بەردى. ئابدۇ-
رېھىمخاننىڭ بۇ جاۋابى مۇھەممەتخانغا ئېغىر كەل-
دى. بۇ ھالنى سەزگەن ئابدۇرېھىمخان پۇشايمان
قىلدى.

ئەلقىسسە ، مەملىكەت مۇقىملاشتى. يەكەن ھۆ-
كۈمرانلىقى مىرزا شاھقا بېرىلدى. خوجا لېتىپ
تامغا ئىگىسى قىلىپ ئەركىن ۋەزىرلىككە كۆتۈرۈل-
دى، مىرزا غىياس ساغرىچى قوش بېگى، ئۈچ بېگى
دەپ سايلاپ كاتتىباشلارنىڭمۇ كاتتىبېشى قىلىندى.



ئىشىك ئاغا گىردىنى مىرزا ئابدۇللا ئاق بوراقنى ئىن-
تام قىلىشتى، مەملىكەتنىڭ ئىشلىرى تۆت ئەمىرگە
تاپشۇرۇلدى.

## ئۆزبېكلەرنىڭ قەشقەر، يەكەن ۋىلايەتلىرىگە لەشكەر تارتقىنى ۋە مەقسىتىگە ئېرىشەلمەي قايتقىنى

ئىشەنچلىك كىشىلەرنىڭ بەزىسى شۇنداق نە-
قىل كەلتۈرىدۇكى، ئابدۇكېرىمخاننىڭ ۋاپاتىدىن
ئۈچ يىل ئۆتكەندە، ئابدۇللاخان ئۆزبېك 100·000
دەك لەشكەر توپلاپ ئۆزبېك سۇلتان، غوجام قۇلى
قوش بېگىلەرنى لەشكەر باشلىقى قىلىپ قەشقەر
تەرەپكە راۋان بولدى.

بۇ ۋەقەلىكنىڭ تەپسىلىي مۇنداق: مۇھەممەت-
خان (ئاللائۇنى مەڭگۈ جەننەت باغچىلىرىدا قىلغاي)
ئەبۇ سەئىد سۇلتاننى قەشقەرگە ئىبەرتكەندە: «ئەبۇ
سەئىد سۇلتاننىڭ ھوقۇقى قەشقەر، يېڭىسارغا ئۆتىدۇ.
خان ئۇنىڭغا ئارىلاشمايدۇ» — دېگەن ئىدى. شۇنىڭ-
دىن كېيىن سۇلتان قەشقەردە ئەركىن بولۇپ كەت-
تى، مۇھەممەتخان بىر ئادەمنى مەنسەپ بېرىپ قەش-
قەرگە ئەۋەتكەندە، ئەبۇ سەئىد سۇلتان ئۇ ئادەمگە
ھوقۇق بەردى. مۇھەممەتخان يەنە بىر ئادەمنىمۇ
ھوقۇق بېرىپ ئەۋەتكەندە ئەبۇ سەئىد سۇلتان ئۇ
ئادەمنىمۇ ئېتىراپ قىلدى. مۇھەممەتخان ئۈچىنچى

بىر ئادەمنى مەنسەپ بېرىپ قەشقەرگە ئەۋەتتى.
بۇ قېتىمدا ئەبۇ سەئىد سۇلتان بۇ ئادەمگە ئۆزى
جاۋاب بەرمەي ۋەزىرى تەگرى بەردى مىرزا باي-
لاسقا ئىتتىرىپ قويدى. ئۇ پادىشاھلىق قىلىمەن
دەپ كەلگەن ئۇچىنچى كىشى تەگرى بەردى مىرزا
بارلاسنىڭ ئالدىغا باردى. مىرزا تەگرى بەردى
ئۇ ئادەمگە: «سىلە يالغان ئېيتىۋاتىسىلا، خان
ھەزرەتلىرى قىزىل دېگەن جايغىچە سۇلتانىمغا بويى-
رۇۋەتكەن» دېدى. ئۇ كىشى قايتىپ بېرىپ، خانغا
ئەرز قىلىپ، بولۇپ ئۆتكەن گەپ - سۆزلەرنى بىر-
بىرلەپ يەتكۈزدى. خان ئۇ ئادەمنى ئەستىقنامە بې-
رىپ يەنە ئەۋەتتى. ئۇ ئادەم قەشقەرگە كېلىپ ئەس-
تىقنامىنى تەگرى بەردى مىرزاغا بەرمەكچى بولدى.
تەگرى بەردى مىرزا ئەمىر مۇھەممەت بارلاسنىڭ
كەنجى ئوغلى بولۇپ، ئۇرۇش سالاھىيىتى ۋە تاكتى-
كىسى بار ئادەم ئىدى. كۆڭلۈكى بەش - ئالتە پىيا-
لە هاراق ئىچىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى، ياشانغان
بۇ ئادەم، كۆپ ھاللاردا، غەزەپلىك كەيپىياتتا تەرى
بۇزۇق ئولتۇراتتى. ھېلىقى كىشى ئەستىقنامىنى
مىرزا تەگرى بەردىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردى. مىر-
زا تەگرى بەردى ئەستىقنامىنى ئېلىپ، تىزىنىڭ
ئاستىغا باسۇرۇپ قويۇپ: «بېرىپ پادىشاھقا دېسىلە،
پادىشاھ دېگەن يارلىقىدىن يانماسلىقى كېرەك، تەگ-
رى بەردى مىرزانى خان ئوبدان بىلىدۇ، خان ئېيت-
سۇنكى، پادىشاھلىق قىلامدۇ - قىلمامدۇ؟» دېدى.



ئۇ ئادەم قايتىپ بېرىپ بارلىق ئەھۋالنى خان-
غا يەتكۈزدى. خاننىڭ غەزىپى ئۆرلەپ، ئىككىلەن-
مەستىن ئاتقا مىندى - دە، قەشقەرگە قاراپ راۋان
بولدى. كاتتىباشلارمۇ خاننىڭ ئارقىسىدىن راۋان
بولۇشتى. خان قەشقەر مەملىكىتىگە يېتىپ كېلىپ
قاراقىر دېگەن يەرگە چۈشكەندە، ئۆزبېكنىڭ خەۋى-
رى يېتىپ كەلدى. خان ئاتقا مىنىپ قەشقەر ئوردى-
سىغا چۈشتى. ئەبۇ سەئىد سۇلتان خىزمەتكارلىقى-
نىجا كەلتۈرۈپ خاننىڭ خىزمىتىدە بولدى، ئاندىن
كېيىن ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ تەرەپ - تەرەپكە
لەشكەر توپلاشقا كىشى ئەۋەتىشتى. 40 نەپەر قورال-
لىق كىشىنى تەشكىللەپ ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلىپ
كېلىش ئۈچۈن ئۆزبېكلەرنىڭ ئالدىغا يولغا سالدى.
خان ئەمىر تەگرى بەردىگە كۆرۈنۈش بەرمى-
دى. باشقا كاتتىباشلار مەسلىھەت قىلىۋاتاتتى، مىر-
زا شاھى ئەزەم زامانىنىڭ پادىشاھلىرىدىن بولۇپ،
زامانىۋى باشلىق ئىدى. ئۇ ئالدىراپ سۆزلەپ:
«چۆرلىكتە① چىك تۇرايلى، ئۆزبېكلەر كەلسە يىراقلا
ئۇرۇش قىلىمىز. غەلىبە قىلساق تېخى ياخشى،
ئەگەر غەلىبە قىلالمايي قالساق بەدەر كېتىمىز»
دېدى. باشقىلارمۇ بۇ مەسلىھەتكە قوشۇلدى. بۇ مەس-
لىھەت خانغا يەتكۈزۈلگەندە خانغا ماقۇل كەلمىدى.
خان مىرزا شىرىپ ھەسەن بارلاسقا بۇيرۇق قىلدى:
«ھېلىقى قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان تەگرى بەردى

① چۆرلىك — بىر جاينىڭ ئىسمى.

مىرزانى ئېلىپ كېلىڭلار!» مىرزا تەگرى بەردى بولسا مىرزا شىرىپ ھەسەننىڭ تاغىسى ئىدى. مىرزا شىرىپ ھەسەن بېرىپ تەگرى بەردى مىرزانى ئېلىپ كەلدى. خان سۇلتان سەئىدغا بۇيرۇدى: «تەگرى بەردى مىرزادىن مەسلىھەت سوراڭلار» ئەبۇ سەئىد سۇلتان تەگرى بەردى مىرزادىن سورىدى: «ئەي بەگ، ئۆزبېكلەر بىز تەرەپكە لەشكەر تارتىپ كېلىۋاتىمىش، بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟» تەگرى بەردى مىرزا: «نىئمەت ئىگىلىرى ئولتۇرۇپتۇ، ئاۋۋال ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلايلى! ئاندىن كېيىن مەن گەپ قىلاي»— دېدى جاۋاب بېرىپ. كاتتىباشلار بىر-بىرلەپ مەقسەتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. مىرزا شاھ سۆز باشلاپ مۇنداق دېدى: «بىزنىڭچە چۆرلىكتە چىڭ تۇرۇپ ئۇرۇشايلى!». ئەمىر تەگرى بەردى سۆز باشلاپ مۇنداق دېدى: «ئەي شاھىم، ئۆزلىرى بولسىلا پۈتۈن كاتتىباشلارنىڭمۇ كاتتىبېشى، خان ھەزرەتلىرى تۇرسىلا، بۇ نېمىدېگەن گەپ!؟ ئوردىنى ۋە شەھەرنى تاشلاپ قويۇپ بىر سازلىق يەرگە چىقىۋالساق، ئۆزبېكلەر كېلىپ شەھەرگە كىرىدۇ، ئۆزبېكلەر ماۋارەئۇننەھرىدىن چۆللىكنىڭ سازلىقىنى تەلەپ قىلىپ كەلگەن ئەمەس، بەلكى قەشقەرنى كۆزلەپ كەلگەن. مېنىڭچە توغرا مەسلىھەت شۇكى، خان ھەزرەتلىرى تۆمۈرچى دېگەن جايغا چۈشسىلە، سۇلتانىم كۆنچى مەھەللىسىگە چۈشسە، ھەممىگە قادىر خۇدادىن مەدەت، ياردەم تىلەپ تاقابىل تۇرۇپ



ئۇرۇشايلى». ئاخىر ئورتاق مەسلىھەت مۇشۇنىڭغا مەركەزلەشتى.

ئەھۋال ئۇقۇشقىلى كەتكەنلەردىن تېزلىك باھادور ئالدىراپ يېتىپ كېلىپ، ئۆزبېكلەرنى سارىغ يازى دېگەن يەردە كۆرۈپ كەلدۇق، دەپ خەۋەر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن خان ۋە سۇلتان ئۇرۇش تەييارلىقىغا مەشغۇل بولۇشتى. بىرقانچە كۈندىن كېيىن ئۆزبېكلەر ئاشكارا كېلىپ، بەلگىلەنگەن ئورۇنغا چۈشتى. سۇلتانىمۇ چۈشتى. مىرزا شاھنى خوتەننىڭ لەشكىرىگە باشلىق قىلىپ شاھى ھەيدەر سۇلتان ئۇلارغا تاپشۇرۇلدى. كۆڭۈللۈكى جەڭچى ياشلار، غەزەپلىك مىرزادىلار بېرىپ ئۆزبېكلەرگە قارشى جەڭ قىلىشتى. بەشىنچى كۈنى ئۆزبېك لەشكىرىدىن 3000 نەپەر باتۇر ئايرىلىپ چىقىپ دەرۋازىنى ئىشغال قىلىش غەرىزىدە ئات چاپتۇردى. موغۇل جەڭچىلىرىمۇ مەردلىك مەيدانىغا قەدەم قويۇپ، باتۇرلۇق ۋە جاسارەت كۆرسىتىشتى. ئىنتايىن قاتتىق جەڭ بولدى. خان ئەبۇ سەئىد سۇلتان، ئابدۇرېھىم خان ۋە قالغان كاتتىباشلارنىڭ ھەممىسى ئاتلىرىغا مىنىپ شەھەرگە قايتىشتى. ئۆزبېكلەر «موغۇلنىڭ لەشكەرلىرى يۈز ئۆرۈپ كەتتى» دەپ ئويلاپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتتى. مىرزا ھەيدەر جوراس، ئۇنىڭ بىر تۇغقىنى مۇھەممەت ۋەلى بەگ ۋە باشقا باتۇر، قەھرىمانلار ھەممىسى بىرلىككە كېلىپ ئۆزبېك لەشكەرلىرىنى چېكىندۈردى.

خان ۋە سۇلتان بەخت دۆلىتى بىلەن غەلىبە قازىنىپ قەشقەر شەھىرىگە قايتىپ چۈشتى.

ئۆزبېكلەر كۈندە جەڭ قىلىپ مەغلۇپ بولۇۋەرگەندىن كېيىن ئاخىرى قەشقەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە كۆزى يەتمەي، ئۈمىدسىزلىنىپ، يەكەن تەرەپكە راۋان بولۇشتى. ئۇلار «بوغرا قەۋمى» يولى بىلەن يەكەنگە يېتىپ كەلگەندە، شەھەردە قازى رىزاھ، زىياۋىدىن دىۋانىلار بار ئىدى. ئۆز بەگ سۇلتان، خوجام قۇلى قوشبېگىلەر شەھەرگە: «يەكەنلىكلەرنىڭ قايسى بىرى ئالدىمىزغا چىقىپ بىزنى قارشى ئېلىپ بويسۇنىدىكەن ئۇنىڭ جېنى، مېلى ئامان قالىدۇ، ئەگەر ئۇنداق قىلمايدىكەن ئەرلىرى ئۆلتۈرۈلۈپ خوتۇن-قىزلىرى ئولجا ئېلىنىدۇ» دەپ ئادەم ئەۋەتتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان قازى رىزاھ، زىياۋىدىن دىۋانىلار مۇزاكىرىلىشىپ: «ئەتە جۈمە كۈنى ئىكەن، جۈمە نامازىدىن كېيىن ئۆزلىرىگە شەھەرنى تاپشۇرايلى!» دېيىشتى. بۇ سۆز ئۆزبېكلەرگە ماقۇل كېلىپ ئۇلار شەھەرنى قورشاشنى ئۇنتۇدى.

خان بىلەن ئەبۇ سەئىد سۇلتانلار قىزىلنىڭ يولى بىلەن يەكەنگە كەلدى. شەھەر ئادەملىرى خاننى قارشى ئېلىپ، خۇشاللىق بىلدۈرۈشتى. ھەزرىتى مۇھەممەتخان قۇددىسە سىررۇھۇلئەزىز يېرىم كېچىدە يەكەننىڭ قەلئەسىگە كېلىپ ناغرا-سۇناي ۋە باشقا پادىشاھلىق سازلىرىنى چالدۇرۇپ، داغدۇ-



غا پەيدا قىلدى. بۇ ھالنى كۆرگەن ئۆزبېكلەر ھاڭ-تاڭ قېلىپ «نېمە ۋەقە بولدى؟» دېيىشىپ تىمتىنلاشقا كىرىشتى ۋە خاننىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىشتى.

تاڭ ئاتتى، كۈندۈز بولدى. ئۆزبېك سۇلتان، خوجام - قۇلى قوشبېگىلەر پەرۋا قىلماستىن يۈرۈشتى. ناماز بامداتتىن كېيىن خان بىلەن ئەبۇ سەئىد سۇلتانلار كىشىلەرگە غەمخورلۇق قىلىپ ئۇرۇشقا تەييارلىنىشتى. «بورانغار»نى باشقۇرۇش ئەبۇ سەئىد سۇلتانغا، ئوڭچۇرپان جۇۋانغارنى باشقۇرۇش ئابدۇرېشىم سۇلتانغا تاپشۇرۇلدى. مۇھەممەتخان ھەزرىتى جانابى ئاللا تەرىپىگە ئىلتىجا قىلىپ ھەممە ئۆزبېكنىڭ پىرى - ھەزرىتى ئەزىزلەرگە تەۋەججۇھ قىلىپ (تېۋىنىپ) لەشكەرلەرنى ئىنتايىن ياخشى تەشكىللەپ، ئۆزبېكلەرگە قارشى ھۇجۇمغا ئۆتتى. ناھايىتى قاتتىق جەڭ بولدى، ئاخىرى ئالدى بىلەن جانابى ئاللانىڭ نۇسرەت بېرىشى، ئاندىن ھەزرىتى ئەزىزلەرنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن يەكەن تەرەپ غەلىبە قىلدى. ئۆزبېكلەر بولسا مەغلۇپ بولدى.

ئۆزبېكلەر مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى. باتۇر ئاتالغان قەھرىمانلار ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ راۋان بولۇشتى. ئۆزبېك لەشكەرلىرىنىڭ زىيان سالغۇچىلىك ئىمكانىيىتىمۇ بولمىدى. قەشقەر مەملىكىتىگىمۇ داخىل بولالماستىن ئۆز ۋەتىنىگە قايتىشتى. ھەر تائىپەدىن

جەڭ قابىلىيىتى بار كىشىلەر جۈغلىشىپ ئۆزبېكلەرنىڭ ئاۋقىسىدىن قوغلاپ يەنە راۋان بولۇشتى. ئالاي چۆلىگە بارغاندا يېتىشۋېلىپ ئۆزبېكلەرنى يەنە ئۆلتۈرۈپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. ئۆزبېك لەشكەرلىرىنىڭ مۇشەققەتتە شارت داۋىنىدىن ئاران ئۆتتۈۋالدى.

نەقىل كەلتۈرۈلۈشىچە: ئۆزبېك سۇلتان، خوجام قۇلى قوشبېگىلەر ئۆزبېك لەشكەرلىرىنىڭ كاتتىباشلىرى ئىكەن. «ئوق سالار»غا يەتكەندە قازا ۋە قەدەر ئۇلارنىڭ تىلىغا شۇنداق بىر سۆزنى جارى قىلدۇردىكى: ئەگەر بۇ يەردە بىر ئوق ئۇچى مىقدارى تۇرۇپ قالساق قانچىلىك ئادىمىمىز نابۇت بولۇر؟» ئۆزبېك لەشكەرلىرى: «ئوق سالار»دا بىر پاي ئوقنى 40،000 دەپ مۆلچەر قىلىشىدىكەن.

شۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى مۇھەممەتخان غالىبە قازانغان ھالدا پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇردى. ئەبۇ سەئىد سۇلتان قەشقەر مەملىكىتىدە ۋەتەن تۇتۇپ قالدى. مىرزا شاھ بۇ ۋەقەدىن ئالتە ئاي كېيىن خوتەندىن كەلدى. خان ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ، ئېھتىرام بىلدۈردى. قازى مىرزا زىيائوددىن دىۋانلارغىمۇ كۆپ غەمخورلۇقلارنى قىلدى.

## مۇھەممەتخاننىڭ ياخشى سۈپەت، ئۇلۇغ كارامەتلىرى

مۇھەممەتخان توغرا (ئادالەتلىك) ئىش قىلىد-



غان، خۇدانى تونۇيدىغان كۈچلۈك پادىشاھ ھەمدە ھەزرىتى ئەزىزلەرنىڭ خەلىپىلىرىدىن ئىدى.

ھاجى مۇراد (خۇدا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) دىن نەقىل كەلتۈرۈلۈشىچە: مۇھەممەتخان كاتتىباشلارغا «بىر ئادەم تەييار بولسۇن، بىز ئۈچۈن ئۇلۇغ خانەئى كەئبىگە بېرىپ ھەج، ئۆمرەلەرنى ئادا ئەيلەپ، مەدىنىنى زىيارەت قىلىپ كەلسۇن!» — دېدى. پادىشاھنىڭ بۇ گېپى كىشىلەر ئارىسىغا تارالدى. شۇ ئارىدا ھاجى مۇراد پادىشاھ ئۈچۈن كەئبە مۇئەززەمە، مەدىنە مۇنەۋۋەرەلەرنى زىيارەت قىلىپ كېلىش نىيىتى بىلەن خاننىڭ قېشىغا كەلدى ۋە ئاستانىنى بوسە قىلىشقا ئېرىشتى. خان ئۇنىڭ بىلەن بىللە بامدات نامىزىنى ئادا قىلىپ، ئوقۇلىدىغان ۋەزىپە، دۇئادىن كېيىن ھاجى مۇرادقا قاراپ: «ئەي ھاجى ئۆزلىرىنىڭ بۇ ياخشى نىيەتلىرىگە مۇبارەك بولسۇن! ياخشى خىيال بىلەن كەللە!» دېدى. ھاجى مۇراد قەددىسە سىررۇھۇ يىغلاپ خاننىڭ پۇتىغا يىقىلدى. خان كۈلۈمسىرەپ، مۇنۇ بىر مىسرا شېئىرنى ئوقۇدى:

«بۇيەردىن قۇتۇلساڭ تېز، بارىسەن ھەرەمگە.»

شەك شۈبھىسىزكى، توغرا ئىش قىلغان، ئۇلۇغ شەرىئەتنى راۋاجلاندۇرۇپ كۈن ئۆتكۈزگەن پادىشاھ ئەلۋەتتە خۇدانىڭ ھىمايىسىدا بولىدۇ.

نەقىل كەلتۈرۈلۈشىچە، ھەزرىتى ئەزىز خوجا

ئىسھاق ئەلەيھىر رەھمە: «مۇھەممەت خان نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟» دەپ سوراپتۇ. «ناماز، روزا ۋە سەدىقە بىلەن مەشغۇللۇق قىلىۋاتىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بۇ ياقتىن بارغان ئادەم.

ھەزرىتى ئەزىز مۇنداق دەپتۇ: «مۇھەممەت خانغا ئۇقتۇرۇپ قويۇڭلار، بىز 60 يىللىق ئىبادىتىمىزنىڭ ساۋابىنى خاننىڭ بىر قېتىملىق ئادالىتىنىڭ ساۋابى بىلەن تەڭ بىلىمىز» مۇھەممەت خان بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق دەپ ئەۋەتىپتۇ: «بۇ كەمىنە قۇلنىڭ بېشى ھەزرىتى ئەزىزلەرگە ھاجەتمەندۇر».

ھەزرىتى ئەزىزلەر ئۇنىڭ كۆڭلىنى خۇرسەن قىلىپ يەنە ئادالەت، ئىنساپقا ئۈندەپتۇ.

ئەلقىسسە، خان ھاجى مۇرادقا «جاپوش» دېگەن يېزىدا 450 مو يەرنى نىشانى، مو - ھۇججەتلىرى بىلەن بۇيرۇپ بېرىپ ئالاھىدە ياخشىلىق، ئىنئاملار قىلىپ مەككە مۇئەززەمە سەپىرىگە رۇخسەت قىلدى. ھاجى مۇراد مەنزىللەرنى بېسىپ كەئبە مۇئەززەمە، مەدىنە مۇنەۋۋەرەلەرگە باردى، زىيارەت قىلدى؛ قايتىپ كېلىپ يەنە خاننىڭ سۆھبىتىدە بولدى. خان ھاجى مۇرادقا يەنە كۆپ ئىنئاملارنى قىلدى.

ئەقىل كەلتۈرۈلۈشىچە، ھاجى مۇراد ئەلەيھىر رەھمە يەنىلا غەۋس (ھەر قانداق ھاجەتنى ئۈستىگە ئالغان 1 - دەرىجىلىك ئەۋلىيا)نى تاپىمەن، دەپ مەككە تەرەپكە قاراپ سەپەر قىپتۇ. يۈز مىڭ مۇشەققەت، سانسىز قىيىنچىلىقلارنى تارتىپ، ئاخىر مەنـ



زىلگە يېتىپ بېرىپتۇ. ھاجى مۇراد كامىل، ئەھلى دىل، كۆپ قېتىم دىن كاتتىلىرىنىڭ سۆھبىتىدە بولغان ئادەم ئىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇ ئويلىنىپ ئولتۇرسا، غايىبتىن «قۇتبى ① ئۆز تەۋەلىكىگەدە» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ھاجى مۇراد دەرھال قوپۇپ يېڭىباشتىن غۇسلى قىلىپ، ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ مۇناجات قىلىشقا باشلاپتۇ. غايىبتىن يەنە ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ: «مۇھەممەت خاننىڭ ئۆزى — قۇتبى» شۇنىڭ بىلەن ھاجى مۇراد ئىككىلەنمەستىن يولغا راۋان بولۇپ، ئالتە ئايدا يەكەن تەۋەسىگە يېتىپ كەپتۇ. ھاجى مۇراد قۇددۇسە سىررۇھۇ يېتىپ كېلىشتىن ئۈچ كۈن بۇرۇن مۇھەممەت خان (ئاللا ئۇنى مەڭگۈ جەننەت باغچىلىرىدا قىلغاي!) بۇ پانىي دۇنيادىن باقىي ئالەمگە سەپەر قىلغان ئىكەن. ھاجى مۇراد كېلىپ نۇرغۇن پۇشايمان ۋە ئەپسۇسلار بىلەن مۇھەممەت خاننىڭ نۇرلۇق مازارىنى زىيارەت قىلىپ جاپوش يېزىسىدا تۇرۇپ قاپتۇ.

مۇھەممەت خان ئالتە ئاي قۇتبى بولغان ئىكەن. ئاللا ھەممىدىن بەكرەك بىلگۈچىدۇر.

## ھەزرىتى ئابدۇرېھىم خاننىڭ دەسلەپكى ئەھۋاللىرى

ئاللا ئۇنىڭ قەبرىسىنى نۇرلۇق قىلغاي! نەقىل

① قۇتبى — ئەۋلىيالارنىڭ كاتتىسى

كەلتۈرۈلۈشىچە، ئابدۇرېھىم خان ئابدۇرېشىت
خاننىڭ ئەڭ كىچىك ئوغلى ئىكەن، مۇھەممەت خان
ئۇنى مىرزا شاھنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن جالىش، تۇر-
پان تەرەپكە پادىشاھلىققا ئەۋەتكەن ئىكەن. ئۇ چاغ-
لاردا قۇرەيش سۇلتاننىڭ ئوغلى خۇدا بەندى سۇلتان
«توكەخان» دېگەننىڭ ياردىمى بىلەن جالىش، تۇر-
پاننىڭ ھوقۇقىنى تۇتۇپ تۇرغان ئىكەن. ئابدۇرېھىم
خان بىلەن مىرزا شاھلار تۇرپانغا يېتىپ كەلگەندە،
خۇدا بەندى سۇلتان قالماقلاردىن ياردەم سورىغان
ئىكەن، قالماقلار ياردەم بەرمىمىز دەپ كەپتۇ. لېكىن
خۇدا بەندى سۇلتاننى تۇتۇپ ئابدۇرېھىم خان بىلەن
مىرزا شاھقا تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. مىرزا شاھ خۇدا بەن-
دى سۇلتاننى يەكەنگە ئېلىپ كەپتۇ. ئابدۇرېھىم خان
بولسا مۇستەقىل ھالدا تۇرپان، جالىشنىڭ پادىشا-
ھى بولۇپتۇ.

## ئەبۇسەئىد سۇلتاننىڭ ۋاپاتى ۋە شۇ چاغدا بولغان ۋەقەلەر

رىۋايەتچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە: ئەبۇسەئىد سۇلتان
يۈرەكلىك، شانى شەۋكەتلىك پادىشاھزادە ئىدى. ئۇۋ-
چىلىقنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇۋغا چىققاندا قى-
زىتما (تەپ) كېسەللىكىگە دۇچار بولۇپ، بىر قانچە
كۈن ئۆرۈن تۇتۇپ يېتىپ بۇ دۇنيادىن قايتتى. ئەبۇ
سەئىد سۇلتان ئۆز ۋۇجۇدىدىن ئۈچ ئوغۇل پەرزەنت
كۆرگەن، ئۇلار: بىرىنچىسى مۇھەممەت سەئىد



سۇلتان، ئىككىنچى ئەبۇكە سۇلتان، ئۈچىنچى
شاھى شۇجا ئۇددىن ئەھمەت.

خاننىڭ مۇھتەرەم ئايالى شاھى خانىم قەشقەر،
يېڭىسارلارنىڭ پادىشاھلىقىنى ئۆزىنىڭ زېرەك پەر-
زەنتى شاھى شۇجا ئۇددىن ئەھمەت خانغا تاپشۇرۇپ،
مىرزا تۇردى ئوردى بېگىنى ئۇنىڭغا ۋەزىر قىلغان
ئىكەن. تۆمۈر سۇلتان دەپ مەشھۇر بولغان زىياۋىدىن
ئەھمەت سۇلتان — شۇجا ئۇددىن ئەھمەت خاننىڭ
چوڭ ئوغلى ئىكەن، ئەھمەت سۇلتان توققۇز ياشقا كىر-
گەندە، مىرزا ھاشىم بايرىننى ۋەزىر قىلىپ ئاقسۇ،
ئۈچتۇرپانلارنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتىپتۇ. ماۋارە ئۇن-
نەھرىدىن ھەزرىتى مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئوغلى ھەزرىتى
خوجا مۇھەممەت يەھيا (ئاللا ئۇلارنىڭ روھلىرىنى
پاك قىلغاي!) قەدەم تەشرىپ قىلىپ كەلدى. ھەزرى-
تى مۇھەممەت خان تا قوش گۈمبەز دېگەن يەرگىچە
لىك ئالدىغا چىقىپ ئۇ ئەزىزنى ئىززەت ئىكرام بىلەن
قارا قۇم يېزىسىغا ئېلىپ كەلدى. ئاندىن كېيىن ھەز-
رىتى مۇھەممەت خان ئاتتىن چۈشۈپ، ھەزرىتى ئەزىز-
لەر ئېتىنىڭ تىزگىنىنى بويىنىغا سېلىپ، ئوردىغا ئې-
لىپ كىرىپ، ئۈچ كۈن چوڭ مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، كات-
تا زىياپەت بەردى. ھەزرىتى ئەزىزلەر ئۈچۈن خاس
بىر ئۆرۈننى جابدۇغان ئىدى. ھەزرىتى ئەزىزلەر شۇ
جايغا چۈشتى.

خۇدا بەندى سۇلتان يەكەندە ئۆلۈمنىڭ شەر-
بىتىنى ئىچتى. بۇ كىشىدىن ئىككى ئوغۇل قالدى، بىرى

ئۇنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدىن بولغان مۇھەممەت ھاشىم سۇلتان (بۇ كىشىنىڭ ئەھۋالى تۆۋەندە سۆزلىنىدۇ.) يەنە بىرى ئۆگەي ئوغلى — مۇھەممەت ھاشىم سۇلتان.

مىرزا شاھ، مىرزا غىياس، خوجا لېتىپ ۋە مىرزا ئابدۇللا ئىشىك ئاغالار مەملىكەتنىڭ ئىشلىرىغا كىرىشتى. مىرزا شېرىپ ھەسەن بارلاس مەزكۇر كاتىپباشلارنى كۆزگە ئىلمىدى. چۈنكى، مىرزا شېرىپ ھەسەن، ئەمىر مۇھەممەت بارلاسنىڭ ئوغلى نورۇز مىرزانىڭ ئوغلى ئىدى. نورۇز مىرزا بولسا سۇلتان سەئىدخاننىڭ گۈزەل بىر قىزىدىن تۇغۇلغان ئىكەن. ئەمىر مۇھەممەتنى ئابدۇرېشىتخان قەشقەرنىڭ پادىشاھلىقىغا تەيىنلەپ ئۇنىڭغا كورگانى دەپ ئىسىم قويغان ئىدى. يەكەن ھۆكۈمىتى ئىچىدە مىرزا شېرىپ ھەسەن بىلەن مىرزا شاھ ئوتتۇرىسىدا چىقىشالماسلىق يۈز بەردى. كاتىپباشلار مىرزا شاھنى ھىمايە قىلدى. مىرزا شېرىپ ھەسەن مۇھەممەتخاننى شۇنداق قىستىكى، كاتىپباشلارنىڭ كاتىپىسى يەنى ئەڭ چوڭ باشلىقنى ھىمايە قىلىپ يەكەن ھۆكۈمىتىنى بېرىش ياكى كابىل تەرەپكە كېتىشكە رۇخسەت بېرىشتىن ئىبارەت ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى تاللاشقا مەجبۇر قىلدى.

مۇھەممەتخان بىچارە بولۇپ مىرزا شېرىپ ھەسەنگە رۇخسەت قىلدى. مىرزا شېرىپ ھەسەن ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىنلىرى بىلەن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ئېلىپ شاھى سەلىم پادىشاھنىڭ قېشىغا باردى. پادىشاھ ئۇنىڭغا غەزنىن دېگەن ناھىيىنىڭ پادىشاھلى-



قىنى بەردى. ئۇ، شۇ يەردە ئافغان كاپىرلىرىنىڭ قولىدا شەھادەت شەربىتىنى ئىچتى. ئاللا ھەممىدىن بىلگۈچىدۇر.

## مۇھەممەتخاننىڭ ئاقىۋىتى، پادىشاھلىق قىلغان ۋاقتى ۋە ھاياتى

نەقىل كەلتۈرۈلۈشىچە، يەكەن، قەشقەر، ئاقسۇ، ئۈچتۇرپان، كۇچار، چالىش، تۇرپان مەملىكەتلىرى تاكى قىزىل، خوتەن، سېرىق قول ھەتتا «كانى لەئلى» لەرگىچە بولغان ئورۇنلاردا خۇتبە، تامغىلار ھەزرىتى مۇھەممەتخاننىڭ ئىسىم - فامىلىلىرى بىلەن زىننەتلەندى. خان پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇردى. شۇ چاغدا تارىخ بىرىسى كام مىڭ (999) ئىدى. ئۇ 18 يىل مۇستەقىل پادىشاھلىق قىلدى، پۇقرالارنىڭ بېشىنى سىلىدى، ھۇجۇم قىلغانلارنى ئۇجۇقتۇردى. جەننەتكە ئوخشاش يەكەن شەھىرىدە «ئەي ئىمان ئىسلامدا كۆڭلى ئارام ئالغان نەپىس (جان) ئۆز پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىگە يانغىن» دېگەن چاقىرىققا قۇلاق سېلىپ، ئۇنىڭ جىنىدىن ئىبارەت شاھتۇتى مەڭگۈلۈك ئاۋات جايغا راۋان بولدى. جەمئىي 72 يىل ئۆمۈر كۆردى. ئاللا ھەممىدىن بىلگۈچىدۇر.

## شاھ شۇجا ئۇددىن ئەھمەت خان، ئۇنىڭ خاقانلىق تەختىدە ئولتۇرغىنى، پادىشاھلىق تۈزۈمى ۋە شۇ كۈنلەردە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر

شۇجا ئۇددىن ئەھمەت خان قەشقەردە ئىدى، ھەزرىتى ئەزىزلەردىن خوجا لېتىپ، مىرزا غىياس، مىرزا ئابدۇللا قاتارلىق كاتتىباشلار شۇجائۇددىن ئەھمەت خانغا كىشى ئەۋەتتى. ئەھمەتخان تەكلىپكە بىنائەن كېلىپ پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇردى. ئۇ چاغدا مىرزا شاھ ۋاپات بولۇپ، يەكەن ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ ئوغلى شاھ پەرپەگە بېرىلگەن ئىدى. مىرزا ھەيدەر جوراس، مىرزا غازى بارلاسلار لەشكەر باشلىقى قىلىپ خوتەنگە ماڭدۇرۇلدى. مەزكۇر كاتتىباشلار خوتەندىن ئابدۇكېرىمخاننىڭ ئوغلى شاھى ھەيدەر مۇھەممەت سۇلتاننى تۇتۇپ يەكەنگە ئەپكېلىپ ماۋارەئۇننەھرىگە پالاپ چىقىرىۋېتىشنى بۇيرۇق قىلىشتى. ئىمام قۇلى خان ھەيدەر سۇلتاننى ھۆرمەتلەپ سەمەرقەنتنىڭ پادىشاھلىقىنى بەرگەن ئىدى. ئۇ، شۇ يەردە ۋاپات بولدى.

شۇجائۇددىن ئەھمەتخان پۇقرالىرىغا شۇنداق مېھرىبانلىق قىلدىكى، ئۇنىڭ زامانىسىدا بۆرە قوزا بىلەن، كەپتەر قارچىغۇ بىلەن بىللە يۈرەلەيتتى. شاھ پەرپەنى بۇرۇنقى تۈزۈم بويىچە ھاكىملىققا سايلىدى. خوجا لېتىپنى مۇھەممەتخانغا ۋەزىر قىلدى. مىرزا غىياس ساغرىچى توققۇز ئايدىن كېيىن ئالەمدىن ئۆت-



تى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ بىر تۇغقىنى مىرزا ئەبۇغۇرنى قوش بېگى ۋە ئۈچ بېگى سايلاپ مەملىكەتنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرۇلدى. مىرزا ئابدۇللا قازا قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ كۈيئوغلى مىرزا شاھ ئوغلى ئەبۇلمەئانى شاھنى ئىشىك ئاغا قىلدى. مىرزا ھەيدەر جوراسنى قەشقەر ھۆكۈمىتىگە تەيىنلىدى. ئىلانچىنىڭ ھوقۇقىنى مىرزا مۇھەممەت يۈسۈپ بايرىنغا مولاپ بەردى.

## زىياۋۇددىن ئەھمەت سۇلتان ناملىق تۆمۈر سۇلتاننىڭ بەزى ئەھۋاللىرى

تۆمۈر سۇلتان شۇجائۇددىن ئەھمەتخاننىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ ئاقسۇدا ئىدى. قىرغىزلار مۇھەممەتخاننىڭ ۋاپات بولغىنىنى ئاڭلاپ 5000 ئادەم توپلاپ تىلاكابى بىلەن باي بوتە قارالارنى باشلىق قىلىپ، ئاقسۇ مەملىكىتىگە يۈزلىنىپ، زوراۋانلىق ھەرىكەتلەرگە مەشغۇل بولۇشتى. مىرزا ھاشىم بايرىن سۇلتاننى تۇتۇپ قىرغىزلار تەرىپىگە راۋان بولدى. مىرزا ھاشىم جوراس ئۇچتۇرپاننىڭ ھاكىمى ئىدى. ئۇنىڭغا «ئۇچتۇرپاننىڭ لەشكەرلىرىنى ئېلىپ قىرغىزلارنىڭ يولىنى توسسۇن» دەپ كىشى ئەۋەتىلدى. مىرزا ھاشىمۇ بۇيرۇققا ئەمەل قىلدى. سۇلتان ۋە مىرزا ھاشىم قىرغىزلارغا يېتىپ بېرىشتى. تىلاكا 2000 ئادەمنىڭ ھەمراھلىقىدا بىر جايغا مۆكتى. باي بوتە قارا

دېگەنىمۇ 3000 نەپەر قىرغىز بىلەن باشباش-
تاقلىق قىلىپ چېكىنىپ تۇردى. مىرزا هاشىم بەگ ئاق-
سۇنىڭ باتۇرلىرىنى سوقۇشقا قىزىقتۇردى، ئىش سو-
قۇش بىلەن ئاياغلاشتىدىغان بولدى. مىرزا هاشىم جو-
راسىمۇ ئۇچتۇرپانىنىڭ باتۇرلىرىنى ھەمراھ قىلىپ
قىرغىزلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلدى. بوتا قارا
2000 غا يېقىن ئادەم ئۆلتۈرۈلۈپ مەغلۇپ بولدى.
قالغان قىرغىزلار بىچارە هالدا (ئوقدانلىرىنى بويى-
نىغا ئېسىپ) سۇلتانىنىڭ ئالدىغا كېلىشتى. تىلاكا بىمو
ئۇرغۇن پىشكەش قىلىپ سۇلتانغا كۆرۈنۈشكە كەلدى.
ئاندىن كېيىن: «خاتا قىپتۇق، ھەزرىتى مۇھەممەت خا-
نى قازا قىپتۇ دەپ ئاڭلاپ، بىرەر نەرسە بولاپ كې-
لەرمىز دەپ كېلىشۈېدۇق، ئەگەر مۇنداق نىيەت بولمى-
سا بىزنىڭ مۇنداق بىمەدەبلىككە جۈرئەت قىلىشقا
نې.ە ھەققىمىز بار؟» دېدى. پادىشاھ ھەممىلەنگە،
گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىپ رۇخسەت بەردى. سۇلتان
تېخى ئۆزىنىڭ چوڭ بوۋىسىنىڭ ۋاپات بولغانلىقى-
نى ئاڭلىمىغان ئىكەن، تىلاكا بىدىن ئاڭلاپ، ماتەم تۇ-
تۇپ ئاقسۇغا قايتىپ كەلدى. شۇجا ئۇددىدىن ئەھمەت
خان ئادەم ئەۋەتىپ، مىرزا هاشىم بايرىنىي ئاقسۇغا
بۇرۇنقى تۈزۈم بويىچە بېكىتتى. كاتتىباشلارنىڭ ئۆز
ئورنىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى، سۇلتانىنىڭ ئىشەنچى-
لىك كىشىلىرى بىلەن كېلىشىنى جاكالىدى. تۆمۈر
سۇلتان مىرزا هاشىمبەگنى ئاقسۇدا قويۇپ يەكەن تە-
رەپكە راۋان بولدى. يەكەننىڭ كاتتىباشلىرى قار-



شى ئېلىشقا چىقىپ، سۇلتاننى خانىنىڭ خىزمىتىگە ئې-
رىشتۈردى. خان ئاتىلارچە مېھرى شەپقەت بىلەن ئىنئ-
ئاملار قىلىپ قەشقەر، يېڭىسارلارنىڭ پادىشاھلىقىنى
سۇلتانغا بەردى. مىرزا ھەيدەر جوراسنى سۇلتانىنىڭ
ۋەزىرى قىلىپ قەشقەرگە ئاتلاندۇردى.

## مۇھەممەت هاشىم سۇلتانىنىڭ ئابدۇرېھىمخانغا قارشىلىق كۆرسەتكىنى

مۇھەممەت هاشىم سۇلتان مۇھەممەت خانىنىڭ قى-
زىدىن تۇغۇلغان بولۇپ ئۇنى خانزادە دېيىشەتتى.
ئۇ شۇجا ئۇددىدىن ئەھمەت خاندىن ئاغرىنىپ كۇچارغا بار-
دى. ئاندىن كېيىن مۇھەممەت هاشىم سۇلتان بىلەن
ئابدۇرېھىمخان ئوتتۇرىسىدا چېقىشالماسلىق يۈز بەر-
دى. مۇھەممەت هاشىم سۇلتان قالماقلاردىن ياردەم
تەلەپ قىلدى. تەلەپكە بىنائەن قالماقتىن ياردەمچى
كەلدى. ئابدۇرېھىمخانمۇ جەڭگە تەييارلىق قىلدى.
ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى تۇتىشىپ سوقۇشقا چۈش-
كەندە، قالماقنىڭ لەشكەرلىرى ئۆزىنى ياقىغا تارتىپ
تۇرۇشتى. ئىككى تەرەپ راسا ئۇرۇشۇپ ئاخىر مۇھەم-
مەت هاشىم سۇلتان مەغلۇپ بولدى. سۇلتان مەغلۇپ
بولغاندىن كېيىن قالماقلار مۇھەممەت هاشىم سۇلتان-
غا ھۇجۇم قىلىپ ئابدۇرېھىمخان تەرەپكە ئۆتتۈۋالدى.
مۇھەممەت هاشىم سۇلتان سېپىلنىڭ ئىچىگە مۇكۇۋال-
دى. قالماقلار ئولجا ئېلىشىپ قايتتى. ئابدۇرېھىمخان

جالىش تەرەپكە راۋان بولۇشتى.

بۇرۇنقى پادىشاھلارنىڭ رەسمى قائىدىسى مۇن-
داق ئىدى: ئۇلار شەرق، جەنۇب تەرەپلەرگە لەش-
كەر تارتقاندا جۇڭغار كاتتىباشلىرى لەشكەرلەرنىڭ
ئالدىنقى سەپىدە بولاتتى. جۇڭغارنىڭ ئالدىنقى تەرە-
پى بارلاس، دوغلات ۋە ئەرلاتلارنىڭ كاتتىباشلىرى-
غا قاراشلىق ئىدى. ئۈچ كاتتىباشنىڭ ھەرقايسىسى-
نى باشقۇرۇشقا لايىق دەپ تونۇشاتتى ۋە ئۇنىڭغا
تاپشۇراتتى. غەرب، شىمال تەرەپلەرگە لەشكەر تارت-
قاندا، لەشكەرنىڭ ئالدىنقى سەپپى بورانغارنىڭ كات-
تىباشلىرىغا قاراشلىق بولاتتى. ئۈچ بورانغار جوراس-
نىڭ كاتتىباشلىرى دوختەۋى مىللىتى ۋە كىرايت
باشلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئورتاق ئىدى. مەزكۇر كات-
تىباشلارنىڭ ھەممىسى باتۇر، شانۇ-شەۋكەتلىك
ئىدى. ئۈچ بورانغارنى ئۇلارغا بېرىۋەتتى.

ئەلقىسسە، شۇ لەشكەرلەر ئىچىدە ئەرلاتنىڭ
كاتتىباشلىرى بىلەن يارقى مىللىتىنىڭ ئوتتۇرىسىدا
جۇڭغار ھوقۇقىنىڭ غەرەزىدە پېتەشالماسلىق پەيدا
بولدى. مىرزا مۇھەممەت دوست ئەرلات ۋە ئۇنىڭ
بىر تۇغقانلىرى مىرزا مەنسۇر، مىرزا كېپەكلەر
سۇلتانغا ئەرز قىلىشتى. سۇلتان ئۈچ جۇڭغارنى ئەر-
لاتنىڭ كاتتىباشلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى. مىر-
زا مۇھەممەت دوست ئەرلاتنىڭ جەمئىيىتىدىكىلەر
قا يېقىن كىشى ئىدى. ئۇلار ھەممىدىن بۇرۇن 40
چۈشۈپ، مەنزىلمۇ-مەنزىل مېڭىپ كورلىغا يېتىپ



كەلدى.

مىرزا شاھ مۇراد قاغا، مىرزا رىزا ھالالىلار
يارقى مىللىتىدىن بولۇپ ئەرلاتنىڭ كاتتىباشلىرىغا
نىسبەتەن كونا ئاداۋەتنى تۇتتى. ئۇلار قىلى داۋانى-
غا يېتىپ كېلىشتى. ئابدۇرېھىم خاننىڭ كاتتىباشلىرى-
دىن مىرزا سالىم، مىرزا ئەبۇلھادى مىكرىت ۋە يەنە
بىرقانچە كىشىلەر خاندىن رۇخسەت ئېلىپ قىلى داۋا-
نىغا يېتىپ كەلگەن ئىدى، مىرزا مۇھەممەت دوست
ئۆزىنىڭ يېقىن-يورۇق، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى
بىلەن خاننىڭ مىرزا ئەبۇلھادى ۋە مىرزا سەلىمدىن
ئىبارەت كاتتىباشلىرى بىلەن كۆرۈشتى. قاتتىق
ئۇرۇش يۈز بەردى ...

مىرزا مۇھەممەت دوستنىڭ جەمئىيىتىدىكى كى-
شىلەر دۈشمەندىن ئازراق ئىدى. مىرزا شاھ مۇراد
يېقىن كېلىپ قالغان ئىدى، كەينىگە تارتتى. مىرزا
مۇھەممەت دوست ئەرلاد مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى.
مىرزا مەنسۇر، مىرزا كېپەكتىن ئىبارەت ئىككى بىر
تۇغقىنىمۇ ئۆلتۈرۈلدى. مىرزا مۇھەممەت دوستنى
ئۆلۈپ قالدى دەپ ئويلاپ يېنىپ كېتىشتى.

تۆمۈر سۇلتاننىڭ خەۋىرى ئابدۇرېھىم سۇلتانغا
يەتكۈزۈلدى. تۆمۈر سۇلتان ئۆلتۈرۈلگەن باشلىقلارنىڭ
بېشىغا يېتىپ باردى. مىرزا مۇھەممەت دوست بىھوش
ئىدى. ھوشىغا كېلىپ سۇ تەلەپ قىلدى. تۆمۈر سۇل-
تان ۋە باشقا كاتتىباشلار خۇشال بولۇشۇپ ئۇنى
داۋالاشقا كىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىنى خار-

لىق تۇپرىقىدىن راھەت كۆرپىسىگە يۆتكىدى. مىرزا
مۇھەممەت دوست بەگ بىرقانچە ئايدىن كېيىن ساقاي-
دى. لېكىن بىر قولى يوق ئىدى.
ئەلقىسسە، تۆمۈر سۇلتان ۋە ئۇ ئالىي مەرتىۋ-
ىلىك پادىشاھزادىنىڭ ئىزەنگۈسىنى باسىدىغان كاتتى-
باشلار. مەسىلەن، مىرزا ھەيدەر جوراس، مىرزا
ھاشىم بايرىن، مىرزا ئەلى مەردان ئوردا بېگى ۋە
ئۇنىڭ بىر تۇغقىنى مىرزا شاھ مەنسۇر، مىرزا ھاشىم
جوراس ۋە ئۇنىڭ بىر تۇغقانلىرى، مىرزا مەزىد،
مىرزا قۇربان، مىرزا مەلىك قاسىم، مىرزا مەسئۇد-
لار، مىرزا ھاشىمبەگ بايرىننىڭ ئوغۇللىرىدۇر، شاھى
غەزەنپەر شاھ، ئاتاقلىق پالۋانلار ۋە مىرزادىلار قىلى
داۋانىدىن ئېشىپ جالىش چېگرىسىغا ھۇجۇم قىلىش-
تى. ئابدۇرېھىمخان جالىشتىن تۇرپانغا كەتتى. تۆ-
مۈر سۇلتان جالىش سېپىلىنىڭ سىرتقى دەرۋازىسىنى
ئېلىپ پادىشاھلىق ئورنىغا ياندى. بىر يىلدىن كېيىن
تۆمۈر سۇلتان يەنە جالىشنى قولغا كەلتۈرۈش مەق-
سىتىدە لەشكەر توپلاپ، جالىش تەرىپىگە ئاتلىنىپ،
كۇچارغا يېتىپ كەلدى. كۇچارنىڭ ئادەملىرى قارشى
ئېلىشقا چىقىپ سۇلتانغا قوشۇلدى. مەنزىلمۇ مەن-
زىل مېڭىشىپ جالىشنىڭ قېشىغا يېتىشتى. تۆمۈر
سۇلتان، مىرزا مەلىك قاسىم ۋە ئۇنىڭ بىر تۇغقى-
نى مىرزا مەسئۇدى، مىرزا مەزىد، مىرزا تۇردى،
مىرزا قۇربان، مىرزا مۇھەممەت دوست ۋە مىرزا شى-
رىپ 400 دەك كىشىنى ھاراۋۇلغا ئەۋەتتى. مەزكۇر



كاتتىباشلار مەردلىك دائىرىسىگە قەدەم قويۇپ راۋان
بولۇشتى. كورلىدىن ئۆتۈپ قوئالغە داۋانىغا يېتىپ
كېلىشتى. ئابدۇرېھىمخاننىڭ كاتتىباشلىرىدىن شاھى
غوزەنپەر شاھ، مىرزا قارا باھادۇر، مىرزا قەلەمبەگ،
مىرزا ساقى باھادۇر ۋە يەنە باشقا بىر توپ كىشىلەر
مۇكۇنۇپ تۇرغان ئىدى. تۆمۈر سۇلتاننىڭ كاتتىباش-
لىرى يېتىپ كېلىشتى. ئابدۇرېھىمخان كاتتىباشلىرى
تۆمۈر سۇلتاننىڭ كاتتىباشلىرى بىلەن تۇتىشىپ
قالدى. سۇلتاننىڭ كاتتىباشلىرى مەغلۇپ بولدى.
«ئۇلارغا زىيان سېلىشنىڭ كويىدا بولۇڭلار، بىز بارى-
مىزا!» دەپ يۈز ئۆرۈشتى (قاچتى). مىرزا مەسئۇد
بايرىن مەردلىك قەدىمىنى ئالغا تاشلاپ ئاتتىن چۈشۈپ
كېلىپ تۇردى. مىرزا مەلىك قاسىمبەگ، مىرزا تۇر-
دى جوراس، مىرزا قۇربانبەگ، مىرزا مەزىدبەگ ۋە
قالغان كاتتىباشلار مەسئۇدبەگنىڭ قالغانلىقىنى بىلى-
مەي بەدەر كېتىشتى، جەڭ مەيدانىدىن قېچىپ بولۇپ
ئادەملىرىنى يوقلاپ كۆرگۈدەك بولسا مىرزا مەسئۇد
ھېلىقى يەردە قالغان ئىكەن. مىرزا مەزىد، مىرزا
قۇربان، مىرزا مەلىك قاسىم، مىرزا نەسىر قاتارلىق
40 دەك جەڭچى مىرزا مەسئۇد قېشىغا كەلدى. قارى-
غۇدەك بولسا بىر ئادەم مىرزا مەسئۇدنىڭ مىس قال-
پىقىنىڭ گىرۋىكىدىن تۇتقان ۋە يەنە بىر ئادەم مىس
قالپاقنى مەسئۇد بەگنىڭ بېشىدىن ئېلىپ تاشلاپ سۇ-
لۇق (ئۆتكۈر) تىغ بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى تېنىدىن
جۇدا قىلىشنىڭ داغدۇغىسىنى قىلىۋاتقۇدەك. ھەممى-

ەتتى بالدۇر مىرزا مەزىد بەگ يېتىپ كەلدى. ئاندىن
كېيىن كاتتىباشلار ئارقا - ئارقىدىن يېتىپ كېلىشكە
باشلىدى. ھەزرىتى ئابدۇرېھىم خاننىڭ كاتتىباشلىرى
مەسئۇدبەگنى قويۇپ جالىش تەرىپىگە راۋان بولۇش-
تى. كاتتىباشلار كېتىشتىن بۇرۇن ئابدۇرېھىم خان
تورپان تەرەپكە كەتكەن ئىدى. مىرزا قارا باھادۇر،
مىرزا ھەبىبلەر خاندىن نائۈمىد بولۇپ تۆمۈر سۇل-
تان بىلەن ئۇچرىشىشقا ئالدىرىدى. خاننىڭ ئارقىس-
دىن «ئەگەر شاھى غوزەن پىر قولغا چۈشسە ئۇنى
تىرىك ئېلىپ كېلىڭلار» دەپ لەشكەر ئەۋەتتى. تۆمۈر
سۇلتاننىڭ مۇنداق دېيىشىدىكى سەۋەب شۇ ئىدىكى،
شۇجائۇددىنغا رۇخسەت بەرگەن چاغدا، ئەھمەت خان
ئۆزىنىڭ جان تومۇرى پەرزەنتىگە «ئەگەر شاھى
غوزەن پىر تىرىك قولغا چۈشسە، ئەلۋەتتە ئۇنى
مېنىڭ قېشىمغا تىرىك ئېلىپ كېلىڭلار!» دەپ ۋەس-
ىيەت قىلغان ئىدى. كاتتىباشلار ئارقا - ئارقىدىن
ئابدۇرېھىم خانغا يېتىشىپ شاھى غوزەن پىرنى قولغا
چۈشۈرۈپ قايتىشتى. مىرزا ئەبۇلھادى مىكرىت شۇ
لەشكەرنىڭ ئىچىدە ئىدى. ئۇ غوزەن پىر شاھىنى
ئۆلتۈرۈۋېتىشكە تەرغىپ قىلدى. لەشكەر باشلىقى بول-
غان كاتتىباشلار مىرزا مەلىك قاسىم، مىرزا مەزىد،
مىرزا قۇربان، مىرزا قۇلى بىكاۋۇللار شاھى غوزەن
پىرنى تۆمۈر سۇلتاننىڭ ئالدىغا تىرىك يەتكۈزۈش
قارارىغا كېلىشتى. مىرزا ئەبۇلھادى مىكرىت مەخپىي
ھالدا شاھى غوزەن پىرنى ئۆلتۈردى. كاتتىباشلار غە-



زەپكە چۈمدى. مىرزا ئەبۇلھادى «دادامنى شاھى غوزەن
پىر ئۆلتۈرگەن» دېدى. ھەقىقەتەندە ئۇنىڭ دادىسى
مىرزا ئابدۇساتتارنى شاھى غوزەن پىر ئۆلتۈرگەن
ئىكەن. كاتتىباشلار كۆپ ئەپسۇسلاندى. مىرزا ھەي-
دەر جوراس، مىرزا ھاشىم بايىردىن قاتارلىق كاتتى-
باشلار قارا شەھەر ئوردىسىنى قورشىۋالدى. جوراس
مىللىتىدىن بولغان مۇھەممەت ۋەلى بەگ ئوردىنى
مۇستەھكەملەپ جاۋاب بېرىشكە ئالدىرىدى. مۇھەممەت
ۋەلى بەگ، ئەلى ھەيدەر بەگ جوراسنىڭ بىر تۇغ-
قىنى ئىدى. ھەيدەر بەگ: «بىر تۇغقىنىمنى كۆرگۈم
كەلدى» دەپ ئوردىنىڭ تېشىغا ئادەم چىقارتتى. مىر-
زا مۇھەممەت ۋەلى: «مىرزا ھەيدەر سېپىل تۈۋىگە
كەلسۇن! مەن گىرۋەكنىڭ كۆنگۈرە ئۈستىگە چىقاي،
شۇ يەردە ئۇچرىشايلى» دېدى. ھەيدەر بەگ بارلىق
يېقىن - يورۇق، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن سېپىلنىڭ
تۈۋىگە كەلدى. مۇھەممەت ۋەلى بەگمۇ ئۆز ۋەدىسى-
گە ۋاپا قىلىپ گىرۋەك ئۈستىگە كەلدى. گەپ سو-
راشقاندىن كېيىن، ھەيدەر بەگ: «ئەي ئەزىز بۇرا-
دىرىم، مەملىكەت بىزنىڭ قولىمىزغا ئۆتتى، غېرىبى-
چىلىق مۇشەققىتىنى كۆپ تارتىپ كەتتىڭ. ئەسلى
ۋەتەنگە قايتىدىغان چاغ بولدى. ھەر بىر تەۋەلىك
ھۆكۈمرانلىقنى ئۆزلىرىنىڭ سەمىگە سېلىشقا مۇيەس-
سەر بولۇرمىز» دېدى. مۇھەممەت ۋەلى بەگ: «ئەي
بۇرادەر، ھايامۇ قىلمايدىكەنسەن. باشلىقىم دەيسەن،
يەنە مىرزا شىرىپ ھەسەن بارلاسنىڭ قىزىنى ھاشىم

خوجا سەككە بېرىسەن، يەنە تېخى كاتتىباشىلارنىڭ
كاتتىبېشى دېگەن دەۋانى قىلىسەن، ئۇ يەرگە بېرىپ
باشلىق بولغىنىمدىن غېرىبلىق يۇرتۇمدا گادايى بولغى-
نىم ياخشى» دەپ گىرۋەك ئۈستىدىن پەسكە چۈشۈپ
كەتتى. ھەيدەر بەگ خىجىل بولۇپ، تەسىرلىنىپ
قايتىپ تۆمۈر سۇلتان قېشىغا كەلدى. سۇلتان ئۆزى-
نىڭ پادىشاھلىق تەختىگە قايتىپ، ئۆزىنىڭ چوڭ
ئاتىسى شۇجائۇددىن ئەھمەت خاننىڭ دىدارىغا مۇشەر-
رەپ بولۇپ قەشقەر تەۋەلىكىگە قايتتى.

## ئەمىرلەرنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ۋە شۇجائۇددىن ئەھمەت خاننىڭ ئوغلى تۆمۈر سۇلتاننىڭ ئاقىۋىتى

مىرزا ھەيدەر بەگ جوراس يۈرەكلىك، باتۇر،
ئۇرۇش تېخنىكىسى يۇقىرى، جەددى جەمەت، ئەل-
ئاغىنىلىرى ياخشى ئادەم ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ
چوڭ بىر جەمئىيەت پەيدا قىلدى. قىرغىزلار ھەر
تەرەپكە قاردىشاتتى، مىرزا ھەيدەر جوراس ئارقىدىن
بېرىپ لايىقىدا جاۋاب بېرىپ قايتىپ كېلەتتى.
ئەلقىسسە، تۆمۈر سۇلتاننىڭ مېڭىسىگە مەغرۇر-
لۇق، تەكەببۇرلۇق ئورۇنلىشىۋېلىپ شىكارغا چىقى-
ماقچى بولدى. تەۋاچىلار قەشقەر، يېڭىسارنىڭ ئادەم-
لىرىگە چاقىرىق يەتكۈزۈشتى. چوڭ - كىچىك، يۇقىرى-
تۆۋەن بولۇپ چوڭ جەمئىيەت پەيدا بولدى. ئاندىن
كېيىن سۇلتان ئاتلىنىپ ئاچچىق دېگەن جايغا چۈش-



تى. مىرزا ئەلى موردان بەگنىڭ چادىرىنى بىر جاي-
غا تىككەن ئىدى. بەگ ئۇخلاپ قالغاندا ھەيدەر
بەگنىڭ دوغىسى باساي پالۋان مىرزا ئەلى مەردان
بەگنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. بۇ چاغدا،
چادىرنىڭ بىر تال تانىسىنى باساي
پالۋاننىڭ ئېتى ئۈزۈۋەتتى. مىرزا ئەلى مەرداننىڭ
ئادەملىرىدىن بىر كىشى: «مۇنداق بىئەدەبلىك قىل-
غان كىم؟ ئۇنى ئۇرۇڭلار!» دېدى. مەشكە ئوت قالا-
ۋاتقان، تەن قۇرۇلۇشى چوڭ، كۈچلۈك بىر ئادەم
بىر كالتەكنى تۇتۇپ تۇراتتى، ئۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ،
باساي پالۋاننى ئۇرۇپ قولىنى سۇندۇرۇۋەتتى. ھەم-
دە مىرزا ئەلى مەردان بەگكە خەۋەر يەتكۈزدى.
ئەلى مەردانبەگ باساي پالۋاننى چاقىرتىپ، تازىم
قىلىپ ئۆزرە ئېيتتى، باساي پالۋانمۇ بۇ سىرنى
مەخپىي ساقلىدى. چېقىمچى، چىدىماس كىشىلەر ھەيدەر
بەگنىڭ ئالدىغا بېرىپ: «مىرزا ئەلى مەردان بەگ-
نىڭ ئادەملىرى دوغانىڭ قولىنى سۇندۇرۇۋەتتى»
دەپ ئەرز قىلدى. ھەيدەر بەگ ئاچچىقلىنىپ ئېگىز-
پەس گەپ قىلغىلى تۇردى. باساي پالۋاننىمۇ چاقىر-
تىپ سورىدى. باساي پالۋان ئىنكار قىلدى. ھەيدەر
بەگ پەسەن قىلماستىن تۆمۈر سۇلتانغا: «مىرزا ئەلى
مەردان بىزگە مۇشۇنچىۋالا ئىشلارنى قىلىپتۇ. بىزگە
رۇخسەت قىلسۇن، ئەگەر رۇخسەت قىلمىسا مىرزائەلى
مەردانىنى تەسلىم قىلسۇن» دېدى. ھەيدەر بەگنىڭ
گېپى سۇلتانغا يەتكۈزۈلدى. سۇلتان مىرزا مۇھەممەت

دوست ئەرلات، مەسئۇد بايرىن، شاھى غوزەنپىر
شاھ (ئۇ چاغدا ئۇنى «قارلۇغاچ شاھ» دېيىشەتتى)
ئۇ مەزگىلدە يېڭىسارنىڭ ھاكىمى ئىدى. مىرزا لېتىپ
جوراس، مىرزا شەرىپ بېكچەك (ئۇنىڭ لەقىمى تەۋا-
جى ئىدى) ۋە مەزكۇر كاتتىباشلارنى ئەلى مەردان
بەگكە ھەمراھ قىلىپ، ھەيدەر بەگكە ئۆزرە ئېيتىپ،
تەسەللىي بەرگىلى ئەۋەتتى. مەزكۇر ئەمىرلەر يېتى-
لىپ، ھەيدەر بەگنىڭ ئالدىغا بېرىشتى. ھەيدەر بەگ
ئۇ چاغدا ئاتقا مىنىپ تۇرغان ئىدى. مىرزا ئەلى
مەردان بەگ، ئۇنىڭ بىر تۇغقىنى شاھ مەنسۇر بەگ
ۋە مىرزا مۇھەممەت دوست بەگ، مەسئۇد بەگ،
شاھى غوزەنپىر شاھ، مىرزا لېتىپ ۋە مىرزا شەرىپ-
لەر مەسلىھەتلىشىپ، ئاتتىن چۈشۈپ كېلىپ، ھەيدەر
بەگنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئۆزرە ئېيتىشتى. ھەيدەر
بەگ كاتتىباشلارنىڭ ئۆزرىسىنى رەت قىلدى. سەپ-
تىن ئايرىلىپ چىقىپ، مىرزا ئەلى مەردانغا قېشىغا
كېلىپ دەشنام قىلدى. ھەيدەر بەگنىڭ ئېتىنىڭ
بېشى تىگىپ كېتىپ ئەلى مەردان بەگنىڭ سەللىسى
يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ھەيدەر بەگنىڭ ئېتىنىڭ كۆ-
پۈكى (ماغزىپى) ئەلى مەردان بەگنىڭ بېشىنى بۇل-
غىدى. ھەيدەر بەگنىڭ مىرزا سۇلتان ئەلى دېگەن
بىر تۇغقىنى بار ئىدى. ئۇ دىۋانە سۈپەت، پەيلى
يامان بىر ئادەم ئىدى. قىلىچىنى كۆتۈرگىنىچە ئەلى
مەردان بەگنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئابدۇ-
ۋېلى بەگ دېگەن بىر تۇغقىنى ئەيىبلەپ ياندۇرۇ-



ۋەتتى. مىرزا شەرىپ تەۋاجى سۇلتاننىڭ «ئىشىك
ئاغا»سى ئىدى. بۇ كىشى: «ئەي كاتتىباشلار، بۇ
قېتىم بارايلى! قاچان سۇلتانىم تۆرە بولسا، شۇ چاغ-
دا ئاندىن سۇلتاننىڭ سۆھبىتىدە بولايلى!» دېدى.
دەرھال ھەممەيلەن قايتىپ سۇلتاننىڭ ئالدىغا كېلىش-
تى. جوراسنىڭ كاتتىباشلىرىنىڭ قىلغان قىلىق،
گەپ - سۆزلىرىنىڭ ھەممىسىنى سۇلتانغا يەتكۈزدى.
ئۇ گەپلەر سۇلتانغا قاتتىق تەسىر قىلدى. شۇنىڭ
بىلەن ھەيدەر بەگنىڭ پېيىغا چۈشتى. شاھلارمۇ
قىزىقتۇرۇپ يەكەندىن ئەۋەتتى. سۇلتان ئۆزىنىڭ
كاتتىباشلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ مەسلىھەت قارا-
رى بويىچە، كاتتىباشلارنى بىر - بىرىدىن چاقىرىپ
ئىشنى پۈتتۈرمەكچى بولدى. سۇلتان مەخسۇس ئۆيىدە
ئولتۇرۇپ تۇردى. كارىدور ئىچىدىكى ھۇجرا ئۆيگە
باتۇر جەڭچىلەر يوشۇرۇندى. ھەيدەر بەگنى چاقىرت-
تۇرۇپ ئەكەلدى. ھەيدەر بەگ كارىدورغا كەلگەندە،
سۇلتاننىڭ ئادەملىرى ھۇجرىدىن چىقىپ ئۇنى ئۆل-
تۈردى. ئاندىن كېيىن ئايۇپ بەگ، ئابدۇۋېلى بەگ-
لەرنى ئەكىلىپ ئۆلتۈرۈشتى. مىرزا سۇلتان ئەلى
قىرغىزلار تەرەپكە بارغان ئىدى. قىرغىزلار ئۇنى
يوقلۇق ۋىلايىتىگە ئەۋەتتى. (ئۆلتۈردى) ھەيدەر
بەگنىڭ قالغان ئىككى نەپەر بىر تۇغقىنى قەشقەردىن
قېچىپ يەكەنگە كەلدى. ئۇلارنىڭ ئېتى مىرزا لېتىپ،
مىرزا مۇھەممەت رەھىم ئىدى. شۇجائۇددىن ئەھمەت-
خان بۇ ئىككىيلەنگە دىلدارلىق قىلىپ تەسەللىي بەر-

دى. مىرزا ئەلى مەردان ئوردا بېگىنى قەشقەرنىڭ
ھاكىملىقىغا ئېلان قىلدى.

لېكىن تۆمۈر سۇلتان تەبىئىي زالىم، ھاراقخور بىر كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئايالى تۇردى بىكاۋۇل ۋە خوجا فىيروز كىرەك يەراغىنىڭ قىز بىر تۇغقىنى (ھەمشىرىسى) ئىدى. ئۇنىڭدىن ئىككى ئوغۇل ۋۇجۇدقا كەلدى. چوڭ ئوغلىنىڭ ئېتى پولاتخان دەپ داڭلانغان سۇلتان ئەھمەتخان ئىدى. كىچىك ئوغلىنىڭ ئېتى قېلىچخان دەپ داڭلانغان سۇلتان مەھمۇتخان ئىدى. مۇنۇ كىچىك ئوغلى تېخى تۇغۇلماستا سۇلتان مەستلىك ھالىتىدە ئايالىمنىڭ ھامىلدارلىق ۋاقتى توشۇپ قالدى دەپ ئاتقا مىنىپ ئاتارمەن - چاپارمەنلىرى بىلەن قىزىلنىڭ لېۋىگە كەلدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇ ئىدىكى ئاسىيا بېگىمنىڭ كوچىسىدىن ئۆتسە بالا تۆكۈلىدۇ، دېگەندەك گەپ - سۆزلەر تارقالغان ئىدى. ئاسىيا بېگىمنى تېپىپ ئاسىيا كوچىسىدىن ئۆتۈپ ئوردىغا قايتىپ كەلدى. ئوردىدا بىر قىز قال-غان ئىكەن، سۇلتان ئۇنىڭدىن خەۋەردار بولۇپ كەي-نىگە يېنىشى، ئۇ كېنىزەك سۇلتاندىن قورقۇپ قەب-رىستانلىققا قاچتى. سۇلتان كېنىزەكنىڭ ئارقىسىدىن ئات سېلىپ، راۋان بولدى. لېكىن ئېتىنىڭ پۇتى بىر قەبرىگە پېتىپ كېتىپ يىقىلىپ، شۇ يەردە ئالەمدىن ئۆتتى. ھەيدەر بەگنى ئۆلتۈرۈپ بىر يىل پادىشاھلىق قىلدى. ئاللا ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.



## ئابدۇرېشىت خان ئوغلى يۇنۇس سۇلتانىنىڭ ئوغلى شەرىپۇددىن سۇلتانىنىڭ قارشىلىق كۆرسەتكىنى

شەرىپۇددىن سۇلتان يەكەندە ئىدى. تۆمۈر سۇل-تانىنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ مىرزا مۇھەممەت دوست ئەر-لات، مىرزا مەسئۇد بايرىن، قارلۇغاچ شاھ، مىرزا لېتىپ جوراس ۋە خوجا مۇستەفالار قەشقەردىن يەكەنگە كېلىشتى، شۇجائۇددىن ئەھمەتخان قەشقەر-نىڭ سارايۋەنلىكىگە شاھى پەرپەنى ئەۋەتتى. شاھى پەرپە ئاق مەسچىت يېزىسىغا چۈشتى. خان ۋە باشقا كاتتىباشلار تۆمۈر سۇلتانىنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا مەشغۇل بولۇشتى. مىرزا شىرىپ بېكچەك، خوجا مۇس-تەفا ۋە ھەيدەر بەگنىڭ بىر تۇغقانلىرى: لېتىپ بەگ، مىرزا مۇھەممەت رېھىم ئارىپ پالۋان، مىرزا سۇلاي-مان شاھ، ئادىل خوجا قاپاق ۋە يەنە بىرقانچە كىشىلەر بىرلىكتە كېلىپ شەرىپۇددىن سۇلتانىنى ئېلىپ يەكەندىن قەشقەرگە قېچىشتى. قەشقەردە مىرزا ئەلى مەردان بەگ ۋە ئۇنىڭ بىر تۇغقىنى مىرزا شاھ مەنسۇر بەگ، مىرزا تۆمۈر جوراس، تۇردى بىكاۋۇل ۋە خوجا فىروز كىرەك ياراغلارنى قالدۇ-رۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇلار خەۋەرسىز ئىدى. مەزكۇر باشلىقلار كېچىدە كېلىپ شەرىپۇددىن سۇلتانىنى خان-لىققا كۆتۈرۈشتى. تۆمۈر سۇلتانىنىڭ كاتتىباشلىرىنى،

چاقىرتتۇرۇپ ئەكەلدى، ئاندىن كېيىن بۇلاڭ - تا-
لاڭ قىلىپ تۈرمىگە بۇيرۇق قىلدى. خان شەرىپۇد-
دىن سۇلتاننىڭ ئارقىسىدىن سۇلتان مىرزا موناق
جوراسنى نۇرغۇن لەشكەر بىلەن ئەۋەتتى. موناق
بەگ قەشقەر ۋىلايىتىگە يېتىپ كېلىپ شاھى پەرىپە
بىلەن بىرلىشىپ قەشقەر ئوردىسىنى مۇھاسىرە قىلىش-
قا مەشغۇل بولۇشتى. ھارام تاماق كاتتىباشلار شەرى-
پۇددىن سۇلتانغا: «زىنداندىكىلەرنىڭ بېشىغا ئوت
تاشلىساق ئىكەن» دەپ ئەرز - دات قىلىشتى. سۇلتان-
غا بۇ گەپ ماقۇل كەلدى: «سەھەر ۋاقتىدا زىندان-
دىكىلەرنىڭ بېشىغا ئوت ياقىمىز!» دەپ قارارلىشىپ
ھەرقايسىسى ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتىشتى.
بۇ ئىشتىن ئاقسۇلۇق موللا قارى خەۋەردار بو-
لۇپ قېلىپ ئەلى مەردان بەگ بىلەن باشقا كاتتىباش-
لارنى زىنداندىن قۇتۇلدۇرۇۋالدى. كاتتىباشلار كۆك
ساراي تەرەپكە راۋان بولۇشتى. ئۇ يەردە كەڭرى
بىر شورا بار ئىدى. كاتتىباشلار ئەنە شۇ شورا ئار-
قىلىق سېپىلدىن سەكرەپ چىقىپ خاننىڭ مىرزا
موناق جوراس ۋە لەشكەر باشلىقى شاھ پەرىپەلەردىن
ئىبارەت كاتتىباشلىرى بىلەن بىرلىشىپ سېپىلنىڭ
قورشاۋىنى ئىنتايىن چىڭ تۇتتى. شۇنىڭ بىلەن شەرى-
پۇددىن سۇلتان بىلەن ھارام تاماق كاتتىباشلارنىڭ
ئىشى قىيىنىغا چۈشتى.
شەرىپۇددىن سۇلتان، لەتىپ بەگ، مىرزا مۇھەم-
مەت رەھىم ۋە بىرقانچە باشلىقلار قېچىپ بەدەر



كەتتى. كاتتىباشلار ئۇتقاننى ئۇرۇپ - دۇمبالاپ ئې-
لىپ كېلىشتى. مىرزا شىرىپ، مىرزا سۇلايمان شاھ
ۋە باشقا بىر قانچە باشلىقلار سۇلتانغا يېتىشمەي،
تاغدا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ئىدى. مىرزا شىرىپ كۆك-
نار ئىچىپ ئادەتلەنگەن ئىدى، كۆكنارى تۈگەپ كېتىپ
كۆكنارغا ئادەم ئەۋەتكەن ئىدى. بىر كىشى ئۇنى
تونۇپ قېلىپ ئۇتۇۋېلىپ، يول باشلىتىپ ئۇلارنىڭ
بار يېرىگە مېڭىشتى. بېرىپ ئۇلارنىمۇ تۇتۇپ ئېلىپ
كېلىشتى. بارلىق ھارام تاماقلارنى جۇغلاپ، مىرزا
سۇلايمان شاھ بىلەن ئارىپ پالۋاننى قەشقەردە دارغا
ئاستى، قالغانلارنى چاپما كېسەك قىلدى. شەرىپۇد-
دىن سۇلتان، لەتىپ بەگ مىرزا مۇھەممەت رەھىم،
مىرزا شىرىپ، خوجا مۇستەفا، مىرزا مۇھەممەت ياقۇپ
دوغلات ئوغلى مىرزا مۇھسىن، مىرزا ھەيدەر، راغون،
مىرزا يۇنۇس قوپالى، ئادىل خاجەئى قاپاق ۋە قال-
غان كاتتىباشلارنى مىرزا موناق بەگ بىلەن شاھ
پەرىپەلەر خاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. مىرزا شى-
رىپ، لەتىپ بەگ، مىرزا مۇھەممەت رەھىم ۋە خوجا
مۇستەفالارنىڭ قوللىرىنى باغلاپ، يۈزلىرىگە قارا
سۈرتۈپ دارغا ئاستى. شەرىپۇددىن سۇلتان، مىرزا
مۇھسىن، مىرزا ھەيدەر، مىرزا يۇنۇسلارنى پالاپ
چىقاردى، ئادىل قاپاق قاتارلىق بىرقانچەيلەننى
بولسا تۈرمىدىن خالاس قىلدى. شەرىپۇددىن سۇلتان-
نىڭ بىر تۇغقىنى مەھدى سۇلتاننىمۇ پالاپ چىقاردى.
ئاندىن باشقا ئۇنىڭ يەنە قۇرەيش سۇلتان، سەيپۇل-

مەلۈك سۇلتان دېگەن ئىككى بىر تۇغقىنى بار ئىدى. خۇدا بۇيرۇسا ئۇلارنىڭ ۋەقەلىرىمۇ تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلىدۇ.

## شۇجائۇددىن ئەھمەت خاننىڭ چوڭ تاغىسى ئابدۇرېھىم خانغا لەشكەر تارتقىنى

ئېيتىلىشىچە: تۆمۈر سۇلتان پانىي دۇنيادىن مەڭگۈلۈك سارايغا كۆچتى (ۋاپات بولدى) شۇنىڭ بىلەن غەم - قايغۇ شۇجائۇددىن ئەھمەت خاننىڭ ۋۇجۇدىنى قاپلىدى. ئۆزىنىڭ كاتتىباشلىرىغا مەسلىھەت سالدى. كاتتىباشلار: «ئەگەر لەشكەرنى ئېلىپ قاراشەھەر، تۇرپان تەرەپلەرگە ماڭمايدىغان بولساق، شانى شەۋكەتلىك، يۈرەكلىك، سالىھ، ئادىل ئابدۇرېھىم خان پادىشاھ مۇبادا غەلىبە قىلىپ قالسا پۈتۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ لەشكەر توپلايدۇ» دەپ مەسلىھەت بېرىشتى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، دەسلەپكى يىلى مىرزا ئەبۇغۇر بېرىپ مەغلۇپ بولدى. گەپدان تۆمۈر سۇلتان شۇجائۇددىن ئەھمەت خاننىڭ قوللىرىنى سۇندۇردى. لەشكەر توپلاپ يەكەندىن 1000 كىشىنى راۋان قىلدى. ئۇلارنىڭ باشلىقى مىرزا نەزەر مۇھەممەت جوراس بولدى. مىرزا مۇھەممەت يۈسۈپ بەگ خوتەننىڭ لەشكەرلىرىنى ئېلىپ راۋان بولۇپ ئاقسۇغا يېتىپ كەلدى. ئۇلۇغ مىرزا ھاشىم بەگ، مىرزا ھاشىم جوراسلار ئاقسۇ، ئۇچتۇرپاننىڭ ئادەملى-



رىنى ئېلىپ، قاراشەھەر، تۇرپان تەرىپىگە يۈزلىنىپ كورلىغا يېتىپ كەلدى. ھەزرىتى ئابدۇرېھىم خان خەۋەردار بولۇپ لەشكەرلىرىنى رەتلەپ ئۇلارنىڭ يولىنى توستى، ئىككى تەرەپ ئۇرۇشۇشقا باشلىدى. ئىسكەندەر سۇلتان ئابدۇرېھىم خاننىڭ سۆھبىتىدە ئىدى. ئۇ خانغا: «ئەي شەھرىيارى ئالەم، قاتتىق ئۇرۇش بولۇپ كەتتى، ۋاقىت زىخ، ماڭا 40 نەپەر ئادەم قوشۇپ بەرسىلە، مەن بېرىپ دۈشمەننىڭ يولىنى توسايلى، ئەگەر تىرىك قالساق، جېنىمىزنى ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتىگە پىدا قىلغايمىز» دېدى. پادىشاھ ئۇنىڭغا 40 ئادەم بەردى. ئۇ 40 ئادەم بىلەن قوراللىنىپ بېرىپ دۈشمەننىڭ يولىنى توستى. خۇدابەندى سۇلتاننىڭ ئوغلى ئىسكەندەر سۇلتان شۇجائۇددىن ئەھمەت خاننىڭ كاتتىباشلىرىنىڭ ئارىسىدا ئىدى. ئىسكەندەر سۇلتاننىڭ ھەمراھلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مەنچەنەقنىڭ ئوقى تېگىپ يىقىلدى. ئابدۇرېھىم خان بولسا ھەمىشە ھۇجۇمغا ئۆتۈش داغدۇغىسىنى قىلاتتى، لېكىن مۇھەممەت ۋەلى بەگ جوراس توسۇپ تۇراتتى. بىر چاغدا ئىسكەندەر سۇلتان مەنچەنەق ئوقى تېگىپ يىقىلدى. بۇنى كۆرگەن مۇھەممەت ۋەلى بەگ: «ئەي پادىشاھىم! ئەمدى بىز تۇغ - پۇغلىرىمىزنى ئېلىپ ئات سالمىساق بولمىدى» دېدى. ھەزرىتى ئابدۇرېھىم خاننىڭ قولىدا تەسۋى بار ئىدى. تەسۋىنى يېنىغا سېلىپ قويۇپ دۈشمەن تەرەپكە راۋان بولدى. ھەممەيلەن بىراقلا ھۇجۇمغا ئۆتتى.

شۇجائۇددىن ئەھمەت خان تەرەپتىكىلەر مەغلۇپ بولدى. مەغلۇپ بولغان كاتتىباشلار ئىسكەندەر سۇلتاننىڭ ھەمراھلىقىدا خاننىڭ ئالدىغا كېلىشتى. ئىسكەندەر سۇلتان بولسا شۇ جەڭدە ئۆلدى. شۇجائۇددىن ئەھمەت خان كاتتىباشلارغا غەمخورلۇق قىلىپ ئىسكەندەر سۇلتاننى ئاقسۇغا ئەۋەتتى. ئىختىيارىنىڭ يۈگىنىنى مىرزا ھاشىم بەگنىڭ قولىغا تاپشۇردى.

## «ئاپاق خان» دەپ نام ئالغان ئابدۇلېتىپ خاننىڭ دەسلەپكى ئەھۋالى

ئابدۇلېتىپ خان بولسا مۇھەممەت خان قۇددۇسە سىررۇھۇلئەزىزنىڭ ئوغلى شۇجائۇددىن ئەھمەت خاننىڭ ئاخىرقى بالىسى ئىكەن. ئۇنى قەشقەرلىكلەر چوڭ - كىچىك، يۇقىرى - تۆۋەن ھەممىسى، قەشقەردىن خاننىڭ سۆھبىتىگە كېلىپ كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىنلا خاندىن تەلەپ قىلىشتى. خان ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، مىرزا ئەبۇغۇر ساغرىنى ئاتابەگ قىلىپ بەردى. ئابدۇلېتىپ خاننى بولسا قەشقەرگە ئەۋەتتى. ئۇ چاغدا تېخى ئابدۇلېتىپ سۇلتان 11 ياشتا ئىدى. كاتتىباشلار ئۆزلىرىنىڭ پەرزەنت، بىر تۇغقانلىرىنى ئابدۇلېتىپ خاننىڭ سۆھبىتىگە ئەۋەتىشتى، ئاللا ھەممىدىن بەك بىلگۈچىدۇر.



## خۇدابەندى سۇلتاننىڭ ئوغلى ئىسكەندەر سۇلتاننىڭ شۇجائۇددىن ئەھمەت خانغا قارشىلىق كۆرسەتكىنى، خاننىڭ ئاقسۇ، ئۇچتۇرپانلارغا لەشكەر تارتقىنى ۋە ئىسكەندەر سۇلتاننىڭ ئاقىۋىتى

ئىسكەندەر سۇلتانغا شۇجائۇددىن ئەھمەت خان ئۆزىنىڭ قىزى پادىشاھ خانىمنى بېرىپ ئاقسۇ مەملىكىتىدە قويغان ئىدى. سۇلتاننىڭ يېقىنلىرىدىن سۇلتان مىرزا رىزا، مىرزا شاھ مۇرات، مىر مۇھەممەت مەنسۇر شاھ، خوجا ئابدۇغاپپار، خوجا مۇھەممەت سادىق تۆغبېگى ۋە باشقا بىرقانچە نام كۆتۈرگەن باتۇر، ياراملىق جەڭچىلەر سۇلتاننىڭ سۆھبىتىدە بولغان ئىدى. ئۇلار ئاقسۇ، ئۇچتۇرپاننىڭ ئادەملىرى بىلەن مەخپىي تىل بىرىكتۈرۈپ كاتتىباشلارنى ئۆلتۈرۈش قەستىگە چۈشتى. مەجلىستە مىرزا نەسىر يارقىنى ئۆلتۈرمىز دەپ مەسلىھەت قىلىشتى. مىرزا ھاشىم جوراسقىمۇ كىشى ئەۋەتتى. مەجلىسنىڭ باھانىسى مىرزا نەسىر ئىدى. ناماز بامداتنى ئۆتەپ بولغاندىن كېيىن مىرزا ھاشىمبەگ، مىرزا شىرىپ جوراس، مىرزا مۇھەممەت سەئىد جوراسلار قورغانغا چۈشۈپ سۇلتانغا: «مۇشۇ تازا ئوبدان ۋاقىت، مىرزا نەسىرنىڭ ئۆيىگە قەدەم تەشرىپ قىلسىلا! بىز شۇنىڭ ئۈچۈن كەلگەن ئىدۇق» دېدى. ئىسكەندەر سۇل-

تان كىرىپ: «غاز كاۋىپى تەييار، كاتتىباشلار كىرسە
كاۋاپ يەيمىز» دېدى. مىرزا ھاشىم بەگ، مىرزا
مۇھەممەت سەئىد، مىرزا شەرىپلەر قورغاننىڭ ئىچىگە
كىردى. مىرزا مۇھەممەت سەئىدنىڭ قولىدا قارچىغۇ
بار ئىدى. مىرزا مۇھەممەت سەئىدنىڭ كونا دوستى
خوجا مۇھەممەت سادىق توغبېگى قورغاننىڭ ئىشىكىدە
تۇرغان ئىكەن، ئۇ مىرزا مۇھەممەت سەئىدقا بىر ئاز
ئۇچۇر بېرىپ قويدى. مىرزا مۇھەممەت سەئىد ئەھ-
ۋالنى چۈشىنىپ قولىدىكى قارچىغۇنى قويۇۋەتتى،
ئارقىدىنلا «قارچىغۇم ئۇچۇپ كەتتى، ئۇنى تۇتۇپ
كېلىۋالاي» دەپ كەينىگە ياندى. مىرزا ھاشىم بەگ،
مىرزا شېرىپلارغا دەپ قويۇشنىڭ ئىمكانىيىتى بول-
مىدى. سۇلتاننىڭ ئادەملىرى «ئەي مۇھەممەت سەئىد
بەگ، سۇلتانىم ئۆزلىرىنى چىرلاۋاتىدۇ. بىر سائەت
تۇرۇپ بەرسىلە» دەپ مىرزا مۇھەممەت سەئىدنىڭ
كەينىگە كىرىۋالدى. لېكىن مىرزا مۇھەممەت سەئىد
ئىككىلەنمەستىنلا ئاتقا مىنىدى ـ دە، بازار تەرەپكە
راۋان بولدى. مىرزا مەلىك قاسىم ئاكوپتا ئىدى،
چاقىرىقتىن خەۋەر تېپىپ قېچىپ، ئوڭ ـ ساراڭنىڭ
ئارىلىقىدا ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشتى.

ئەلقىسسە، مىرزا مۇھەممەت سەئىد ئازراق يول
ماڭغاندىن كېيىن ئۇچتۇرپاندىن چاقىرىپ كېلىنگەن
مىرزا ھاشىم جوراس، مىرزا مۇھەممەت دوست جو-
راسلار بىلەن ئۇچراشتى. مىرزا مەلىك قاسىم بەگ،
مىرزا مۇھەممەت سەئىدلەر ئەھۋالنى باشتىن ـ ئا-



ياغ ئۇقتۇرىدىغا قويدى. مىرزا ھاشىم جوراس، مىرزا
مۇھەممەت دوستلار ئۇچتۇرپان تەرەپكە راۋان بو-
لۇشتى. مىرزا مەلىك قاسىم، مىرزا مۇھەممەت سە-
ئىدلەر يەكەن تەرەپكە قېچىپ كەتتى. ئاندىن كېيىن
مىرزا مەزىدبەگ ھارغىنلىقتا ماڭدى. ئىسكەندەر
سۇلتان ئۆزىنىڭ كاتتىباشلىرىنى قاچقانلارنىڭ ئار-
قىسىدىن ماڭغۇزدى. ئۇلار ئىككى گۇرۇپپا بولدى.
مىرزا ۋىزا ھالالى، مىر مۇھەممەت مەنسۇر ۋە باشقا
بىر قانچە كىشىلەر مىرزا ھاشىم، مىرزا مۇھەممەت
دوستلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ قۇم ئېرىق دەريا-
سىنىڭ لېۋىدە، مىرزا مۇھەممەت دوستنىڭ ئېتى خاتا
ماڭغان ئىكەن، ئۇنىڭغا مەدەتكار بولدى. مىرزا ھاشىم
بەگ جوراس ئۇچتۇرپان تەرىپىگە بېرىپ، ئۇچتۇرپان-
نىڭ سېپىلىنى قورشاپ دۈشمەننىڭ جاۋابىنى بەرمەك-
چى بولۇپ، ئۇچتۇرپان سېپىلىغا يېتىپ كەلدى. مىرزا-
شاھ مۇھەممەت ئەسكى تاقى كېچە كېلىپ ئۇچتۇرپان
سېپىلىنى قورشىغان ئىدى. مىرزا ھاشىم جوراس بىچارە
بولۇپ قىرغىز تەرەپكە كەتتى. قىرغىزلار مىرزا ھاشىم
بەگ جوراسنى ئۆلتۈرۈپ، ئات، قورال جابدۇقلىرىنى
ئېلىۋالدى، مىرزا مۇھەممەت دوستنى تۇتۇپ، سۇلتان-
نىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشتى. مىرزا ھاشىم بەگ ياي-
رىنى، مىرزا شېرىپ جوراسنى ۋە ئۇنىڭ بىر تۇغ-
قىنى مىرزا ھەيدەرنى ئاقسۇلۇقلارغا بۇيرۇپ شېھىت
قىلدۇردى. ئىسكەندەر سۇلتاننىڭ كاتتىباشلىرىدىن
يەنە بىر گۇرۇھ ئادەملەر مىرزا مەلىك قاسىمبەگ،

مىرزا مەزىد بەگ ۋە مىرزا مۇھەممەت سەئىدلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈرگەن ئىدى. ئۇلار، مىرزا رىزا، قۇربان قەلى پالۋاننىڭ ئوغۇللىرى ۋە باشقا كاتتىباشلار بولۇپ ھېلىقى كاتتىباشلارنىڭ كەينىدىن يېتىشتى. قاتتىق ئۇرۇش بولدى. ئىسكەندەر سۇلتاننىڭ ئادەملىرى غەلىبە قىلدى. مىرزا مەزىد باش بولۇپ سۇلتاننىڭ ئادەملىرىگە چېقىلدى. مەزىد بەگنىڭ ئېتىغا ئوق تېگىپ يارىدار بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەزىد بەگ پىيادە قالدى. مەزىد بەگنىڭ كۆزىگە جاھان قىزىل كۆرۈندى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئايالى ئائىشە بەگ ئاغا ئېرىنى دۈشمەننىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆردى. بىچارە ئاتتىن بىرنى ئېلىپ ئېرىنىڭ قېشىغا يېتىپ كېلىپ ئاتنى ئۇنىڭغا بەردى. مەزىد بەگ ئايالىغا كۆپ رەھمەت ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاتقا مىنىپ يارەنلىرىنىڭ كەينىدىن يېتىشىۋالدى. ئاندىن ئۇلار بارچۇق تەۋەلىكىگە يېتىپ كەلدى. مىرزا قۇربان جوراس ئۇ چاغدا بارچۇقنىڭ ھاكىمى ئىدى. ئىككى تەرەپ ئۇچرىشىپ قالدى. ھېلىقى كاتتىباشلار خاننىڭ خىزمىتىگە ئالدىراشتى. خان مىرزا ھاشىم بەگنىڭ مىرزا مەلىك قاسىم، مىرزا بەگ قاسىم ۋە مىرزا مەسئۇدلاردىن ئىبارەت ئوغۇللىرىغا غەمخورلۇق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ماتەمىنى تۇتۇپ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. شۇنداقلا مىرزا ھاشىم جوراسنىڭ مىرزا مەزىد بەگ، مىرزا قۇربان ۋە مىرزا مۇھەممەت سەئىددىن ئىبارەت بىر تۇغقانلىرىغا غەمخورلۇق قىلىپ، ئۇلار ھەققىدە تۇر-



لۇق ئىززەت-ئىكراملارنى قىلدى. ئاندىن كېيىن لەشكەر توپلاشقا مەشغۇل بولدى. لەشكەر يىغىپ، رەتلەپ، ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىسكەندەر سۇلتانغا قارشى ئاقسۇ تەرەپكە راۋان بولدى. شۇجائۇددىن ئەھمەت خان ئاقسۇغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىسكەندەر سۇلتان ۋە ئاقسۇلۇق ئادەملەر قورغانلىرىغا كىرىپ مۇداپىئەدە تۇرۇپ قارشىلىق كۆرسەتتى. خان ئاقسۇنىڭ سېپىلىنى قورشىدى. ئاقسۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قەھەتچىلىك پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئەھۋالى قىيىنغا چۈشتى. بىر ئادەمنى تۇتۇپ قولىنى باغلاپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. خان دەرھال ئۇنىڭ قولىنى يېشىۋېتىپ مېھرى شەپقەت بىلەن يۇمشاق مۇئامىلە قىلدى (باغلاقتىن خالاس قىلىۋەتتى).
خان: «بۇ مەملىكەت مېنىڭ ئاتا مىراس مۈلكىم، بۇ يەرگە كەلگەنلەر كاتتىباشلارنىڭ زۇلمىدىن قېچىپ كېلىدۇ» دېدى ۋە ئوچتۇرپان سېپىلىنى قورشاشقا ماڭدى. مىرزاشاھ مۇھەممەت ئەسكى تاقى يەنە بىر سېپىلنى ئىستىھكام قىلىپ قورشاپ تۇرغان ئىدى. خان ئوچتۇرپان ئادەملىرىنى قىستاپ قويۇپ ئاقسۇ تەرەپكە كەلدى. ئادەملەر تەگلىكتە تۇرغان ئىدى. خانغا ئادەم ئەۋەتىپ ئەكەلدۈرۈپ: «ھەزرىتى خان يەكەنگە قايتسۇن! ھازىر بىز قورقۇۋاتىمىز، خان ھەزرەتلىرىگە كۆرۈنۈشكە جۈرئەت قىلالمايۋاتىمىز، كاتتىباشلاردىن بىرسى كەلسۇن بىز ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىپ كۆرۈنۈشكە ئالدىرايمىز» دېدى.

شۇجائۇددىن ئەھمەت خان ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان ئادەملىرىگە ياخشىلىقتىن خۇش خەۋەر، يامانلىقتىن تەھدىتلەر قىلىپ يەكەنگە قايتىپ كېلىپ، پايتەختتە ئولتۇرۇپ، شاھىم قۇلى كېرەك - ياراغنى ئورغۇن ئادەملەر بىلەن ئاقسۇغا ئەۋەتتى. شاھىم قۇلى كېرەك ياراغ ئابدىمىلىك دېگەن جايغا چۈشۈپ ئاقسۇغا ئادەم كىرگۈزدى. ئاقسۇنىڭ ئادەملىرى ۋەيران بولۇپ شاھىم قۇلى كېرەك ياراقنىڭ ئالدىغا كېلىشتى. كېرەك ياراغ خاننىڭ ياخشىلىق ۋە ئىنئاملىرىنى يەتكۈزۈپ ئاقسۇ سېپىلىگە كېلىپ ئولتۇردى. ئىسكەندەر سۇلتان قورغاندا قالدى. قورغان ئەتراپىدىكى مۇھاسىرە ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتتى، 40 كۈندىن كېيىن سۇلتان كېسەل بولۇپ چىقىپ كەلدى. شاھىم قۇلى كېرەك ياراغ سۇلتاننى تۇتۇپ يەكەن تەرەپكە راۋان بولدى. ئاي كۆل سارىغ كەنتىدە ئەبدال دېگەن بىر جاي بار ئىدى، شۇ يەرگە چۈشۈپ ئىسكەندەر سۇلتاننى ئۆلتۈرۈپ شۇ يەرگە دەپنە قىلدى. سۇلتان ۋاپات بولۇش ئەرپىسىدە ئۆز ھالىغا ماسلاشتۇرۇپ مۇنۇ رۇبائىينى ئوقۇدى:

ئېتىڭ بوراق، ئىگەرىڭدۇر فىروزە،
بولما مەغرۇر ۋاپاسىز بۇ كۈندىگە.
بۈگۈن سۇنغاي پىيالە، ئەتە كوزا...
بولساڭمۇ غەرق ئۈچكۈنلۈك دۆلىتىڭگە.



شاھىم قۇلى كېرەك ياراغ، پۈتۈن لەشكەرنى ئېلىپ يەكەنگە يېتىپ كېلىپ خانغا كۆرۈنۈش قىلدى. خان كۆڭۈل بۆلۈپ شاھىم قۇلى كېرەك ياراغنى مۆتىۋەللىلىك ① كە تەيىنلىدى. مىرزا موناق بەگنى ئاقسۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئىنئام قىلىپ يولغا سالدى. شۇ يىلدا ئاقسۇدا قەھەتچىلىك يۈز بېرىپ تا ھازىرغىچە مىرزا موناقنىڭ قەھەتچىلىكى دېيىشىدۇ.

## مۇھەممەت خان (ئاللا ئۇنى مەڭگۈ جەننەت باغچىسىدا قىلغاي) نىڭ ئوغلى شاھى شۇجائۇددىن ئەھمەت خاننىڭ ئاقىۋىتى

ئىسپات قىلىنىشىچە، شۇجائۇددىن ئەخمەت خان ئەقىللىك، ياۋاش، چىرايىدىن كەمتەرلىك چىقىپ تۇرىدىغان بىر پادىشاھ ئىدى. ئۇ ئاقسۇنىڭ لەشكىرىدىن قايتىپ كەلدى. شاھلار خان بىلەن ئەبۇ سەئىد سۇلتان ئوغلى ئەبۇكە سۇلتاننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ پەيدا قىلدى، ئەبۇكە سۇلتاننى بەلىخ تەرەپكە چىقىرىۋېتىشتى، ئەبۇكە سۇلتان ئىمام قۇلى خان (ئاللا ئۇنىڭ ياتىدىغان جايىنى نۇرلۇق قىلغاي) نىڭ ئالدىغا باردى. ئىمام قۇلى خان غەمخورلۇق قىلىپ قۇندۇزنىڭ ئەمىرلىكىنى ئۇنىڭغا بەردى.

ئەلقىسسە، شۇجائۇددىن ئەخمەت خان، يەكەن، قەشقەر، يېڭىسار، ئاقسۇ، كۇچار، خوتەن، سېرىقكوللارنى

① مۆتىۋەللى — ئىگىدارلىق قىلغۇچى

ھەتتا بەدەخشانغىچىلىك ئۆز قولىغا كىرگۈزۈپ ئۇن
يىل مۇستەقىل پادىشاھلىق قىلدى. مىرزا ئەبۇلھادى
مىسكىرىت بىرقانچە يىل خانىنىڭ خىزمىتىدە بولغان
ئىدى. ئۇنى كۈچارنىڭ پادىشاھلىقىغا ئەۋەتتى. مىر-
زا مۇھەممەت يۈسۈپ بەگ بايىردىن خوتەندىن كەلگەن
ئىدى. قەشقەر كاتتىباشلىرى كېلىپ خانغا ئەھۋال
ئېيتىپ، مىرزا مۇھەممەت يۈسۈپ بەگنى تەلەپ قىل-
دى. خان ئۇلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن مىرزا مۇھەم-
مەت يۈسۈپنى ئەبدۇلېتىپ خانىنىڭ ئاتا بەگى قىلدى.
مىرزا ئەبۇغۇر بەگنى بولسا خوتەننىڭ باشلىقلىقىغا
ئەۋەتتى. شۇجائۇددىن ئەخمەت خان كەڭ كۆشادە ئوۋ
ئوۋلاش، شىكار قىلىش بىلەن بولدى. خان قۇش
چىگىرىنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. مىرزا شاھنىڭ
ئوغلى ئەبولمەئانى شاھ خانىنىڭ ئىشىك ئاغاسى بولدى.
سېرىق قولنىڭ ھوقۇقى مىرزا شاھ ئوغلى مۇھەممەت
قاسىم شاھقا بېرىلدى. يولدىن ئازغان ئەبۇلمەئانى
شاھ، قارا يۈز مۇھەممەت قاسىم شاھلار خانغا قارشى
چىقىشتى. بۇ ھارام تاماقلار گۇرۇھىدىكىلەر 500 گە
يېقىن كىشى ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ (خانىنىڭ) شاھ
پەرىپە دېگەن بىر تۇغقىنى ئەلى ئىسقەر شاھ
خانغا دەپ قويمىدى. ئەلى ئەسقەر شاھ يەكەننىڭ
ھاكىمى ئىدى. شاھ پەرىپە: «خانغا خېزىنىدە بۇ ئەھ-
ۋال يەتكۈزۈلۈپ بولدى» دەپ ئويلاپ: «ئەي پادى-
شاھى جاھان، ئەبۇلمەئانىدىن كۆڭلۈم خاتىرجەم ئە-
مەس، ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك» دېدى. خان



شاھ: «ئەي شاھىم، سىلە تۇرۇقلۇق بۇ ئىش ئانچە
سوزۇلۇپ كەتمەس» دەپ جاۋاب بەردى. شاھ پەر-
پەچازا قورۇپ ئۆلتۈرۈپ «ئەي پۈتۈن ئالەمنىڭ پا-
دىشاھى، ئەبۇلمەئانى بىلەن مۇھەممەت قاسىملەرنى
ئۆلتۈرەيلى ياكى قوغلاپ چىقىرايلى» دېدى. خان تە-
ۋەككۈلنى خۇداغا قىلىپ: «شاھ ئەبۇلمەئانى بىلەن
شاھ مۇھەممەت قاسىملارنى باشتىن ئاخىر بىز تەر-
بىيىلىگەن ۋە كۆپ تۇز بەرگەن ئىدۇق، ئەگەر ئۇلار
بىزگە سۇيىقەست قىلىشقا ئۇرۇنسا خۇدايىتائالا ھازىر،
ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر» دېدى. بۇنىڭدىن ئار-
تۇق بىر نېمە دېمىدى. خان شىكارغا بېرىپ ھەرقاي-
سى ئورۇنلارنى ئايلاندى.

بىر كۈنى ئۇ بارچۇق تەرىپىگە بېرىپ قابالى
مىراب دەپ ئاتالغان شاھ نەزەر مىرابنىڭ ئۆيى-
گە چۈشتى. خان بىرقانچە يېقىن ئاغىنىلىرى خوجا
مۇزەپپەر، خوجا ۋەيس، خۇدا بەردى بەخشى، خوجا
شەھرۇخ ۋە باشقىلار بىلەن مىرابنىڭ سارىيىدا بىل-
لە بولدى. كاتتىباشلاردىن خوجا لېتىپ، مىرزا مەلىك
قاسىم، مىرزا لېتىپ جوراس قاتارلىقلار بوستاندا
ئۇخلاۋاتاتتى. يولدىن ئازغان شاھ ئەبۇلمەئانى، قارا
يۈز شاھ مۇھەممەت قاسىملار يېرىم كېچىدە 200
نەپەر ئاتلىق، قوراللىق كىشىلەرنى باشلاپ خانىنىڭ
ئۈستىگە يېتىپ كەلدى. كاتتىباشلاردىن قايسى بېشى-
نى كۆتۈرسە شۇنى ئاتتى، شۇنىڭ بىلەن كاتتىباشلار
ئىدىرلىماي يېتىشتى. خان مىرابنىڭ سارايىدا ئىدى.

شاھلارنىڭ ئادەملىرى ھەلقە قۇرۇپ ئولتۇرۇشتى. خان
خوجا ۋەيس مىرئاخور، خۇدا بەردى بەخشىلەرگە «ئى-
شىكنى ئېتىڭلار!» دەپ بۇيرۇق قىلدى. ئۇلار ئىشىك-
نى ئېتىشتى. خوجا مۇزەپپەر: «ئامبارغا كىرىۋالايلى»
دېدى. بىر نامەرد چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتتى. ئۆي قا-
راڭغۇ بولدى. خان ئامبارغا كىرىۋالدى. شاھلارنىڭ
ئادەملىرى سارايىنىڭ ئىچىگە كىرىشتى. قاراڭغۇدا بىر
قانچە كىشىلەرنى زەخمىلەندۈردى. ئاتۇشلۇق خوجا
مۇزەپپەر خاننىڭ يېقىنى بولۇپ، مىرابلىق قىلاتتى.
ئۇنىمۇ زەخمىلەندۈردى. خان: «ئۆي قاراڭغۇ. بۇ ھا-
رام تاماقلار ئالدىغا كىم ئۇچرىسا شۇنى ئۆلتۈرىدۇ.
بۇلارنىڭ سۈيىقەستى مەندە، شېھىتلىق مەرتىۋىسى
1000 دىن بىر ئادەمگە مۇيەسسەر بولىدۇ، نېمە ئۈ-
چۈن تۇرىمەن؟» دەپ ئويلاپ، ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن
«سىلەرنىڭ مەقسىتىڭلار خاندا، مانا مەن خان بولى-
مەن، مەقسىتىڭلارغا يېتىۋېلىڭلار!» دەپ ئۈنلۈك سۆز-
لەپ، ئامباردىن سارايغا چىقتى. ئەبۇلمەئانى شاھ
كېلىپ خاننىڭ بېشىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «پادىشاھىم
قورقمىسىلا ھېچ نەرسە يوق» دېدى. لېكىن نەرىم
دېگەن ئاتلىق بىر ھارامزادە بار ئىدى، ئۇ كېلىپ
پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ خانغا تىغ ئۇردى، خان
ئىمان كەلىمىلىرىنى ئېيتىشقىلا مەشغۇل بولدى. ئە-
بۇلمەئانى شاھنىڭ يۈسۈپ دېگەن بىر بىكاۋۇلى خان-
نىڭ ئىشىنى تامامىلىدى. يولدىن ئازغان شاھ ئەبۇل-
مەئانى، قارا يۈز مۇھەممەت قاسىم داغدۇغىدىن بىكار



بولۇپ شەھەرگە قايتتى. خان قانغا مىلىنىپ يەردە
يېتىپ قالدى.

كاتتىباشلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ كېلىپ خاننىڭ مۇ-
بارەك جەسىتىنى ئالتۇنغا ئېلىپ كېلىشتى. خاننىڭ
كاتتىباشلىرىدىن ئاۋۋال ھەزرىتى خوجام رەھىمە
موللا ئاخۇن، ھاپىز مۇرات ئەلەيھىر رەھمە، شۇتۇر
خەلىپە، ئاخۇن خوجا نەسىر، ئاخۇن موللا سالىھ، قا-
زى نەجمۇددىن، قازى مىر مۇھەممەت رىزا ۋە مىر-
ھاشىم خوجىلار يىغىلىپ خاننىڭ قاتىلىنى تېپىشقا
مۇۋەققەت بولۇپ قارشى تەرەپكە ئاتلاندى. شاھان مۇ-
ھەممەت خاننىڭ مەدرىسىگە يىغىلىپ خاننىڭ كاتتىباش-
لىرىنى بىر - بىرلەپ چاقىرتتۇرۇپ بويسۇنۇش ۋە-
دىسىنى ئالدى (بەيئەت قىلدۇردى) بەزىسى ئىختىيا-
رىي، بەزىسى مەجبۇرىي ھالدا بويسۇندى. لېكىن
بۇلارنىڭ ئىچىدىن ھەزرىتى ئاخۇن ھاپىز مۇرات
جۈرئەت قىلىپ شاھلاردىن سورىدى: «خاننىڭ قاتىلى
كىم؟» ئەبۇلمەئانى شاھ: «خاننىڭ قاتىلى مەن بولى-
مەن» دەپ جاۋاب بەردى. ئاخۇن كەلان ئەلەيھىررە-
ھمە: «خاننىڭ قاتىلى ئېنىقلاندى» دېدى. ئەبۇلمە-
ئانى شاھ ئاچچىقلاپ: «خاننى مەن ئۆلتۈردۈم دېدىم-
غۇ؟ نېمە داۋراڭ سالىسەن؟!» دېدى. ھەزرىتى ئا-
خۇن: «بىزنىڭ مەقسىتىمىز شۇكى، شەرىئەتكە مۇۋا-
پىق بولسا خاننىڭ شېھىتلىقى مەلۇم بولىدۇ، دېمەك-
چىمىز» دېدى. كاتتىباشلار ئالتۇنغا كېلىپ خاننىڭ
نامىزىنى ئوقۇپ ئۇلۇغ ئاتىسىنىڭ ئايىغىدا دەپنە قىلىشتى.

شاھ شۇجائۇددىن ئەھمەتخان 50 يىل ئۆمۈر كۆردى. 10 يىل پادىشاھلىق قىلدى. ئۇ ئۇلۇغ ئاتىسىدىن بەش سۈرەنى تەلىم ئالغان ئىدى. خاننىڭ ئادىتى شۇ ئىدىكى، ھەرقانداق بىر تەرەپكە بېرىشقا خاندىن رۇخسەت سورىسا، ئۆزىنىڭ سەللىسىنى تۇتۇپ تۇراتتى. خان ئۇنىڭغا فاتىھە ئوقۇپ رۇخسەت بېرەتتى. ئاللا ھەممىدىن بىلگۈچىدۇر.

## ئابدۇلېتىپ خاننىڭ ھارام تاماق شاھلارغا قارشى لەشكەر تارتقىنى، يۇنۇس سۇلتاننىڭ قۇرەيش سۇلتاندىن ئىبارەت بەختسىز خاننىڭ ئەھۋالى

نەقىل كەلتۈرۈلۈشىچە، ئەلى ئەسقەر شاھ بۇ ھادىسىدىن خەۋەرسىز ئىكەن. يولدىن ئازغان شاھ ئەبۇلمەئانى ۋە قارا يۈز شاھ مۇھەممەت قاسىملار شۇجائۇددىن ئەھمەتخاننىڭ چوڭ ئاكىسى شاھ ئەلى ئەسقەرگە بولغان ۋەقەنى يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن شاھ ئەلى ئەسقەر ھەيران بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئايالى: «ئەبۇلمەئانى بىلەن مۇھەممەت قاسىملارنى بىر مەسلىھەتسىز بار ئىدى دەپ چاقىرساق ئۇلار كېلىدۇ، كەلگەندە تۇتۇپ، ئۆلتۈرۈپ، باشلىرىنى ئابدۇلېتىپ خاننىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپ بېرەيلى» دەپ مەسلىھەت بەردى. شاھ پەرپە: «ئەبۇلمەئانى بىلەن مۇھەممەت قاسىملار گۇرۇھىدىكىلەر



500 گە يەتمەي كېلىدۇ، بىزنىڭ ئادىمىمىز ئاز، بۇ ئىشنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالايمىزمۇ - قانداق؟» دەپ ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، شاھ پەرپەنىڭ ئايالىمۇ جىم بولۇپ قالدى.

ئەلقىسسە، يولدىن ئازغان ئەبۇلمەئانى بىلەن باشقا ئادەملەر بىرلىشىپ سۇلتان قۇرەيشنى خانلىققا تەيىنلەشتى. سۇلتان قۇرەيشنىڭ نامىدا نىشان يېزىپ، بىر قانچە گەپلەرنى قوشۇپ قازى مىر مۇھەممەت رىزانى ئەلچى قىلىپ قەشقەرگە ئەۋەتتى. ئەلچىلىك مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «كونا قائىدە بويىچە بىزنى خانلىققا تەيىنلىدى. خۇتبە، تامغىلار مېنىڭ نامىم بىلەن بېزەلدى. سىلىمۇ خۇتبە، تامغىلارنى مېنىڭ نامىم بىلەن قىلىڭلار! بىزگە ئوبدان بويسۇنۇڭلار! ئىلگىرىكى تۈزۈم بويىچە قەشقەر، يېڭىسارنىڭ ھوقۇقىنى يېڭىدىن بېكىتتىمىز! باشلىقلار ھەممىسى ئۆز ئورنىدا تۇرسۇن! ئەگەر ئۇنداق قىلمايدىكەن، مەملىكەتتىن چىقىپ كەتسۇن!»

شۇنىڭ بىلەن قازى مىر مۇھەممەت رىزا قۇرەيش سۇلتاننىڭ نامىسىنى كۆتۈرۈپ قەشقەر تەرەپكە راۋان بولدى. مەنزىلمۇ مەنزىل مېڭىپ قەشقەرگە يېتىپ كېلىپ ئەلچىلىك مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلدى. مىرزا مۇھەممەت يۈسۈپ بايرىن قەشقەرنىڭ ھاكىمى، مىرزا غازى بارلاس يېڭىسارنىڭ ھاكىمى ئىدى. بۇلار بىرلىكتە كېلىشىپ «بۇرادىرىم قۇرەيش سۇلتان ياخشى يارلىغ ئەۋەتىپتۇ، قۇرە-

يىش سۇلتان مەھدىدىن چوڭ. بىزگە نىسبەتەن ئاتا
ئورنىدا. ئۇنىڭغا جان دىلىمىز بىلەن بويسۇنىمىز.
لېكىن بىزنىڭ ئاتىمىز بۇرادىرىم قۇرەيىش سۇلتان-
نىمۇ ئاتىسى. ئاتىمىزنى بىر پۈتۈن خارلىق بىلەن
ئۆلتۈرۈشتى. بىزنىڭ قان قىساسىمىزنى بەرسە بىز
هامان بىر تۇغقان. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن،
ئاتىمىزنىڭ قان قىساسىنى تەلەپ قىلىشىمىز كېرەك.
تەلەپ قىلماسلىق بولمايدۇ» دەپ مىر مۇهەممەت
رىزانى قايتۇرۇشتى.
قازى مىر مۇهەممەت رىزا يەكەنگە قايتىپ
ئابدۇلېتىپخاننىڭ سۆزلىرىنى قۇرەيىش سۇلتانغا
يەتكۈزدى ... مىر مۇهەممەت رىزانى يەنە قايتۇرۇپ
قەشقەر، يېڭىسار باشلىقلىرىغا مەسلىھەتكە ئەۋەتتى.
مىرزا مۇهەممەت يۈسۈپ بەگ بىلىملىك هەم ئەقىل-
لىك كىشى ئىدى. ئۇ «بەزى ئادەملەر شاھ ئەبۇل-
مەئانى تەرەپكە يان باسىدىغاندەك قىلىدۇ، بۇ مۇهىم
ئىشنى تەدبىر قىلىپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك»
دەپ ئويلاپ، ئابدۇلېتىپخانغا: «ئەي پادىشاھىم،
قېيىن بىر ئىش يۈز بېرىپ قالدى. بۇ ئىشنى بىر
تەرەپ قىلىش بەكمۇ مۈشكۈل» دېدى. ئابدۇلېتىپخان
بەگكە خۇرسەنلىك بىلدۈرۈپ ئېيتتىكى: «كې-
ڭەش قىلىپ بۇ مۇهىم ئىشنىڭ چارىسىنى قىلايلى!»
مىرزا مۇهەممەت يۈسۈپ بەگ خانغا: «بۇ ئىشنىڭ
چارىسى مىرزا خۇدايار قالۇچى، مىرزا ئەلى شىر،
شەهرىيار بەگ قالۇچىنىڭ ئوغلى پولات خوجا، باها-



دۇر بايىردىن ئوغلى خۇدايار خوجالار كېچە - كۈندۈز
خاننىڭ سۆھبىتىدە ئۆتىدۇ. شۇلارنىڭ ئالدىغا ئەھ-
ۋالنى قويايلى! ئەھدى پەيمان بېرەيلى! ئۇلارنىڭ
ئاتىلىرى بىلەن بىر تۇغقانلىرىدىن خاتىرجەم ئەمەس-
مەن» دېدى. خان دەرھال مىرزا خۇدايار، مىرزا
ئەلى شىر، پولات خوجا، خۇدايار خوجالارنى چاقىرى-
تىپ مەسلىھەت سېلىپ ئېيتتىكى: «ئەي مىرزادىلەر،
خاتىرجەم چاغلاردا بىر قانچە قېتىم ئۆزلىرىگە
جانلىرىمىز پىدا، دېگەن ئىدىڭلار! بېشىمغا قارا
كۈن چۈشۈپ قالدى، سىلەردىن شۇنى ئۈمىد قىلى-
مەنكى، بىزنى دۈشمەننىڭ قولىغا قويمىغايسىلەر!»
مىرزا خۇدايار، مىرزا ئەلى شىر، پولات خوجا ۋە
خۇدايار خوجالار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئىرادىلىرىنى
بىلدۈرۈپ: «تېنىمىزدا جېنىمىز بولىدىكەن خىزمەت-
كارلىقنى، هالال تاماقلىقنى ئورۇنلايمىز» دەپ قات-
تىق قەسەم ئىچىشتى. شۇنىڭ بىلەن خان شادىمان
بولۇپ قەشقەر، يېڭىسارنىڭ ئادەملىرىنى توپلاشقا
مەشغۇل بولدى.
ئەلقىسسە، ئادەملەر يىغىلىشتى، ئارىغا مەس-
لىھەت سېلىنىپ ئەھدى پەيمان بېرىشكە تەكلىپ
قىلىندى. نادىر پالۋان بىلەن شەهيار بەگلەر
جاۋاب بەرمەي ئارقىغا تارتىپ تۇرۇۋشتى. مىرزا خۇ-
دايار، مىرزا ئەلى شىر، پولات خوجا، خۇدايار خوجا-
لار تىغ تارتىپ قوپۇپ: «ئەي چوڭ ئادەملەر، ئاگاھ
ۋە دانا بولۇڭلاركى، بىز ئەھدى پەيمان قىلىشتۇق.

كىمىكى ئابدۇلېتىپخانغا قارشىلىق كۆرسىتىدىكەن
ئەلۋەتتە ئۇنى تىغ بىلەن سۇغىرىدىمىز» دېدى. شەھ-
رىيار بەگ، نادىر پالۋانلار پەرزەنت، بۇرادەر-
لەردىن بۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلاپ، چارىسىز ھالدا:
«ئەي ياشلار، بىز سىلەرنى سىناپ باققان ئىدۇق،
شۇنىڭ ئۈچۈن جىم ئولتۇرغان. بىزنىڭ مەقسىتى-
مىز خاننىڭ دۆلىتىنى تىلەش، خىزمىتىنى قىلىشتىن
ئۆزگە بولامدىغان؟» دەپ ئەھدى پەيمان بېرىپ
بەيئەت قىلدى.

شۇ چاغدا ئابدۇلېتىپ سۇلتاننىڭ سۆھبىتىدە
بولۇۋاتقانلاردىن مىرزا مۇھەممەت يۈسۈپ بايرىن،
مىرزا غازى بارلاس، مىرزا قۇربان، مىرزا شاھ
مەنسۇر ئوردا بېگى، مىرزا مۇھەممەت دوست ئەرلات،
مىرزا داراپ بارلاس ۋە ئۇنىڭ ئوغلانلىرى: مىرزا
جەئپەر، مىرزا سەنجىر، مىرزا كامال بارلاس، مىر-
زا ئابدۇساتتار؛ ئاق بوراق خوجىلاردىن: كېپەك
خوجا، چالما خوجا، قازى مۇھەممەت يۈسۈپ، مۇھەم-
مەت شاھ خوجىلار؛ ئايماق كاتتىباشلىرىدىن: نادىر
پالۋان، شەھىيار بەگ، ئالىم مىرەك، خوجا پادى-
شاھ قۇللار لەشكەر توپلاپ يەكەن تەرەپكە ھۇجۇم
قىلىشتى.

شۇ كۈنلەردە ئەبۇلمەئانى بەكاۋۇل يەكەندىن
قېچىپ قەشقەرگە كەلدى. مىرزا ئابدۇغاپپار ئاق
بوراق، مىرزا خىسرو بايرىن ۋە خوجالېتىپ قاتار-
لىق (يەكەندىكى ئابدۇلېتىپ خاننى ھىمايە قىلىدىغان)



كاتتىباشلار مۇھەممەت ئەلى ياساۋۇلنى ھەقىقىي
ئەھۋالنى ئېيتىپ، تۈزكور شاھلاردىن رۇخسەت ئېلىپ
قەشقەرگە ئەۋەتتى. رۇخسەت ئېلىشتا شاھلارغا: «مۇ-
ھەممەت ئەلى ياساۋۇل قەشقەرلىك، ئۇ بېرىپ قەش-
قەرلىكلەرنى ۋەيران قىلسۇن. قەشقەرلىكلەر ئابدۇ-
لېتىپ خاننى تۇتۇپ ئېلىپ تەسلىم بولۇپ كۆرۈنۈش-
كە كەلسۇن» دېيىشتى.

لېكىن ئۇلار مۇھەممەت ئەلى ياساۋۇلنى يولغا
سالغاندا «قەشقەر باشلىقلىرى ئابدۇلېتىپ خاننى
تېزراق ئېلىپ كەلسۇن! بىز مۇنتىزىر بولۇپ ئۈمىد-
كۈتۈپ تۇرىمىز. يولدىن ئازغان شاھلارنىڭ دەس-
تىدىن بەكمۇ تەڭلىك تارتتۇق» دېيىشتى.

ئەلقىسسە، مۇھەممەت ئەلى ياساۋۇل قەشقەرگە
بېرىپ خاننى تەرغىپ قىلىپ، قىزىقتۇرۇپ يېنىپ
كەلدى.

ئابدۇلېتىپخان بىلەن قەشقەرنىڭ باشقا
ئەمەلدارلىرى يەكەن تەرەپكە راۋان بولدى. يېڭى-
سارغا بېرىپ سېپىل ئالدىدا توختاشتى. مىرزا غازى
بارلاس ھەراۋۇل ئورنىدا راۋان بولدى. قىزىل
كەنتىگە يەتكەندە دۈشمەننىڭ ھېچبىر نامە نىشانى-
سىنى تاپالمىدى، قىزىل كەنتىدىن ئۆتۈپ ھېمىتنىڭ
سېپىدىكى بىر رەباتقا يەتتى. شۇ يەرگە كەلگەندە،
يولنى قويۇپ كۆك رەبات بىلەن قارا ھوجاج ئوتتۇ-
رىسىدىكى يول ئارقىلىق مېڭىپ كۆك رەباتقا كەلدى.
مىرزا كېيكاۋۇس دوغلات 18 نەپەر كىشى بىلەن

كۆك رەباتتا قاراۋۇل ئىدى. ئۇلار كۆزىنى يولغا تىكىپ كۆكنار ئىچىش بەزمىسىگە مەشغۇل بولۇپ ئولتۇرۇشاتتى. ئەمىر غازى بارلاس قورشاپ ئۇلارنى تۇتۇۋالدى. مىرزا كېيكاۋۇس بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ قولى باغلاندى. مىرزا كېيكاۋۇس: «بىزنىڭ ئورنىمىزغا يەكەندىن كىشى كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ تەسەۋۋۇر قىلدى» ئاخىردا ئەسىر بولۇشتى. قاراۋۇللار ئابدۇلېتىپ خانغا ئەۋەتىپ بېرىلدى. ئاندىن كېيىن ئۇلار كۆك رەباتتىن ئۆتۈپ قارا ھوجاج يېزىسىغا كەلدى. قارا ھوجاجتا 12 كىشى قاراۋۇل بولدى. يەتتە نەپەر جەڭچى غازى بەگنىڭ نەۋكەرلىرىنى ئېلىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بەشى قېچىپ شاھلارغا قوشۇلدى. غازى بەگ ئۇلارنىمۇ خانغا ئەۋەتتى.

خان ئەسىرلەردىن ئەھۋال سورىدى، ئۇلار جاۋاب بېرىپ ئېيتتىكى: «ئەلى ئەسقەر شاھ، ئەبۇلمەئانى شاھ، مۇھەممەت قاسىم شاھلار يېقىنلىرى بىلەن بىللە يەنە خوجا ئابدۇرازاق ۋە ئۇنىڭ ئوغلى شاھ خوجا، مۇھەممەت ئابدۇللا خوجا، ئىبراھىم سۇلتان ۋە ئۇنىڭ بىر تۇغقىنى مۇھەممەت ئەلى سۇلتان، مىرزا مۇزەپپەر يارقى، مىرزا مۇھسىن دوغلات قاتارلىق 2000 غا يېقىن كىشى بىر مەقسەتتە بىر تەرەپ، قالغان ئەمەلدارلار، كاتتىباشلار ھەسسىلەن، مىرزا ئابدۇغاپپار ئاق بوراق، مىرزا خىسرەۋ بايىردىن، خوجالىتىپ، مىرزا مەلىك قاسىم،



مىرزا مەسئۇد قاتارلىقلار، ئۇلار خاتىرجەم ئەمەس، خان تېزلا راۋان بولدى، ئۇڭدا، سولدا ۋە ئوتتۇرىدا تۇرىدىغان بارلىق لەشكەرلەر «قارا ھوجاج» غا چۈشۈپ، قارا ھوجاجتىن مىرزا مۇھەممەت يۈسۈپ بەگ، غازى بەگلەرنى ھاراۋۇلغا ئەۋەتتى. لەشكەرلەردىن مىڭ كىشىنى ئىلغاپ باشلىقلارغا ھەمراھ قىلدى. ماپان دېگەن جايدا ئابدۇلېتىپ خاننىڭ ئەمەلدارلىرى شاھلار بىلەن يۈزمۇ-يۈز ئۇچرىشىپ قالدى. مىرزا مۇھەممەت يۈسۈپبەگ بىلەن غازى بەگلەر خانغا كىشى ئەۋەتتى، خان ئىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئەمەلدارلارغا يېتىشىۋالدى. شاھلارمۇ ئۆزىنىڭ بەختسىز خانىغا كىشى ئەۋەتىپ تاۋاجى يېزىسىغا چۈشۈشتى. شاھلارغا ئەۋەتكەن كىشى يېتىپ بارغاندىن كېيىن شاھلارمۇ مېڭىشقا ئالدىرىدى، مىرزا ئابدۇغاپپار، خوجا لېتىپ ۋە مىرزا خىسرولار: «شاھلار ھاراۋۇل يولى بىلەن 3000 جەڭچىنى ئېلىپ ئىلگىرى ماڭسۇن، بىز لەشكەرلەرنى جۇغلاپ ماڭايلۇق، شۇنداق قىلغاندا شاھلار دۈشمەنىنىڭ ئىشىنى ئاسان بىر تەرەپ قىلالايدۇ» دېدى.

ئەلقىسسە، شاھلار جۈرئەت قىلىپ خاننىڭ يولىنى توستى. ئۇرۇش باشلاندى. تاھىر مىر ئاخور مۇھەممەت ئۆۋەز شاھىنى تۇتۇپ خان ھەزرەتلىرىگە ئېلىپ كەلدى. خان ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتمەكچى بولغىنىدا، مىرزا مۇھەممەت يۈسۈپ بەگ قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتتى. مىرزا قۇربان بەگ

مۇھەممەت قاسىم شاھنى باغلاپ خاننىڭ ھۇزۇرىغا
ئېلىپ كەلدى. خان بىلەن باشقا ئەمەلدارلار خۇشال
بولۇشتى. مىرزا مۇھەممەت يۈسۈپ بەگ مۇھەممەت
قاسىم شاھقا: ئاتا - بوۋىمىزغا ۋاپاسىزلىق قىلىپ،
بولمىغۇر ئىشتىن بىرنى قىلدىڭ. «بىلمىسىز دېگەن
تۇز يەپ تۇزلۇقنى چاقىدۇ» دېدى. ئاخىرى مۇ-
ھەممەت قاسىم شاھ مىرزا مۇھەممەت يۈسۈپ
بەگگە دەشنام قىلىشقا ۋە ناسەزا ئېيتىشقا
باشلىدى. مىرزا مۇھەممەت يۈسۈپ بەگ: «شاھنىڭ
پۇتلىرى كېسىلسۇن» دېدى. مۇھەممەت قاسىم شاھ
پۇتلىرىنى بەگكە كۆرسىتىپ قوپال گەپلەرنى قىل-
دى. مۇھەممەت قاسىم شاھنى ئۆلتۈرۈشكە ئىشا-
رەت قىلىشتى.

شاھ تەرەپ مەغلۇپ بولدى. ئەلى ئەسقەر شاھ
بىلدىكى، ئىش قولدىن كەتتى، مىرزا مۇھەممەت
يۈسۈپ بەگنى كۆرۈپ مەيدانغا كىردى. ئەمىر مۇ-
ھەممەت يۈسۈپمۇ مەيدانغا كىردى. ئىككى تەرەپ
روبىرو بولۇشتى. شاھنىڭ قولىدا قىلىچ بار ئىدى.
مىرزا مۇھەممەت يۈسۈپ پالتا تۇتۇپ شاھنىڭ
ئۇدۇلىدا تۇردى. بەگكە ئۇرۇشنى تەكلىپ قىلدى.
بەگ نۆۋەتنى شاھقا ئۆتۈندى. شاھ مىرزا مۇھەممەت
يۈسۈپ تەرەپكە تىغ تاشلىدى. شاھنىڭ قىلىچى بەگ
ئېتىنىڭ بېشىغا چۈشتى. مىرزا مۇھەممەت يۈسۈپ
بەگ پالتىنى شاھ تەرەپكە چۆرىدى. شاھ پالتىدىن
قوغدىنىمەن دەپ بېشىغا قالقان تۇتۇۋالدى. شاھ-



ـنىڭ ئېتى مۇدۇرۇپ كېتىپ قالقاننىڭ قىرغىقى شاھ-
ـنىڭ سەللىسىنى چۈشۈرۈۋەتتى. پۇرسەتتىن پايدىلى-
ـنىپ مىرزا مۇھەممەت يۈسۈپ پالتىنى شاھنىڭ بې-
ـشىغا شۇنداق ئۇردىكى مېڭىسى چۇۋۇلۇپ كەتتى.
شاھنىڭ خىزمەتكارلىرىدىن خوجا جارۇپ ئاتلىق بىر
كىشى بار ئىدى، ئۇ يۈرەكلىك ئادەم ئىدى. بەگنىڭ
يولىنى توسۇپ بەگكە ھۇجۇم قىلدى. مىرزا مۇھەم-
مەت يۈسۈپ: «ئەي خوجا سەندىن ھېچنەرسە قال-
مىدى، ۋاپادارلىقنى ئاشكارا قىلدىڭ. بەگنىڭ جېنى
ۋە پەرزەنتلىرىگە رەھىم قىلغىن، شاھقا ۋەكالەتەن
سېنى چوڭ ئىززەت ئىكرام قىلىمىز» دەپ نەسىھەت
قىلىشقا ئېغىز ئاچتى. جارۇپ بەگكە سەت دەشناملار-
ـنى قىلىپ قېشىغا يېقىن كەلدى. بەگ چارىسىز
جارۇپقا يۈزلەندى. شاھنىڭ قىلىچى تېگىپ بەگنىڭ
ئېتى يارىدار بولدى. ئاتنىڭ بېشى قانغا بويۇلۇپ
تۇرغاچقا جارۇپنىڭ ئېتى ئۈركۈپ كەينىگە سىلجى-
ـدى. قازايى ئىلاھى جارۇپنىڭ بېشى تۆۋەن بولۇپ
قالدى. بەگ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ جارۇپنىمۇ
ئۆلتۈردى. مىرزا مۇھەممەت يۈسۈپ بەگ خۇداغا شۇ-
كۈر سانا ئېيتتى.

قۇرەيش سۇلتان مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. شاھ
تەبۇلمەئانى مەيداندىن بەدەر كېتىپ، ئەنقا دېگەن
قۇشقا ئوخشاش، ئىسمى بار، جىسمى يوق بولۇپ
كەتتى. ئەمەلدار ۋە ئۇلۇغلار خاننى تاۋاپ قىلىشقا
مۇشەررەپ بولدى.

ئاللا ھەممىدىن بىلگۈچىدۇر.

## ئابدۇلېتىپ خاننىڭ خانلىق تەختىگە
## ئولتۇرغىنى ۋە ئۇنىڭ
## پادىشاھلىق تۈزۈمى

نەقىل كەلتۈرۈلۈشىچە، ھەزرىتى ئەزىزلەر (ئۇلارغا خۇدانىڭ رەھمىتى ۋە رازىلىقى يار بولغاي)، ئۇلۇغلار ۋە ئەمەلدارلار كونا قائىدە بويىچە ئابدۇلېتىپخاننى خانلىققا تەيىنلەشتى. خۇتبە ۋە تامغىلار شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن بېزەلدى. ئۇ كىشىنىڭ نامىدا پازىل كىشىلەر توپلاملارنى تۈزدى. شائىرلار شېئىرلارنى يازدى. شۇ جۈملىدىن: ئاخۇن خوجا نەسىر مۇنۇ رۇبائىينى ئوقۇدى:

ئەي پەلەكنىڭ پادىشاھى ساڭا كۈندۈر تەخت
ماكان.
ئالەم سېنىڭ ساقلىشىڭدىن خاتىرجەمدۇر
ھەم ئامان.

تىلەيمەن جان دىلىم بىلەن خۇداۋەندى
جاھاندىن.
بولساڭ 100 يىل سەن پادىشاھ مەن فاتىھە
ئوقۇسام.



خوجا ئابدۇررازاق ھەزرىتى خوجا ئەھرارنىڭ ئۇرۇق ئەۋلادىدىن ئىدى، شۇجائۇددىن ئەھمەت خان ئۇنى ئىتىپلىق مەنسىپىگە تەيىنلەپ ئوغۇللىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا چىقاردى. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى شاھ خوجا ئابدۇلېتىپخانغا يېقىن ئىدى. ئۇ بەدەخشاندىن مۇنۇ رۇبائىينى يېزىپ خانغا ئەۋەتتى:

«بۇلبۇل قەپەزدە ئەسىر، قاغىلار باغدا،
كېيىك ياقا - پۇچقاقتا، ئىتلار ھويلىدا،
سۇمۇرۇغ دېگەن قۇش غېرىپ، سا ۋەتەندە،
مەن سەرگەندار، ياتلار يار ئالدىدا.»

ئەمەلدارلار بۇ رۇبائىينى ماختىشىپ پۇل چېچىشتى، ئەمما ئابدۇلېتىپخان چىرايلىق شەكىللىك پەرى سۈرەتلىك، شېرىن سۆزلۈك، مۇبارەك خەۋەرلىك ئادەم ئىدى. كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل قۇشلىرىنى قارچىغۇدەك ئوۋلايتتى. يۇقىرى - تۆۋەن ھەممىسى مۇنۇ قوشاقنى شۇ كىشىنىڭ ھالىغا مۇناسىپ بىلىپ ئوقۇيتتى:

قوشاق

خالايىقلار ئېيتاتتى سەندۇر سەن ئىككىنچى
يۇسۇپ.

قاچانكى ياخشى بىلسەڭ ھەقىقەت قانىدىنمۇ
ئەرزاندۇر.

مىرزا مۇھەممەت يۇسۇپ بەگنى ئاتالىق قىلىپ خوجالىتىپ بەگنى بۇرۇنقى تۈزۈم بويىچە ۋەزىر قىلدى. مىرزا غازى بارلاس قەشقەرنىڭ ھاكىملىقىغا ئېلان قىلىندى. قوش بېگى گېردىمنى مىرزا ئابدۇغاپپارغا تاپشۇرۇشتى. سېرىق قولنىڭ ھاكىملىقى مىرزا قۇربان جوراسقا مولاپ بېرىلدى. تۈمەننىڭ مىرابلىقى ئەمىر خىسرو بايرىنغا تاپشۇرۇلدى. خان مىرزا ئابدۇ ساتتار ئاق بوراقنى ئىشىك ئاغا قىلدى. تاھىر مىر ئاخورنى مۆتىۋەللىلىككە ئېلان قىلدى. شۇنداق قىلىپ مەملىكەت ئىشلىرى ئورۇنلاشتى. ئۇ كىشىنىڭ تىرىشچانلىقىدا پادىشاھلىق گۈلىستانى ئىرەمنىڭ رەشكىگە ئايلاندى. شاھلار خانىنى ئۆلتۈرگەن چاغدا مىرزا غور ساغرىچى خوتەندىن قېچىپ كۇچار، قاراشەھەر تەرەپكە كېلىۋالدى. ئابدۇلىتىپخان خانلىق تەختىگە ئورۇنلاشتى. مىرزا ئەبوغۇر خان بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى. خان ئۇنى ياخشى ئەزىز بىلىپ، خوتەننىڭ ھاكىملىقىغا يەنە قايتا ئەۋەتتى. كۆرەلمەس كىشىلەر ئىچكىرىلەپ چۆكۈپ مىرزا مۇھەممەت يۇسۇپ بىلەن مىرزا ئەبوغۇرنىڭ ئوتتۇرىسىدا پىتنە - پاسات پەيدا قىلدى.



قەشقەر ھاكىملىقى بىلەن ئابدۇلىتىپخاننىڭ ئاتالىقى مىرزا ئەبوغۇرغا تەئەللۇق بولدى. مىرزا مۇھەممەت يۇسۇپ مىرزا ئەبوغۇردىن قورقاتتى. بىر نەپەس سۇنىمۇ خاتىرجەم ئىچمەيتتى. مىرزا ئەبوغۇرنى تۇتۇشقا ئەمەلدارلارنى «ئىلغار» يولى بىلەن ئەۋەتتى. «ئىلغار» نىڭ ئالدىدا مىرزا ئابدۇساتتار ئوردا بېگى، مىرزا ئەلى شىر، مىرزا ھەبىب جوراس، مىرزا ئابدۇراخمان دوغلات ۋە تاھىر مىر ئاخۇنلارنى ئەۋەتتى. مەزكۇر ئەمەلدارلار بېرىپ مىرزا ئەبوغۇر بەگنى ئېلىپ كېلىشتى. مىرزا ئەبوغۇر بەگ شانى شەۋكەتلىك بەگلەرنىڭ بىرسى ئىدى. ئۇنى تىببەت (شىزاڭ) تەرەپكە پالاپ چىقاردى. مىرزا ئەبوغۇر سانجو دېگەن يەرگە يېتىپ بېرىپ شۇ يەردە كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى. مىرزا مۇھەممەت يۇسۇپ ئادەم ئەۋەتىپ ئۆلتۈردى. مىرزا ئابدۇغاپپارنى خوتەننىڭ كاتتىباشلىقىغا ئەۋەتتى. مىرزا موناق جوراس ئاقسۇنىڭ ھاكىمى ئىدى، ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئوغۇللىرى مىرزا مۇھەممەت رىزا، مىرزا سەلىم بەدرى لەر كېلىپ كۆرۈنۈش قىلىشتى. خان مىرزا مۇھەممەت رىزانى قوش بېگى قىلدى.

خاننىڭ پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغىنىغا 14 يىل بولغان ئىدى. مىرزا ئەبوغۇر ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. ئەركىن ھوقۇق مىرزا مۇھەممەت يۇسۇپنىڭ قولىدا ئىدى. ئۇ ئەمەلدارلار ئىچىدە چەكسىز ئەركىن ھوقۇقدار بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن مەغرۇرلۇق،

تەكەببۇرلۇق ئۇنىڭ كۆڭلىدە غالىپ كېلىپ، يېقىن ئادەملىرىدىن ئۇرۇس خوجا، نورۇز مۇھەممەت كۆكە، هادى سەلىمە كېرەك ياراغ، خوجا سەلىم بىك ۋۇل-لارنى بەلىخ تەرىپىگە كۆچۈرۈۋەتتى. بەگنىڭ بۇ هەرىكىتىدىن خان ۋە خاننىڭ ئانىسى نارازى بولدى. خاننىڭ ئانىسى تۇرسۇنخان قىتىغىننىڭ بىر تۇغقىنى بولۇپ، ئۇ شۇ دەۋردىكى ئاياللارنىڭ ئەڭ ئەقىللىك-رەكى ئىدى. ئۇ بۇ مەسىلىنى باشقىلارغا ئېيتىپ ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلەشتى. ئەمەلدارلارمۇ بۇ ئىش-تىن قاتتىق رەنجىشتى. ئۇلار قەشقەر ئەمەلدارلىرىغا: «مىرزا مۇھەممەت يۈسۈپ هەددىدىن ئېشىپ كەتتى» دەپ كىشى ئەۋەتتى، بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قەشقەر ئەمەلدارلىرىمۇ بەگدىن رەنجىشتى. قەشقەردىن 500 دەك ئادەم يەكەنگە كەلدى، ئۇلارنىڭ ئالدىنقى سې-پى مىرزا خۇدايار قالۇچى، مىرزا ئەلى شىر ۋە پو-لات خوجالار مىرزا مۇھەممەت يۈسۈپنى ئارمۇتلۇق يېزىسىدا تۇتۇۋېلىپ ئوردىغا ئېلىپ كەلدى. مىرزا خىسرونىمۇ تۇتۇپ سولىۋەتتى. مىرزا قۇربان جوراس ئۆزىگە تەۋە يېقىنلىرى بىلەن ئاقسۇ تەرەپكە قېچىپ كەتتى. بۇ خەۋەر مىرزا ئەلى شىرنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. ئۇ بۇ خەۋەرنى دەرهال خانغا ۋە خاننىڭ ئانىسىغا يەتكۈزۈپ: «مىرزا مۇھەممەت يۈسۈپنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپ بۇرۇنقى تۈزۈم بويىچە هاكىم، «ئاتالىق» قىلمىساق بۇ پىتنە پاسات تۈگىمىگۈ-دەك» دەپ مەسلىھەت كۆرسەتتى. مىرزا مۇھەممەت



يۈسۈپنى سولاقتىن خالاس قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئالدىغا چاقىرتتۇرۇپ ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى. خان بېرىپ بەگنىڭ بېقىنىدا ئولتۇرۇپ يېقىندارچىلىق بىلدۈر-دى. مىرزا قۇربانبەگ ئارقىسىدىن مىرزا ئابدۇراخ-مان دوغلات ۋە مىرزا خۇدايارلارنى ئەۋەتىپ جوراسنىڭ باشلىقلىرىنى قايتۇرۇپ كەلدى. بەگ تەرەپتىن گۇناھنى مىرزا خىسرو بەگكە قويۇپ ئۇنى بەلىخ تەرەپكە پالاپ چىقاردى. مىرزا خىسرو مىرزا مۇھەممەت يۈسۈپنىڭ تاغىسى ئىدى. تاھىر مىرئاخور بۇ پىتنىنى توسقان ئىدى، ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئەمىر خىسرو بايرىن هەج قىلىش نىيىتى بىلەن بېرىپ باغداتتا ۋاپات بولدى. هاجى ئەلى ئۇنىڭ جەسىتىنى گۆرۈستانى بەقىغا ئاپىرىپ دەپنە قىلدى.

ئاللا هەممىنى بىلگۈچىدۇر.

### ئابدۇرېھىم خاننىڭ بەزى ئەھۋالى، كۈچار، ئاقسۇ تەرەپكە لەشكەر تارتقىنى، مەقسىتىگە يېتەل-مەي قايتىپ كەلگىنى ۋە مىرزا ئەبول-هادى مىكرىتنىڭ ئابدۇللا خاننى ئۆلتۈرگىنى

ئىشەنچلىك كىشىلەرنىڭ مەلۇم قىلىشىچە، هەزرىتى ئابدۇرېھىم خان مۇھەممەت خاننىڭ زامانىسىدا قارا شەھەر، تۇرپانلارنىڭ هوقۇقدارلىقىغا مەنسۇر خاننىڭ

تۈزۈمى بويىچە ئورۇنلاشقان ئىدى. داڭلىق باتۇرلار ئالىي مەرتىۋىلىك جەڭچىلەر خاننىڭ خىزمىتىدە ئىنتايىن كۆپ ئىدى. مەسىلەن، كاتتىباشلاردىن مىرزا مۇھەممەت ۋەلى جوراس، مىرزا يۈنۈس جوراس، شەھيار بەگ، ئەرەب بەگ، مىرزا فىروز دوغلات، مىرزا تولىكى دوغلات، شاھ تاھىر، مىرزا نەسىر جوراس، مىرزا مۇھەممەت شاھ مىرزا، خوجا سىپاھى پالۋان، مىرزا ۋەلى بەگ، ئابدۇقاھار بەگ ۋە باشقىلارغا ئوخشاش. خاننىڭ لەشكەرلىرى ئۇ چاغدا 4000 گە يېتەتتى. خان لەشكەرلىرىنى تەييارلاپ كۇچار، ئاقسۇ تەرەپكە راۋان بولدى. مىرزا ئەبۇلھادى مىكىردىت كۇچار ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئىدى. خان كۇچارنىڭ سېپىلىنى قورشىدى. مىرزا ئەبۇلھادى قورشاۋ ئىچىدە تۇرۇپ خانغا: «بىز بولساق خاننىڭ كونا قۇللىرى بولىمىز، خاندىن قورقۇپ كۆرۈنۈشكە چىقالمايۋاتىمىز، ئابدۇللاخاننى سېپىلغا ئەۋەتسۇنلار، مەن كەمىنە خىزمەتكار خانزادىنى گەردىنىمگە ئولتۇرغۇزۇپ خانغا كۆرۈنۈشكە ئالدىرايمەن» دەپ ئادەم چىقاردى. ئابدۇرېھىمخان دۆلەتنىڭ كاتتىباشلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشتى، بەزىلەر: «ئابدۇللاخاننى مىرزا ئەبۇلھادىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىش ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس» دېسە، يەنە بەزىلەر: «ئەۋەتكىنىمىز ياخشى» دېدى. ئاخىرى ئابدۇللاخاننى مىرزا ئەبۇلھادىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىشتى. ئۇ خۇدادىن تىلىگەن مەقسىتىگە يەتتى. ئابدۇللاخاننى تۇتۇۋېلىپ خاننىڭ كۆرۈنۈشىگە



كەلمىدى.

خان كۇچار ناھىيىسىدىن ئۆتۈپ دۆلەتنىڭ ھارلىق كاتتىباشلىرى بىلەن ئاقسۇ تەرەپكە كەلدى. ئاقسۇلۇقلار قورغانلىرىغا كىرىپ مۇكۇۋېلىشتى، خان ئاقسۇنىڭ سېپىلىنى قورشىدى. ئەرەب بەگ دەرۋازىغا ھۇجۇم قىلدى. ئاقسۇنىڭ لەشكەرلىرى ئەرەب بەگنى ئۆلتۈرۈۋالدى. بەگنىڭ ھەمراھلىرى جانلىرىنى ئاران قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. خان ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان مەملىكىتىنى قولغا كەلتۈرەلمەي ئۆز ئورنىغا قايتتى.

شۇجائۇددىن ئەھمەت خان بۇ دۇنيادىن ۋىدالاشقاندا ئابدۇرېھىم خان يەنە ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان تەرەپكە يۈرۈش قىلدى. بۇ قېتىممۇ يەنە مەقسىتىگە يېتەلمەي قايتتى.

شىغايخان دېگەننىڭ ئوغلى ئەيسەخان تاشكەنتتىن ئابدۇرېھىم خاننىڭ ئالدىغا كېلىپ سۆھبەتتە بولدى. خان ئۇنىڭ لايىقىدا ھۆرمىتىنى قىلىپ، ئاقسۇ تەرەپكە لەشكەر تارتتى. مىرزا ئەبۇلھادى خاننىڭ لايىقىدا پېشكەشلەر (تەييارلىق) قىلىپ، خانغا ئەۋەتىپ ئۆزى ئوردىسىنىڭ تېشىغا چىقمىدى، ئابدۇللاخاننى سېپىلنىڭ گىرۋىكىدىن خانغا كۆرسىتىپ قويدى. خان چارىسىز، كۇچاردىن ئۆتۈپ، باي ناھىيىسىگە يېتىپ كەلدى. باينىڭ ھاكىمى سۇبھانقۇلى بەگ ئىدى. ئۇ، تازا تەگلىك بولغاندا، باينىڭ ئادەملىرىنى تۇتۇپ خاننىڭ كۆرۈنۈشىگە كەلدى. خان پادىشاھانە ئىززەت - ئىكرام قىلدى. شۇنىڭ بىلەن خان ۋە ئەيسەخان ئاقسۇ

تەرەپكە كەلدى. مەملىكەتنىڭ كاتتىباشلىرىدىن :
مىرزا مەلىك قاسىم بەگ، مىرزا ئەلى
مەردىن بەگ، مىرزا مەنسۇر ۋە ئۇنىڭ
ئوغۇللىرى مىرزا قۇربان بەگ، مىرزا قارا باھادۇر،
مىرزا لېتىپلەر يەكەندىن ئاقسۇغا كەلگەن ئىدى.
ئۇلار جەڭنىڭ پۈتۈن قورال - ياراقلىرىنى راۋۇرۇس
تەييارلاپ، ئاقسۇنىڭ قورغانلىرىنى قورشاپ ئۇرۇش
باشلىدى. ئابدۇرېھىمخان يار باشىغا چۈشتى. ئېيشىمخان
ساۋۇق بۇلاققا چۈشتى. قورشاۋ ئۇزاق داۋام قىلدى.
قومباشى، ئارال، ئاقيارنىڭ ئادەملىرى ئابدۇرېھىمخانغا
بولۇشتى. قاتتىق ئۇرۇش بولدى. مىرزا تۆمۈر جوراس ۋە
ئۇنىڭ بىر تۇغقانلىرى مىرزا مۇھەممەت ئىمىنبەگ
جوراس، مىرزا تۆلكە جوراس، مىرزا تالىپ جوراس،
خوجا مۇھەممەت باقى تومەن، غازى باھادۇر بايرىن
ۋە باشقا بىرقانچەيلەن ئاقسۇنىڭ سېپىلىدىن تاشقىرى
چىقىپ دۈشمەنگە يۈزلەندى. ئابدۇرېھىمخان تەرىپى-
دىن مىرزا ھاشىم، مىرزا شەمسى، مىرزا ئابدۇراخمان
ئوردا بېگى، خوجا سېپى باھادۇر ۋە باشقا بىر
قانچەيلەن دەلمۇ دەل تۇرۇپ ئۇرۇشقا چۈشتى. مىرزا
تۆمۈرنى مىرزا ئابدۇراخمان بەگ ئۆلتۈردى. مىرزا
تالىپنىڭ قولى باغلاندى، ئابدۇلېتىپخان تەرەپ مەغ-
لۇپ بولدى، مىرزا تالىپنى ئابدۇرېھىمخان ئاقسۇغا
ياندۇرۇپ كەلدى، مۇھاسىرە ئۈچ ئاي داۋام قىلدى.
ئابدۇلېتىپخاننىڭ قوغدىغۇچىلىرى مەسىلەن، مىرزا
ئەلى مەردان ئوردا بېگى، مىرزا مەلىك قاسىم باي-



رىن ۋە ئۇنىڭ بىر تۇغقىنى مىرزا بەگ قاسىم، مىرزا
مەسئۇد، مىرزا قۇربان جوراس ۋە مىرزا لېتىپ جو-
راسلار بىرلىككە كېلىپ، ئابدۇلېتىپخانغا ئادەم ئەۋە-
تىپ، كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى خانغا مەلۇم قىلدى.
كاتتىباشلاردىن بىر كىشى دەربار دېگەن يەرگە
كېلىپ، ئابدۇلېتىپخانغا ئادەملەرنىڭ ئەھۋالىنى
تونۇشتۇردى. ئابدۇلېتىپخان قول ئاستىدىكى ئاتارمەن -
چاپارمەنلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، شۇنداق قارارغا
كەلدىكى: «خان ۋە ھەزرىتى ئەزىزلەر ئاقسۇ تەرەپكە
قوزغىلاڭ كۆتۈرسۇن» شۇنىڭ بىلەن خان نۇرغۇن
لەشكەر توپلاپ، ئاقسۇ تەرەپكە لەشكەر تارتىپ، مەن-
زىلمۇ مەنزىل مېڭىپ كېلىپ «يېڭى ئېرىق»قا چۈشتى.
ئابدۇرېھىمخان ئابدۇلېتىپخاننىڭ ئەھۋالىدىن ۋاقىپ
بولۇپ قايتىش داغدۇغىسىنى قىلدى.

ئېيشىمخان خانغا: «لەشكەر بىلەن سەردار جە-
ھەتتىكى ئاجىزلىقىمىزنى ئويلىمايلى، لەشكەرلىرىمىز
ئىچىدە نام قازانغان باتۇرلار خېلى بار. قانداقلا بول-
سۇن بۇ قېتىم ئابدۇلېتىپخان بىلەن بىر ئېلىشىپ
باققىنىمىز ياخشى» دېدى. ئابدۇرېھىمخان: «ئابدۇلېتىپ
خاننى كۆرۈنۈشى چىرايلىق، پەرى سۈرەتلىك دېيى-
شىدىكەن، شۇڭا كىشىلەر شېرىن جانلىرىنى ئۇنىڭ
يولىدا پىدا قىلىدىكەن، يەنە بىرسى، يەكەن، قەش-
قەرنىڭ لەشكەرلىرى ھەددىدىن زىيادە كۆپ، شۇڭلاشقا
ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇش ئەقىل - پاراسەتتىن يىراق
ئىش بولۇپ قالۇرمىكىن» دېدى. ئېيشىمخان تەسلىم

بولۇپ قايتتى، باي ناھىيىسىنىڭ چېگرىسىغا كېلىپ چۈشتى.

سۇبھان قۇلى بەگ ئابدۇرېھىم خاندىن قېچىپ بىر سېپىل ئىچىدە يالىڭاچ قالدى، ئابدۇرېھىم خان بايدىن ئۆتۈپ كۇچارنىڭ سېپىلىغا يېتىپ كەلدى. مىرزا ئەبۇلھادىمۇ دەرۋازىنى ئېچىپ ئولتۇردى. ئابدۇرېھىم خان بىلەن ئەيسىمخانلار كۇچار چېگرىسىدىن ئۆتۈپ، چالىش، تۇرپانىنىڭ پايتەختىگە قايتتى. ئابدۇلېتىپ خان باي ناھىيىسىگە يەتكەندە خەلققە مايىل بولۇپ، مىرزا ئەلى مەردان بەگنى ئاقسۇنىڭ ھاكىمى قىلىپ، پادىشاھلىق ئورنىغا قايتتى.

ئاللا ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.

## ھەزرىتى ئەزىزان قۇددىسە سىررۇھۇنىڭ كەتكىنى ۋە شۇ چاغلاردا يۈز بەرگەن ۋەقە

ھەزرىتى ئەزىزان قۇددىسە سىررۇھۇ سەمەرقەنتكە بارماقچى بولۇپ ئابدۇلېتىپ خاندىن رۇخسەت سورىدى. خان ھەرقانچە توسۇپ باقسىمۇ يەنە بولمىدى. ھەزرىتى ئەزىزان ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ئاتىلىرى مىرزا پۇر ئەنۋارنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن سەمەرقەنت تەرەپكە قوزغالدى. ئەنجاندىن ئۆتۈپ، سەمەرقەنتكە يېتىپ كېلىپ، ئۇلۇغ ئاتىسى مىرزا پورفوتوھنىڭ مازىرىنى زىيارەت قىلىشقا مۇشەررەپ بولدى. ئاندىن كېيىن



دۇ تۇر خەلىپە، مىرزا مۇھەممەت يۈسۈپلەر ھەرقەدەپتىن شىكايەت قىلىشقا باشلىدى. ھەزرىتى ئەزىزان خولەفالارنى مازارنىڭ سىرتىدا قويۇپ، ئىسمائىل سوپىنىڭ ھەمراھلىقىدا مازارنى تاۋاپ قىلىشقا كىردى. قەبرىلەردىن بىشارەت بولدى. ھەزرىتى ئەزىزان بىلەن ئىسمائىل سوپىلار بىشارەتتىن ۋاقىپ بولغاندىن كېيىن مازاردىن قايتىپ چىقىشتى. خولافالار ئىچىدە قەشقەرلىك ھاپىز نەسىر خەلىپەمۇ بار ئىدى. ھەزرىتى ئەزىزانغا كەشپ بىلەن مەلۇم بولغان ئىش، نەسىر خەلىپەگىمۇ ئوخشاش مەلۇم بولاتتى. نەسىر خەلىپە خولافالارغا: «ھەزرىتى ئەزىزان شۇ تۇر خەلىپە بىلەن مىرزا مۇھەممەت يۈسۈپلەرنى ئۇردى» دەپ ئۇچۇق ئېيتتى، لېكىن ئۇنىڭغا زىيان يەتمىدى. بىراق ئىسمائىل سوپى كىشىلەرگە ھەزرىتى ئەزىزاننىڭ سىررىنى ئاشكارىلاپ قويغاچقا ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى.

ھەزرىتى ئەزىزان قەشقەر تەرەپكە قايتىپ، شارت داۋانىدىن ئۆتكەندە، شۇ تۇر خەلىپە بىلەن مىرزا مۇھەممەت يۈسۈپلەرنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى يېتىپ كەلدى. ھەزرىتى ئەزىزان ئۇرۇق سالارغا يېتىپ كەلگەندە، قەشقەرنىڭ ئادەملىرى قارشى ئېلىشقا ئالدىغا كەلدى. ھەزرىتى ئەزىزان قەشقەرگە چۈشۈپ ئۈچ كۈن شۇ يەردە تۇردى، ئاندىن يەكەنگە ئۆتۈپ كەتتى. ئابدۇلېتىپ خان ھۆلەتنىڭ ئاتارمەن، چاپارمەنلىرى بىلەن قارشى ئېلىپ ھەزرىتى ئەزىزاننىڭ ئالدىغا چىقتى ۋە مېھمانلارنى

شەھەرگە باشلاپ كىردى. خان قۇرۇلتاي ئېچىپ، يە-
كەننىڭ پادىشاھلىقىنى مىرزا غازى بارلاسقا، قەشقەر-
نىڭ ھاكىملىقىنى مىرزا قۇربان جوراسقا تاپشۇردى.
ئاللا ھەممىدىن بىلگۈچىدۇر.

## مىرزا ئەلى شىرنىڭ قىرغىزلار قولىدا شېھىت بولغىنى

قىرغىزلار «شەھناز يېزىسىغا ھۇجۇم قىلغاندا، ئاب-
دۇلېتىپخان غازى بەگ، مىرزا ئەلى شىر، ئورۇس خوجا،
مىرزا ئابدۇراخمان ئوردا بېگى، لۇتپۇئىلى بەخشى،
مىرزا مۇھەممەت خوجا، ھۇسەيىن شاھ ئوغلى نۇرى
مۇھەممەت خوجا قاتارلىقلارنى ئىلغارلار قاتارىدا بې-
گار تەلەپ قىرغىزلار تەرىپىگە راۋان قىلدى. مەزكۇر
كاتتىباشلار قىرغىزلار ئارقىسىدىن يېتىشتى. قىرغىز
جەڭچىلىرى مۆكۈپ تۇرغان ئىكەن. مىرزا ئەلى شىر
قىزگىنىنى تارتىپ ئولتۇرغان ئىدى. لوتپۇ ئىلى
بەخشىخانىڭ يېقىنلىرىدىن بولغاچقا مىرزا ئەلى شىرغا
ئاچچىق - چۈچۈك گەپلەرنى قىلىپ دۈشمەن تەرەپكە
يۈزلەندى. مىرزا ئەلى شىرمۇ راۋان بولدى، ئۇ چاغدا
غازى بەگ تېخى يېتىپ كەلمىگەن ئىدى. باشقىلار
ئوتتۇرىسىدا چىقىشالماسلىق پەيدا بولدى. ھېلىقى
مۆكۈنۈۋالغان قىرغىزلار لەشكەرگە ئۆزىنى ئۇرۇشى
مىرزا ئەلى شىر بىر جايغا چۈشۈۋالدى. لۇتپۇئىلى بەخشى
ئادەملەرنى باشلاپ قىرغىزلاردىن قېچىپ بەدەر كەتتى.



مىرزا ئەلى شىر مەغلۇپ بولۇپ 70 دەك ئادىمى بىلەن
ئۆلتۈرۈلدى، بەزىلىرى يالىڭاچلاپ قويۇلدى. غازى بەگ
بىر جايغا مۆكۈۋېلىپ ئامان قالدى. لەشكەرلەرنىڭ
بەزىسى غازى بەگكە قوشۇلدى. غازى بەگ لۇتپۇ ئىلى-
نىڭ نامەرتلىكىدىن ئۇرۇلۇپ سوقۇلۇپ خانغا يېتىپ
كەلدى.

## زىياۋۇددىن ئەھمەتخان ئوغلى سۇلتان مەھمۇتخاننىڭ دەسلەپكى ئەھۋالى، ئابدۇلېتىپخاننىڭ ئاقىۋىتى، پادىشاھلىق مۇددىتى ۋە كۆرگەن ئۆمرى

ئىشەنچلىك بەزى كىشىلەرنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈ-
شىچە تاشكەنتتىن تۇرسۇن خان ئوغلى كەلدى. ئۇ، خانىم
(خاننىڭ ئانىسى) نىڭ بىر تۇغقىنىنىڭ بالىسى ئىدى.
مىرزا قۇرباندىن قەشقەرنىڭ ھوقۇقىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا
بەردى. قەشقەرنىڭ ئادەملىرى سۇلتاننى قوغلاپ چى-
قاردى. ئابدۇلېتىپخان ئۆزىنىڭ بىر تۇغقىنى تۆمۈر
سۇلتاننىڭ بالىسى سۇلتان مەھمۇتخاننى قەشقەرنىڭ
پادىشاھلىقىغا ئەۋەتتى. ئۇ ناھىيىنىڭ ھوقۇقىنى مىرزا
قۇربان جوراسقا تاپشۇردى، ئابدۇلېتىپخان كۈچار نا-
ھىيىسىدىن باشلاپ بەدەخشان چېگرىسىغىچىلىك 12 يىل
مۇستەقىل پادىشاھلىق قىلدى. 26 يىل ئۆمۈر كۆردى.
ئۇ مەزگىلدىكى ئۇلۇغ، كاتتا مەرتىۋىلىك كىشىلەر:

ئاخۇن موللا مۇرات، ئاخۇن خوجا، قازى نەجمۇددىن
ۋە دائىمىيولمەروزلار ئىدى. ئادەملەر ئابدۇلېتىپ خاننىڭ
ۋاپات بولغانلىقىدىن بەكمۇ بىئارام بولۇشۇپ
ئەپسۇسلاندى.
ئاللا ھەممىدىن بىلگۈچىدۇر.

## سۇلتان ئەھمەت خاننىڭ پادىشاھلىق تەخ-
## تىگە ئولتۇرغىنى

ئابدۇلېتىپ خان پانىي دۇنيادىن مەڭگۈلۈك سارايـ
غا كۆچكەندىن كېيىن ئۇلۇغ كاتتىباشلار مەسىلەن،
مىرزا غازى بارلاس، خوجا لېتىپ، مىرزا قۇربان جو-
راس، مىرزا قارا باھادور جوراس، مىرزا مەلىك قا-
سىم بايىردىن، مىرزا مەسئۇدى بايىردىن، مىرزا شاھ مەنـ
سۇر ئوردا بېگى، مىرزا ئابدۇساتتار ئوردا بېگى،
مىرزا لېتىپ جوراس، مىرزا ھەبىب جوراس قاتار-
لىقلار دۆلەتنىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن مەسلىھەتلىـ
شىپ، سۇلتان ئەھمەت خاننى ئىزدەپ ئېلىپ كېلىشكە
مەسئۇد بەگنى ئاقسۇغا راۋان قىلدى. مەسئۇد بەگ
بېرىپ سۇلتاننى تەكلىپ قىلدى. سۇلتان بىلەن مىر-
زا ئەلى مەردان بەگلەر ئىككىلەنمەستىن يەكەن تە-
رەپكە راۋان بولۇشتى. مىرزا مەسئۇدنى ئاقسۇنىڭ
ھاكىملىقىغا قويۇپ كەتتى.
ئەلقىسسە، ئۇلار يەكەنگە يېتىپ كەلدى. كاتتىـ
باشلار ئالدىغا چىقىپ، قارشى ئېلىپ شەھەرگە باشـ



لاپ كىردى ۋە خانلىققا ئېلان قىلدى. خۇتبە، تامـ
غىلارنىڭ ھەممىسى خاننىڭ نامى بىلەن بېزەلدى.
ئەلى مەردان بەگ خاننىڭ ھەمراھلىقىدا كەلگەن ئىـ
دى. مىرزا ئابدۇساتتار ئىشىك ئاغا، شاھ مەنسۇر
بەگ قاراقاشنىڭ ھاكىمى بولدى. ئىشلار ئوردا بېـ
گى كاتتىباشلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. كاتتىباشلار ئوتـ
تۇرىسىدا چوڭ قارىمۇ قارشىلىق يۈز بەردى. ئاخىـ
رىدا، ئەلى مەردان بەگنى تۇتۇپ بۇلاڭ - تالاڭ
قىلىپ ئاقسۇغا ئەۋەتتى. مىرزا ئابدۇساتتار بەگنى
بالتى تەرەپكە سۈرگۈن قىلدى. مىرزا ئابدۇسەمەت
ئوردا بېگى قەشقەردىن كېلىپ يولدىن ئابدۇساتتار
بەگنى قەشقەرگە ئېلىپ باردى. شاھ مەنسۇر بەگ
قاراقاش ناھىيىسىدىن قېچىپ كۇچاغا كەلدى. بىر
ۋاقىتتىن كېيىن ئۇ يەنە سۇلتان مەھمۇت خاننىڭ
خىزمىتىگە ئالدىردى. يەكەننىڭ ھاكىملىقىنى (مىر-
زا غازى بارلاسنى ئېلىپ تاشلاپ) مىرزا قۇربان جو-
راسقا بەردى. بۇمۇ سۇلتان ئەھمەت خانغا نىسبەتەن
بىر خىل چېكىنىش بولدى.

### نەزم

ھەزەر قىلىش كېرەككى، دىلىمدىن ئاھۇ پىغان قوپتى،
كۆڭۈل ئارامىدا تۇرۇش رەسمىيىتى جاھاندىن كەتتى.
جەسەت ئاقىۋەت تۇپراققا ئولتۇردى،
پىتنە خاتىرجەملىك كۆرپىسىدىن قوپتى.

## سۇلتان مەھمۇتخاننىڭ ئۆز بۇرادىرى سۇلتان ئەھمەتخان بىلەن پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغىنى

سۇلتان ئەھمەتخاننىڭ ئەمەلدارلىرى ئۆز ئارا قارىمۇ قارشى بولۇپ دۈشمەنلەشكەندە، سۇلتان مەھمۇتخان يەكەنگە بارماقچى بولدى. يەكەنگە كېلىپ خوجا لېتىپنىڭ قىزىغا خېرىدار بولدى. لېكىن نىكاھ قىلىش ۋاقتى كەلگەندە قىزنى سۇلتان ئەھمەتخان ئېلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن سۇلتان مەھمۇتخان ئۆزىنىڭ بىر تۇغقىنى سۇلتان ئەھمەتخاندىن رەنجىپ ھاشىم خوجانىڭ قىزىنى ئېلىپ قايتتى ۋە يەكەنگە لەشكەر تارتىپ كەلدى. ئاقسۇنىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن قىرغىزلارمۇ (60 ئادەم) ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشكە كەلدى. سۇلتان مەھمۇتخان لەشكەرلىرىنى رەتلەپ يەكەنگە كېلىپ كۆك قۇمغا چۈشتى. 20 كۈندەك مۇھاسىرە قىلىپ ئاخىر قايتتى. بىر يىلدىن كېيىن يەنە ھەرىكەت قىلدى، مىرزا مۇھەممەت دوست ئەرلات، مىرزا كامال بارلاس، شەھىيار بەگ قالۇچى، خوجا پادىشاھ قۇلى بۇغرىچى، قازى كېپەك مىر ئەزەم شاھ، مىرزا ئابدۇسەمەت جوراس، شاھ مەنسۇر بەگ، مىرزا ئابدۇساتتار قاتارلىق كاتتا ئەمەل-



دارلار خاننى توسۇپ ياندۇرالمىدى. ئاخىرى ئۆز بىر تۇغقىنى ئۈستىگە لەشكەر تارتىپ كەلدى.

سۇلتان ئەھمەتخاننىڭ ئەمەلدارلىرى كېڭەشكە مەشغۇل بولدى. مىرزا قارا باھادۇر، مىرزا مەلىك قاسىملار: «ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ تاقابىل تۇرۇشقا ئالدىرايلى» دەپ مەسلىھەت بېرىشتى. خوجا لېتىپ، مىرزا قۇربان باھادۇر بەگلەر بولسا: «شەھەرنى قورشاپ تۇرۇپ ئۇرۇشايلۇق» دېيىشتى. كۆپىنچە باشلىقلار مىرزا قارا باھادۇر، مىرزا مەلىك قاسىملار تەرەپدار بولۇشتى. يەنە ئالدىغا چىقىپ ئۇرۇشماقچى بولۇشتى. سۇلتان ئەھمەتخان، ئوڭ تەرەپ لەشكەرلىرىنى مىرزا قارا باھادۇر بىلەن مىرزا مەلىك قاسىملارغا، چەپ تەرەپ لەشكەرلىرىنى مىرزا غازى بەگ بىلەن مىرزا ئابدۇراخمان دوغلاتلارغا ئورۇنلاشتۇردى. ئوتتۇرا قىسىم ھەربىيلەرنى باشقۇرۇشنى مىرزا قۇربان بەگكە تاپشۇردى. لەشكەرلەردىن رەتلەپ شەھەردىن دۆڭ باغقا كېلىپ ئۇرۇش سەپلىرىنى رەتلەپ تەييارلاندى. سۇلتان مەھمۇتخان مەملىكەتنىڭ ئاتارمەن - چاپارمەنلىرى بىلەن بىر تۇغقىنىغا قارشى ئۇرۇش سېپىنى تەشكىللىدى. جەڭچىلەر ئۇرۇشقا ئالدىراشتى. مىرزا قارا باھادۇر ئوڭ قەرەپ قىسمىدىن سەپنى بۇزۇپ قاچقىلى يۈزلەندى. مىرزا ئابدۇراخمانمۇ چەپ قىسمىدىن لەشكەرلەرگە يامان تەسىر بېرىپ، بەدەر قاچتى. شۇنىڭ بىلەن سۇلتان ئەھمەتخان مەغلۇپ بولۇپ ئاقسۇغا يۈزلەندى.

مىرزا قۇربان جوراس يېقىنلىرى ۋە ئۇرۇق - تۇغ-
قانلىرى بىلەن سۇلتان مەھمۇت خاننىڭ يولىنى توسۇپ
ئۇرۇش قىلدى. سۇلتان ئەھمەت خان پېشىن ۋاقتىدا
ئاقسۇ تەرەپكە يۈزلەندى. مىرزا قۇربان ناماز شام
ۋاقتىغىچە ئۇرۇشتى. خوجا لېتىپ قالوچى قۇربان
بەگ تەرەپدارى ئىدى. ئۇنى چاقىرتتۇرۇپ ئېلىپ
كەلدى. خوجا لېتىپ قۇربان بەگنى سۇلتان مەھمۇت
خاننىڭ ھوزۇرىغا ئەپكەلدى.

شۇنىڭ بىلەن سۇلتان مەھمۇت خان مەنسۇر بى-
لەن فىروز پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇردى. مىر-
زا مۇھەممەت دوست ئەرلاتنى يەكەننىڭ ھاكىملىقىغا
بېكىتتى. مىرزا ئەزەم شاھنى تامغا ئىگىسى ۋە ۋە-
زىر قىلدى. ۋىلايەتلەر ئەمەلدارلارغا بۆلۈپ بېرىلدى.
سۇلتان ئەھمەت خاننىڭ ئەمەلدارلىرىدىن خوجا لېتىپ،
مىرزا قۇربان جوراس، مىرزا قارا باھادور جوراس،
مىرزا لېتىپ جوراس ۋە مىرزا رىزا ھەلالىلارنى بە-
لىخ تەرەپكە سۈرگۈن قىلدى. غازى بەگنى كىرىيە
ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا ئەۋەتتى، مەملىكەت مۇ-
قىملاشتى.

## ئابدۇرېھىم خاننىڭ ئاقىۋىتى ۋە ئۇنىڭ
## ياخشى ئەخلاقلىق ئوغۇللىرى

نەقىل كەلتۈرۈلۈشىچە، ئابدۇرېھىم خان مۇھەممەت
خاننىڭ زامانىسىدا قارا شەھەر ۋە تۇرپاننىڭ باش-



لىقلىقىغا بەلگىلەندى. ئۇ يەردە 40 يىل مۇستەقىل
پادىشاھلىق قىلدى. مۇبارەك ياشلىرى 70 تىن ئۆت-
كەندە دۇنيادىن ئۆتتى. ئۇنىڭدىن توققۇز ئوغۇل قال-
دى. 1. ئابدۇللاخان 2. ئەبۇلمۇھەممەت خان 3. ئىب-
راھىم سۇلتان 4. ھەزرىتى ئىسمايىل خان
5. باباخان، 6. ئاپاق سۇلتان 7. شاھ سۇلتان 8. مەن-
سۇر سۇلتان 9. بىيچەن (؟) سۇلتان.

ئابدۇللاخان يەتتە يېشىدا مىرزا ئەبۇلھادىنىڭ
قولىغا چۈشۈپ، شۇنىڭ قولىدا ئۆسۈپ يېتىلدى. ئابدۇرې-
ھىم خاننىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئەڭ چوڭى بولغان مىرزا
يۇنۇس بەگ قۇمۇل ناھىيىسىدە ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ
ئوغۇللىرى مىرزا ئابدۇللا، مىرزا مۇنسىلار خانغا
قارشىلىق كۆرسەتتى. خان ئەبۇل مۇھەممەت خاننى
ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئەبۇلمۇھەممەت خان
تۇرپانغا يېتىپ كەلگىنىدە خان ئالەمدىن ئۆتتى.
ئەبۇلمۇھەممەت خان شۇ يەردە توختاپ قالدى. مىرزا
ئەبۇلھادى ئابدۇللاخاننى ئېلىپ قارا شەھەرگە كەلدى.
ئابدۇرېھىم خاننىڭ ئەمەلدارلىرىدىن بىر قانچىنى ئۆلتۈر-
دى، بىر قانچىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى. ئەبۇلمۇھەممەت خاننى
تۇتۇشقا ئىلغارنى ئەۋەتتى. ئۇنىڭ مەقسىتى: ئابدۇرې-
ھىم خاننىڭ ئۇرۇق ئەۋلادلىرىنى يوقىتىۋېتىشتىن
ئىبارەت ئىدى. مىرزا ئەبۇلھادىنىڭ قىزىدىن ئابدۇللا-
خاننىڭ ۋۇجۇدىدىن ئىككى ئوغۇل ۋۇجۇدقا كەلگەن
ئىدى. يولۋاس خان، ئارسلانخان ناملىق بۇ ئىككىسى-
لەننى خانلىقتا تىكلىدى. مىرزا ئەبۇلھادىنىڭ ئىشەنچ-

لىك كىشىلىرىدىن بىرسى بۇھادىسىنى ئابدۇللاخانغا يەتكۈزدى. ئابدۇللاخان باشقىلارغا مەسلىھەت سالدى. نەتىجىدە، مىرزا ئەبۇلھادىسىنى ئۆلتۈردى. دۆلەتنىڭ ئاتارمەن - چاپارمەنلىرىنى ئېلىپ كۇچار تەرەپكە يۈزلەندى، ئابدۇللاخان قايتىپ كېلىشتىن بۇرۇن سۇلتان ئەھمەت خان ئاقسۇدىن كېلىپ كۇچارغا ھۇجۇم قىلىپ قايتتى. سۇبھان قۇلى بەگ ئابدۇللاخاننىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ چوڭ باشلىقى ئىدى. خاننى لەشكەر تارتىشقا تەرغىپ قىلدى.

ئاللا ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.

## ئابدۇللاخاننىڭ ئاقسۇ مەملىكىتىگە خان بولغىنى، سۇلتان مەھمۇت خاننىڭ ۋاپات بولغىنى ھەمدە سۇلتان ئەھمەت خاننىڭ ئاقىۋىتى

سۇلتان ئەھمەت خان كۇچاردىن ئاقسۇغا قايتتى. ئابدۇللاخان سۇلتان ئەھمەت خانغا قارشى لەشكەر تارتتى. سۇلتان ئەھمەت خان باي ناھىيىسىگە كەلگەندە ئۇمۇ يېتىپ كېلىپ شۇ يەرگە چۈشتى. بۇ چاغدا سۇلتان ئەھمەت خان ئەرباتتا ئىدى. ئۇ ئەرباتتىن ئۆتۈپ جام كەنتىگە چۈشتى. ئابدۇللاخان بولسا بايدىن ئۆتۈپ ئەرباتقا كەلدى ۋە سۇبھان قۇلى بەگ، قازى شاھلارغا كىشى ئەۋەتىپ ئۇلار بىلەن بىرلەشتى. قازى شاھ، خوجا مۇھەممەت نەسىر بايىردىن،



ئوروۇز دىۋان، سۇلتان يار تۇغ بېگلەر سۇلتان ئەھمەتخاندىن يۈز ئۆرۈپ، ئابدۇللاخانغا قوشۇلدى. سۇلتان ئەھمەت خان ئاقسۇدىن قېچىپ يەكەنگە كەلدى.

سۇلتان مەھمۇت خان ئۆزىنىڭ بىر تۇغقىنى سۇلتان ئەھمەت خاننى سۈرگۈن قىلىشقا بۇيرۇق قىلدى. ھەزرىتى ئەزىز ۋە خانىم پادىشاھلار: «ئابدۇللاخاندىن قېچىپ سىلەرنى پاناھ قىلىپ كەپتۇ، ئۇنى سۈرگۈن قىلىش ئۆتۈپ كەتكەن ۋاپاسىزلىق بولىدۇ» دەپ ئەھمەت خاننى تىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن سۇلتان مەھمۇت خان سۈرگۈن قىلىشتىن توختاپ، قايتىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ بىر تۇغقىنىغا ئىززەت - ئىكراملار بىلەن شامالباغنى بەردى، ئۈچ ئايدىن كېيىن ئاقسۇ تەرەپكە لەشكەر ماڭغۇزدى، لېكىن ئابدۇللاخاننىڭ لەشكىرى غالىپ كەلدى.

ئەلقىسسە، ئابدۇللاخان ئاقسۇنىڭ پايتەختىگە ئورۇنلاشتى. سۇلتان مەھمۇت خان قايتىدىن لەشكەر تەييارلاشقا كىرىشىپ كەتتى. لېكىن ئۇنىڭ قىلغان تەدبىرى خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن مۇۋاپىق كەلمىدى. ئالدامچى زاماننىڭ ئۇنىڭ ياشلىقىغا ئىچى ئاغرىدى. بىر كېچىسى ئۇ شارابنى كۆپ ئىچىۋەتكەنلىكتىن خۇدانىڭ بۇيرۇقى بىلەن قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى. سۇلتان مەھمۇت خاننىڭ بۇ قورقۇنچلۇق ۋەقەسى يەكەننىڭ دارىلسەلتەنەتىدە، 1045 - يىلى يۈز بەرگەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ سۇلتان مەھمۇت خان 22 يىل ئۆمۈر كۆردى. تەخمىنەن ئۈچ يىل پادىشاھلىق قىلدى.

ئاللا ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.

سۇلتان مەھمۇت خان بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشقان چاغدا، دۆلەتنىڭ ئاتارمەن - چاپارمەنلىرى بىرلىككە كېلىپ، كونا رەسمىيەت بويىچە سۇلتان ئەھمەت خاننى خانلىققا تەيىنلىدى. سۇلتان مەھمۇت خاننىڭ ئەمەلدارلىرىنى ئىلگىرىكى تۈزۈم بويىچە بېكىتتى.

سۇلتان ئەھمەت خان ئىرادىسى تۇراقسىز كىشى ئىدى. لەشكەر بىلەن پۇقرا ئۇنىڭدىن نەپرەتلەندى.

ئەلقىسسە، ئەمدى ئابدۇللاخان قەشقەرگە يۈرۈش قىلدى. سۇلتان ئەھمەت خانمۇ ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن قەشقەرگە راۋان بولدى. ئۇلار تورغاي دېگەن يەردە ئۇچرىشىپ تۇتۇشتى. بۇ سوقۇشتا سۇلتان ئەھمەت خان غەلىبە قىلدى.

ھەزرىتى ئەزىز ئابدۇللاخان تەرەپكە مايىل بولدى. ھەزرىتى ئەزىزنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن ئابدۇللاخان ساق - سالامەت ئاقسۇغا قايتىپ كەلدى. خوتەندىن مىرزا شاھ مەنسۇر بەگ بىلەن مىرزا ئابدۇساتتار بەگلەر سۇلتان ئەھمەت خاندىن يۈز ئۆردى. ئۇلار مىرزا ئابدۇراخمان بەگنى ئاقسۇغا ئەۋەتتى. قەشقەر، يەكەندىنمۇ داڭدار پالۋانلار قېچىپ ئابدۇللاخانغا قوشۇلدى. ئابدۇللاخان ھەر جەھەتتىن كۈچەيدى. ئۇ يەنە قەشقەر تەرەپكە ھەيۋە قىلىپ، دۆلەتنىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشتى. ئابدۇللاخاننىڭ خىزمىتىدە سۇبھان قۇلى بەگ، ئەرەب بەگ، شاھ بەگ، مۇھەممەت مەنسۇر بەگ، ئابدۇقاھھار بەگ، مىرزا قۇلى



بەگ، مىرزا كوچىك جوراس بەگ، ئۇنىڭ بىر تۇغقانلىرىدىن مىرزا شەھباز بەگ، مىرزا دۆلەت شاھ جوراس ۋە ئۇنىڭ بىر تۇغقىنى مىرزا فازىل، مىرزا مۇھەممەت ئەمىن جوراس ۋە ئۇنىڭ بىر تۇغقىنى تولكى بەگ، مىرزا ئىسمايىل، مىرزا شاھ قاسىم ئوردا بېگى، مىرزا زاھىت بەگ قاتارلىق ئەمەلدارلار، ئۇلۇغلاردىن: پادىشاھ خوجا، قازى شاھ، تاتلىق خوجا، مىر ئابدۇللا خوجا، خوجا مۇھەممەت زاكىر ۋە باشقا بىر قانچەيلەن بار ئىدى. ئۇلار خانغا: «ئەبۇلمۇھەممەت خاننى تۇرپاندىن چاقىرتتۇرۇپ ئەپكېلەيلى، ئاندىن كېيىن ئاتا مىراس مۈلكىمىزنى تەلەپ قىلايلى» دەپ مەسلىھەت بېرىشتى. ئۇلارنىڭ مەسلىھەتى خانغا توغرا كېلىپ ئەبۇلمۇھەممەت خانغا پادىشاھ خوجا، مىر ئابدۇللاخوجا، مىرزا مۇھەممەت ئەمىن بەگلەرنى ئەۋەتتى. ئۇلار تۇرپانغا يېتىپ كېلىپ تاپشۇرۇقنى ئورۇندىدى. ئەبۇلمۇھەممەت خان ئاقسۇغا قاراپ يۈرۈش قىلدى، مەنزىلمۇ مەنزىل مېڭىپ ئاقسۇغا يېتىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ بىر تۇغقىنى ئابدۇللاخاننىڭ بوسۇغىسىنى تاۋاپ قىلىشقا مۇشەررەپ بولدى. مىرزا تولكى بەگ دوغلات ئەبۇلمۇھەممەت خاننىڭ پادىشاھلىق تۈۋرۈكى ئىدى. ئۇمۇ خاننىڭ ھەمراھلىقىدا ئاقسۇغا كەلدى.

ئەلقىسسە، ئابدۇللاخان بىلەن ئەبۇلمۇھەممەت خانلار قەشقەر تەرەپكە لەشكەر تارتتى، ئۇ چاغدا قەشقەر ھۆكۈمىتى مىر ئەزىم شاھقا قاراشلىق ئىدى. خان-

لار كېلىپ قەشقەرنىڭ سېپىلىنى مۇھاسىرە قىلىشقا باشلىدى. جەڭچىلەر دەرۋازىغا ھۇجۇم قىلدى. شەھەر- نىڭ سىرتىنى ئېلىپ پادىشاھلىق ئورنىغا قايتتى. سۇلتان ئەھمەت خان ئەمەلدارلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئابدۇللاخان تەرەپدارى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، قولىنى مەملىكەتتىن يۇيۇپ، بەلىخ تەرەپكە راۋان بولدى. بەدەخشاندىن ئۆتۈپ ماۋرائۇننەھرى مەملىكىتىگە كىردى. ئىمام قۇلى خان ئۇنىڭ كەلگىنىنى ئۇلۇغ بىلىپ، نەزەر بۇرۇتىنى 70 مىڭدەك ئادەم بىلەن سۇلتان ئەھمەت خاننىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە ئەۋەتتى. سۇلتان ئەھمەت خان ئۆزبېك لەشكەرلىرى بىلەن بىللە ئەنجانغا يېتىپ كەلدى. ئۇ چاغدا ئەنجاننىڭ ئادەم- لىرى ئىمامى قۇلى خانغا قارشىلىق كۆرسىتىۋاتاتتى. سۇلتان ئەھمەت خان ئەنجاننى قولغا چۈشۈرۈش مەقسىتىدە ئۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ قازا ۋە قەدەرگە ئاساسەن، ئەنجاندا ئۆلتۈرۈلدى. ئۆزبېك لەشكەرلىرى قايتىپ كەتتى.

سۇلتان ئەھمەت خان 26 يىل ئۆمۈر كۆردى، ئەخ- مىنەن بەش يىل پادىشاھلىق قىلدى.

ئاللا ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.

## ئابدۇللا خاننىڭ خانلىق تەختىگە ئولتۇرغىنى

سۇلتان ئەھمەت خان يەكەندىن چىقىپ كەتكەن- دىن كېيىن يەكەن، قەشقەر ئەمەلدارلىرى ئابدۇللا-



خانغا بويسۇندى. ئابدۇللاخان يەكەنگە لەشكەر تار- تىش ئارزۇسىدا يولغا چىقىپ يېڭى ئېرىقتا كېلىپ چۈشتى. ئەمەلدارلار خاننىڭ خىزمىتىگە مۇشەررەپ بول- دى. خان خۇشال بولۇپ، خوتەن تەرەپكە مۇھەممەت مۆمىن سۇلتان، مۇھەممەت مەنسۇر بەگ، مىرزا ھاجى بەگ ئوردا بېگى، مىرزا زاكىر يارقىلارغا: «سى- لەر دەرھال بېرىپ، شاھ مەنسۇر بەگ، ئابدۇساتتار بەگلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا خوتەنگە قاراپ ئاتلىنىڭ- لار» دەپ بۇيرۇق قىلدى. ئەمەلدارلار بۇيرۇققا بىنائەن خوتەنگە يېتىپ كەلدى. مىرزا شاھ مەنسۇر بەگ، مىرزا ئابدۇساتتار، مىرزا ئابدۇسەمەت جوراس، مىرزا ئارىپ بىكچىك مەزكۇر ئەمەلدارلارغا يېتىشتى، بىرقانچە ۋاقىت توختاپ تۇرۇپ ئاندىن يەكەنگە راۋان بولدى. خان بېگى ئېرىقتىن مۇۋەپپەقىيەت بىلەن جەننەتكە ئوخشاش يەكەنگە يېتىپ كەلدى. ھەزرىتى ئەزىز، ئاخۇن خوجا نەسىر، ئاخۇن موللا سالىھ ۋە باشقا دۆلەتنىڭ چاپارمەنلىرى خاننى قارشى ئېلىشقا كېلىشتى. ئۇلار قايىماقچىدا ئۇچ- راشتى. خاننى كونا تۈزۈم بويىچە خانلىققا ئېلان قىلدى. شاھ مەنسۇر بەگنى ئۆزىنىڭ ۋەزىرى قىلدى. قەشقەر ھۆكۈمىتىنى سۇبھان قۇلى بەگكە بې- كىتتى. مىرزا شاھىت جوراسنى يېڭىسارنىڭ ھاكىملى- قىغا ئەۋەتتى. ئاقسۇنىڭ ھوقۇقىنى مىرزا ئابدۇسات- تار بەگكە تاپشۇردى. ئۇچتۇرپاننىڭ ھوقۇقىنى مىرزا كىچىك جوراسقا بەردى. شاھ بەگنى ۋەزىر قىلدى.

باباق بەگنى مىراب قىلدى. جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنى مىرزا ئىسمايىل ئۇردا بېگىگە، بورانغار بىلەن سىپىردىق قولنى مىرزا شەھۋاز جوراسقا تاپشۇردى. ھەزرىتى ئىبراھىم سۇلتاننى خوتەن مەملىكىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئېلان قىلدى. مۇھەممەت مەنسۇر بەگنى ئۇنىڭ ۋەزىرى قىلدى. ئەرەب بەگنى قارىقاش ناھىيىسىگە ئەۋەتتى. ئەبۇلمۇھەممەت خاننى كونا تۈزۈم بويىچە قاراشەھەر بىلەن تۇرپاننىڭ ۋالىيسى قىلىپ بەلگىلىدى. پايجان پۇلى تاپشۇرۇپ ئېلىندى، پايجان پۇلى باي ناھىيىسى بىلەن ئاقسۇ ئوتتۇرىسىدىكى بىر جاي ئىدى. خان تەختكە ئولتۇردى.

مىرزا مۇھەممەت دوست ئۇرلات، مىر ئەزەم شاھ مىرزا تولىك ئەرلات، مىرزا ئاللا دوست ئەرلات، مىرزاشاھىد ئەسكى تاقى، مىرزا كېپەك جوراس، چالما خوجا، مىرئابدۇراخمان شاھ ۋە مىرزا يادىگار ئۇشلارنى سۇرگۈن قىلدى. ئۇلار ھىندى تەرەپكە راۋان بولۇشتى.

سۇلتان ئەھمەت خان سەمەرقەنتتىن ئەنجانغا كەلدى. سۇلتان ئەھمەت خاننىڭ خەۋىرى ئابدۇللاخاننىڭ قۇلىقىغا ئاڭلاندى. خان دۆلەتنىڭ ئاتارمەن- چاپارمەنلىرىدىن گۇمانلىنىپ قەشقەردە خوجامىر، خوجا مۇھەممەت رەئۇف، مىرزاكامال بارلاس، مىرزا ئابدۇسەمەت جوراس، مىرزا ئاردىپ بىكچىك قاتارلىق 200 دەك داڭلىق ئادەملەرنى ئۆلتۈردى. يەكەندىمۇ ئاخۇن خوجا لەسىر ئەلەيھىر رەھمە، مىرزا رىزاھىلالى،



مىرزاشاھ مۇھەممەت ئەسكى تاقى، تاھىرخوجا بايرىن قاتارلىق 100 دەك ئادەم بار ئىدى. ئۇلارنىمۇ ئۆلتۈرۈشكە جۈرئەت قىلدى. شۇ ئاردا سۇلتان ئەھمەت خاننىڭ ئۆلگەن خەۋىرى تارقالدى. پىتنە تۈگەشتى. تارىخنىڭ 1048 دە يەكەن بىلەن قەشقەردە بۇ ۋەقە يۈز بەردى.

خان ئوۋ ئوۋلاش مەقسىتىدە يېڭىسار تەرەپكە راۋان بولدى. قونچىن، سىررەك، شەمەرلەر قالماقتىن كېلىپ خوتەن مەملىكىتىگە ھۇجۇم قىلدى. مۇھەممەت مەنسۇر بەگ لەشكەرلەرگە باشلىق بولۇپ سېپىلدىن تاشقىرى چىقتى. ئىككى تەرەپ قاتتىق ئېلىشتى. ئۇرۇشتا مۇھەممەت مەنسۇر بەگ بىلەن مىرزا شەھباس جوراسلار ئۆلتۈرۈلدى، ئىبراھىم سۇلتاننىڭ يۈرەكلىك قارشى تۇرۇشى نەتىجىسىدە خوتەن مەملىكىتى ئامان قالدى. خان شاھ مەنسۇر بەگ بىلەن سۇبھان قۇلى بەگلەرنى باشلامچى قىلىپ قالماق ئارقىسىدىن لەشكەر ئەۋەتتى. ئەمەلدارلار قالماقلار بارجايغا يەتمەي تۇرۇپ باقى دوك دېگەن جايدىن قايتتى.

ئەلقىسسە، شەمەر، سەرەڭلەر ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلدى. ئەسىر، ئولجىلارنى ئېلىپ قايتتى. مىرزا شاھ قاسىم ئۇردا بېگى كۇچارنىڭ ھاكىمى ئىدى. خان قۇلى بەگ باي ناھىيىسىدە ئىدى. شەمەر، سەرەڭلەر بايغا يېتىپ كەلدى. شاھ قاسىم بەگ كۇچاردىن باي ناھىيىسىگە كېلىپ خان قۇلى بەگنىڭ ھەمراھلىقىدا

سەرەك. شەمەرلەرنى ھىيلە بىلەن تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ
ئادەملىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ ئۆلتۈرمەكچى بول-
دى. شەمەرنى خان قولى بەگكە تاپشۇرۇپ، سەرەڭنى
ئېلىپ كۆچارغا قايتتى. مىرزا شىرمۇھەممەت كۆچاردا
قالغان ئىدى. ئۇ قارىمۇ قارشىلىق دۈمبىقىنى ئاشكارا
چالدى. مىرزا شاھ قاسىم بۇ ۋەقەنى خانغا يەتكۈزۈش
ئۈچۈن ئاقسۇغا راۋان بولدى. مىرزا شىرمۇھەممەت-
نىڭ قارشىلىقى مۇبارەك خاننىڭ قولىقىغا يېتىپ
كەلدى. خان لەشكەر توپلاشقا كىرىشىپ كۆچارنى قول-
غا كەلتۈرۈشكە راۋان بولدى. خان سالامەت كېلىپ
سېپىلغا ئورۇنلىشىۋالدى. خان بىلەن ئاتاقلىق ئە-
مەلدارلار، جەڭچىلەر قەلئەنى قورشاشقا باشلىدى.
مىرزا شاھ قاسىم كۆچار قەلئەسىنىڭ دەرۋازىسىغا
ھۇجۇم قىلغان ئىدى، ئوق تېگىپ ئالەمدىن ئۆتتى.
خان ئاچچىقلىنىپ قەلئەنى پەتھى قىلىشقا تىرىشچان-
لىق كۆرسەتتى. ئەمەلدار، لەشكەرلەر قەلئەگە كۆ-
چەپ ھۇجۇم قىلىشتى، ئاخىرىدا كۆچار قەلئەسىنى
پەتھى قىلدى، قارشى كۈچلەرنى يالىڭاچلاپ تاشلى-
دى. مىرزا ئابدۇساتتار بەگنى كۆچار ھۆكۈمىتىگە بې-
كىتىپ، غەلىبە نۇسرەت بىلەن پادىشاھلىققا قايتىپ
كەلدى. خان بىللەۋور بىلەن بەدەخشاننى قولغا كەل-
تۈرگۈسى كېلىپ، دۆلەتنىڭ ئاتارمەن - چاپارمەنلى-
رى بىلەن بىللە بىللەۋور تەرەپكە ئاتلاندى. سىرىق
قولغا كەلگەندە نەچچە مىڭ ئەمەلدارلار خاننىڭ بو-
سۇغىسىنى تاۋاپ قىلىشقا مۇشەررەپ بولدى. خان



«بەدەخشاننىڭ بارلىق ئەمەلدارلىرى ئاۋۋال باشلىق-
لار بىلەن سۆھبەتلىشىپ بولۇپ ئاندىن كۆرۈنۈش
قىلسۇن» دەپ بۇيرۇق قىلدى. مىرزا شاھ مەنسۇر
بەگ، شاھ بەگ، مىرزا شەھباز جوراس، مىرزا فازىل
جوراس، مىرزا ھىدبەگ يارقى، مىرزا ئىسمايىل ئور-
دا بېگى، مىرزا قولى بەگ، ئابدۇقاھار بەگكە ئوخ-
شاش چوڭ ئەمەلدارلارغا ئۆلپەت بولۇشتى. نەچچە
مىڭ ئەمەلدارلار يول باشلىشىپ، مەنزىلمۇ مەنزىل
مېڭىپ بىللەۋور ناھىيىسىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ چاغدا
بىللەۋورنىڭ ۋالىيسى شاھى بابۇر ئىدى. ئۇ ئۆزى-
نىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئىسكەندەر زۇلقەرنەينگە ئۇ-
لاشۇراتتى. شاھ بابۇر لەشكەرنىڭ داغدۇغىسىنى قى-
لىپ، ئۆزىنىڭ ۋەزىرلىكىگە بەگ ئەلىينى ئالدىن
ئەۋەتىپ، ئۆزى ئارقىدا قالغان ئىدى. خاننىڭ غەلى-
بە سۈرەتلىك لەشكىرى يېتىپ كەلدى، شاھ بابۇر
كەينىدە قېلىپ سېپىل قويىنغا يوشۇرۇنۇۋالدى. بەگ
ئەلى ئۆلۈمگە بۇيرۇلدى. شاھ بابۇر مۇھاسىرە قى-
لىندى. شاھ بابۇر قاتتىق بىچارىلىقتىن ئۆزىنىڭ
شاھ رەئىس ئوغلىنى قورقۇپ تىترىگەن ھالدا، نور-
غۇن ھەدىيەلەر بىلەن خاننىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. شاھ
رەئىس بېرىپ ئۆزىنى ئېيتىپ كۆڭۈل قويدى. خان
ئۇنىڭ گۇناھلىرىدىن ئۆتۈپ ياندۇردى. ئۇ سەپەردە
خان ئۈچ ئايغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە بەدەخشاننى
قول ئاستىغا كىرگۈزۈپ، ئۆز پادىشاھلىق ئورنىغا
قايتتى.

## ئابدۇللا خاننىڭ ئوش ناھىيىسىگە لەشكەر تارتىپ ئوشنى ئالغىنى ۋە باشقا يول بىلەن قايتىپ كەلگىنى، ئەمەلدارلارنىڭ خاننىڭ ئارقىسىدىن كەلگىنى ۋە ئۇلارنىڭ قىرغىزلاردىن يېڭىلگىنى

بۇ گەپنىڭ قىسقىسى شۇكى، سۇبھان قۇلى بەگ قەشقەرنىڭ ھۆكۈمىتىگە بېكىتىلگەن ئىدى. خان باباق بەگنى «يوللارنى چىڭ توسۇڭلار! لەشكەرلەرنى ئوش تەرەپكە ئېلىپ بارماقچى بولۇۋاتىمىز» دەپ ئەۋەتتى. باباق بەگ بىر كۈندە قەشقەرگە يېتىپ كېلىپ سۇبھانقۇلى بەگ بىلەن ئۇچراشتى. سۇبھانقۇلى بەگ سورىدى: «يەكەندىن قاچان كەلگەن ئىدىلە؟» باباق بەگ: «ۋاقىتسىز كەلگەن ئىدىم» دېدى. سۇبھان قۇلى بەگ باباق بەگدىن قاتتىق بىئاراملىق بىلەن بىر نەرسە سورىدى، باباق بەگ بەگنىڭ غەرىزىنى چۈشىنىپ قېلىپ: «يولنى توسۇپ تۇرۇشتىن باشقا ھېچ نەرسىنى ئۇقمايمەن» دېدى. سۇبھانقۇلى بەگ بۇ مۇھىم ئىشقا ئىنتايىن تېزلىكتە تۇتۇش قىلدى.

ئەلقىسسە، خان كۆپ لەشكەر بىلەن قەشقەر مەملىكىتىگە يېتىپ كەلدى. يولۋاس خان، سۇبھانقۇلى بەگلەر خاننىڭ ئالدىغا چىقتى، خان قازى شاھ يۈسۈپنى لەشكەر جوغلاش ئۈچۈن ئاقسۇ، ئۈچتۇرپان، كۇچار، بايلارغا ئەۋەتتى. خان ئەنجان تەرەپكە را-



ۋان بولدى. شارت داۋانىدىن ئۆتۈپ ئوش داۋانىغا يېتىپ كەلدى. ئوشنىڭ ئادەملىرى خاننى قارشى ئېلىشقا كېلىشتى. خان ئوشقا كېلىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ كەتمەن تۇپا توسماسىغا ياندى. قازى شاھ يۈسۈپ خوجا ئەمەلدارلارغا خاننىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزدى. قازى شاھ بەگ، مىرزا كىچىك بەگ، مىرزا ھاجى بەگ، ئابدۇقاھار بەگ، خانقۇلى بەگ، قازى مۇھەممەت زاكىر، شاكىر بەگ قاتارلىق كاتتا باشلىقلار ئاقسۇ، ئۈچتۇرپان، كۇچار، بايلارنىڭ ئادەملىرىنى ئېلىپ خاننىڭ ئارقىسىدىن راۋان بولدى. قىرغىزلار خاننىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ يېتەلمەي قېلىپ قالدى. جاڭقان قوشچى قاپلان كۇلكىلدا خاننىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ كېلىپ ئۇرۇش باشلىدى. بورانغارنىڭ موڭغۇللىرىدىن تەركىب تاپقان ئوڭ تەرەپ ئەسكەرلىرى جاڭقاننىڭ ئەدىبىنى بېرىشكە ئالدىرىدى. شاھ بەگ، پولات بەگ قاتارلىق كاتتا ئەمەلدارلار (پولات بەگ — مەۋلانا ئەرشىدىن قۇددىسە سىررۇھۇنىڭ ئۇرۇق ئەۋلادى ئىدى. موڭغۇللارنىڭ ئىمانى شۇ كىشىنىڭ قولىدا تاماملانغان ئىدى) شاھباز بەگ، مىرزا شاھ مۇھەممەت بەگ ۋە ئۇنىڭ بىر تۇغقىنى مىرزا فازىل، مىرزا مۇھەممەت ئەمىن بەگ، مىرزا تولكى بەگ قاتارلىقلار، ئۇلۇغلاردىن: مىرئابدۇللا خوجا، قازى بەدىئۇز زامان خوجا، سىرىت خوجا، مىرزا شاھ مۇھەممەت بەگ قاتارلىقلار مەجرۇھ بولۇپ جاڭقان قايتىپ كەتتى. قىرغىزنىڭ ئەمەلدارلىرى يىغىلىشقان ئىدى. جاڭ-

قان قايتىپ كېلىپ قوشۇلۇپ تۇرغان ئىدى، باشقىلار ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان ۋە باينىڭ لەشكەرلىرىنى ئېلىپ يېتىپ كەلدى، بۇلار 2000 گە يېقىن ئادەم ئىدى. قازى شاھ خوجا ئاقسۇنىڭ ھاكىمى، ئابدۇقاھار بەگ كۇچارنىڭ ھاكىمى، مىرزا كىچىك بەگ ئۇچتۇرپاننىڭ ھاكىمى، مىرزا ھاجى بەگكىمۇ مەنسەپ بەرگەن. يەنى كەلپىن، يېڭى سېرىق تۇغلارنىڭ ھوقۇقىنى مولاپ بەرگەن ئىدى. خانقۇلى بەگ باينىڭ ھاكىمى ئىدى. خوجا مۇھەممەت زاكىر ئۇچتۇرپان، ئاقسۇنىڭ قازىسى ئىدى. ئۇلار لەشكەرلىرىنى تەييارلاپ تۇرۇۋاتتى. لېكىن خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن ئەمەلدارلار ئوتتۇرىسىدا ساداقەتسىزلىك پەيدا بولدى. قىرغىزلار ئەمەلدارلارغا يۈزمۇيۈز ھۇجۇم قىلدى. بەش كېچە-كۈندۈز ئۇرۇش بولدى. ئاخىرى خاننىڭ لەشكىرى مەغلۇپ بولۇپ قىرغىزلار غەلىبە قىلدى. قازى شاھ خوجا، خانقۇلى بەگلەرنىڭ قولى باغلاندى. مىرزا كىچىك بەگ، ئابدۇقاھار بەگلەر ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. مىرزا ھاجى بەگ، قازى مۇھەممەت زاكىر خوجا، مىرزا شاكىر بەگ، خوجا مۇناق ساغرىچى قاتارلىق 150 كە يېقىن ئادەم بۇ خەتەردىن ئۆزىنى قاراپ قالدى. قالغانلارنى قىرغىزلار يوقىتىۋەتتى.

قىرغىزنىڭ ئەمەلدارلىرى خانقۇلى بەگنى ئازاد قىلىۋەتتى، خانقۇلى بەگ كېلىپ لەشكەرنىڭ مەغلۇبىيىتىنى خانغا مەلۇم قىلدى. قازى شاھ خوجامۇ ئەسىر بولدى. يەنە بىرنەچچە ئادەملەرمۇ ئۆلۈمگە



مەھكۇم بولدى.

مىرزا ھاجى بەگ، مىرزا شاكىر بەگ، قازى مۇھەممەت زاكىر خوجا ۋە خوجا مۇناقلار قىرغىزدىن قېچىپ ئاقسۇغا كەلدى. قىرغىزنىڭ باتۇرلىرى ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يېتىپ كەلدى. ئۇلار قىرغىزلار بىلەن ئۇرۇشۇپ خالاس تاپتى ۋە سېرىق يازىغا چۈشۈپ قەشقەرگە كەلدى. خان ئاقسۇنىڭ ھۆكۈمىتىنى شاھ بەگكە تۇتۇپ بەردى. كۇچارنىڭ ھوقۇقىنى ئەرەب بەگكە ئېلان قىلدى. ئۇچتۇرپاننىڭ ھاكىملىقىغا باباق بەگنى تەيىنلىدى. ئاقسۇ، ئۇچتۇرپاننىڭ قازىلىقىنى قازى بەدىئۇززامان خوجا ۋە قازى شاھ يۈسۈپلەرگە تاپشۇردى. مىرزا مۇرات جوراس ۋە باشقا بىرقانچە يىلەننى ئاقسۇغا ئەۋەتتى. بىرقانچە كۈندىن كېيىن ھاجى بەگ، قازى مۇھەممەت زاكىر خوجا، شاكىر بەگ، خوجا مۇناق ۋە مىرزا مۇرات قارغالار يەكەنگە كېلىپ خانغا كۆرۈنۈش قىلدى، خانمۇ خۇشاللىق بىلەن كۆرۈپ ئۇلارنى ئاقسۇغا ئەۋەتتى. كونا تۈزۈم بويىچە ھاجى بەگ، شاكىر بەگ ۋە باشقا بىرقانچە يىلەن جاقىرا، ناغى يوللىرى بىلەن ماڭدى. قازى مۇھەممەت زاكىر كىركاكلىق يولىغا راۋان بولدى. چىلان سۈيىنىڭ لېۋىدە قىرغىزلار مۆكۈنۈۋالغان ئىدى، قازى مۇھەممەت زاكىر سۇنىڭ لېۋىگە چۈشكەن ئىدى. قىرغىزلار ئۇلارغا ئوت ئېچىپ غەلىبە قىلدى، شۇنىڭ بىلەن قازى مۇھەممەت زاكىر خوجا تەۋەلىكىدىكى كىشىلەر بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. ئاقسۇ، ئۇچتۇرپاننىڭ قا-

زىلىقى قازى بەدىئۇززامان خوجا ۋە خوجاشاھ يۈسۈپ خوجىغا ئۇرۇنلاشتۇرۇلدى. قىرغىزلار ئاقسۇ، ئۈچتۇرپانغا ھۇجۇم قىلدى. شاھ بەگ دەپ ئاتالغان شاھ ئادىل بەگ، باباق بەگ، ھاجى بەگ، شاكىر بەگ ۋە باشقا بىر بۆلۈك ئەمەلدارلار بىرلىكتە تەدبىر قوللىنىپ مەملىكەتنى ئەسلى ھالىتىگە كەلتۈردى، بىر يىلدىن كېيىن خان قىرغىز تەرەپكە لەشكەر تارتتى، قويسارى ئىبىن تىلەكابى، يول بولدىلار ئاقساي دېگەن يەرگە كەلگەندە جەڭ قىلىشتى. بۇ جەڭگە قاتناشقانلارنى ئاقساي چېرىكى دەيدۇ.

## ئابدۇللاخاننىڭ بىر تۇغقىنى ئىبراھىم سۇلتان بىلەن ھەزرىتى ئىسمايىل خاننى سۈرگۈن قىلغىنى

خان بوغاچ داۋىنىدىن ئۆتۈپ ئاقسايغا چۈشتى. ئۇ ئەتىسىنى ئاتقا مىندى. ئەمەلدارلارنى كەدەركودا تاشلاپ قويۇپ راۋان بولدى. ئەمەلدارلار ۋە كاتىباشلار كەدەركودا قالغان ئىدى. مەسىلەن، شاھ مەنسۇر بەگ، شاھ بەگ، پولات بەگ، مىرزا شاھىت بەگ، ئۇنىڭ بىر تۇغقىنى مىرزا فازىل بەگ، مىرزا مۇھەممەت ئىمىن بەگ، ئۇنىڭ بىر تۇغقىنى تولكە بەگ، مىرزا ئىسمايىل بەگ، مىرزا ھاجى بەگ، باباق بەگ، مىرزا ئابدۇراخمان بەگ، مىرزا قەلى بەگ، خانقۇلى بەگ، مۇھەممەت ئابدۇللا مىراب، ھەسەن خوجا قاتارلىقلار قىرغىزلارنىڭ كېلىۋاتقانلىق



خەۋىرىنى ئاڭلىدى. ئەمەلدارلار بىرلىكتە قىرغىزلارنىڭ يولىنى توستى. قاتتىق سوقۇش يۈز بېرىپ، قىرغىزلار غەلىبە قىلدى. ئەمەلدارلار قېچىپ خان تەرەپكە راۋان بولدى.

مۇھەممەت ئابدۇللا مىراب، مىرزا مۇھەممەت ئىمىن ئوردا بېگى ۋە ھەسەن خوجىلار قىرغىزلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. باشقا ئەمەلدارلار خانغا قوشۇلۇۋالدى. يولۋاس خان قەشقەرنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ قولىدىن ئىش كەلمىدى. مىرزا شەھباز بەگ ئۇنىڭ ئاتالىقى ئىدى. ئۇ ئوڭ تەرەپتىن لەشكەر تەييارلاپ جەڭگە ئالدىرىدى. ئىبراھىم سۇلتان چەپ تەرەپتىن (خوتەن مەملىكىتىنىڭ ھوقۇقى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇلغان) لەشكەر تەييارلاپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، نەتىجىدە قىرغىزلارنى مەغلۇپ قىلدى. ئىبراھىم سۇلتان — يۈرەكلىك، باتۇر، چىرايلىق پادىشاھزادە ئىدى. بۇ مەزگىلدە قىرغىزلار خاننى قورقىتىپ قىستاۋاتاتتى. ئىبراھىم سۇلتان خاننى قىرغىزلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قويدى. ھەزرىتى ئەزىزان ئەلەيھىررەھمە ۋەررىزۋان شۇ لەشكەرلەرنىڭ ئىچىدە خانغا ھەمراھ ئىدى. يۇقىرى تۆۋەن، چوڭ-كىچىك ھەممىسى ھەزرىتى ئەزىزاندىن نۇرغۇن كارامەتلەرنى كۆردى. بىرسى شۇكى: ھەزرىتى ئەزىزان قىرغىزلار غەلىبە قىلغان چاغدا ئاتتىن چۈشۈپ خاتىرجەم تۇردى، ئاندىن كېيىن داڭدار پالۋانلار قىرغىزلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى.

ئەلقىسسە، ئىبراھىمخاننىڭ باتۇرلۇقى ئابدۇللاخانغا
مەلۇم بولدى. ئابدۇللاخاننىڭ ئىچىگە ۋەھىمە كىرى-
ۋېلىپ لەشكەرىدىن ئايرىلىپ كېلىپ ئۆزىنىڭ بىر
تۇغقىنىغا ياخشىلىقلارنى قىلدى. خوتەننىڭ ئادەم-
لىرىنى چاتما قىلىپ، بىر تۇغقانلىرىغا بېرىپ، خوتەن-
گە ئەۋەتتى. ھەسەن بەگ سۇلتاننىڭ ئاتالىقى ئىدى.
ئىسمايىل بەگ قارا قاشنىڭ ھاكىمى، مىرزا تولكى
بەگ يورۇڭقاشنىڭ ھاكىمى، كەتتان بەگ ئىشىك
ئاغا ئىدى. خان يەكەندىن ئەيىپ بەگ، تولكى بەگ،
سېرىق بەگلەرنى خوتەنگە «ئىبراھىمخان، ئىسمايىل
خانلارنى تۇتۇپ سۈرگۈن قىلىنسۇن!» دېگەن يارلىغ
بىلەن ئەۋەتتى. ئۇ چاغدا ھەسەن بەگ يەكەنگە كەل-
گەن ئىدى. شۇنى باھانە قىلىپ ئەمىل ئىچىگە ئې-
لىپ كەلدى. مىرزا تولكى جوراس يورۇڭقاشتىن يە-
نە قوشۇلۇپ خاننىڭ يارلىقىنى يەتكۈزدى. سۇل-
تانلارمۇ چوڭ ئاكىسىنىڭ يارلىقىنى جان دىلى بى-
لەن قوبۇل قىلىپ چالىش تەرەپكە راۋان بولۇشتى.
مەزكۇر ئەمەلدارلار خەزىنە، ماللارنى بۇلاڭ - تالاڭ
قىلىپ يەكەنگە قايتتى. ھەسەن بەگ، كەتتان بەگ،
مىرزا مۇھەممەت زىرىپ، مىرزا نورۇز، دۆلەت مۇھەم-
مەت توغبېگى، مىرزا باباق جوراس ۋە باشقا ئەمەل-
دارلار سۇلتانلارنىڭ يېقىنلىرىدىن خىزمەتتە بولۇشتى.
مىرزا باباقنى ئاقسۇغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ چاغدا ئاق-
سۇنىڭ ھاكىمى مىرزا شاھىد جوراس ئىدى. ئابدۇل-
لاخاننىڭ قورقۇنچىسىدىن مىرزانى سۈرگۈن قىل-



ان ئىدى. مىرزا مۇسا پىرچىلىقتا ۋاپات تاپتى.
ئىبراھىمخان بىلەن ئىسمايىل خاننىڭ ۋەقەلىرى خۇ-
دا بۇيرۇسا تۆۋەندە بايان قىلىنىدۇ.

## ھەزرىتى ئەزىز خوجا مۇھەممەت يەھيا قەد-
## دەسەللاھو روھەھۇنىڭ ۋاپاتى

ئىشەنچلىك كىشىلەرنىڭ ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا،
ھەزرىتى ئەزىز خوجا مۇھەممەت ئىسھاق (ئاللائۇنىڭ
روھىنى پاك قىلسۇن) ھەزرەتلىرىنىڭ ئۈچىنچى ئوغ-
لى ئىدى، ئىككىنچى ئوغلىنىڭ ئېتى خوجا شەھباز
ئىدى. يەنە بىرسى ئانا بىر تۇغقان ئىدى، يەتتە يې-
شىدا ئاقسۇ شەھىرىدە پانىي دۇنيادىن مەڭگۈلۈك باغ-
چىغا كۆچتى. مەختۇم زادەنىڭ ۋاپاتىدا ئاجىز بىچا-
رىلەر يىغا زارى قىلىشتى. ھەزرىتى ئەزىز: «يىغلى-
ماڭلار! ئەگەر شەھباز كەتسە، شادى كېلۇر» دېدى.
ئۇزاق ئۆتمەي يەنە بىر بالا تۇغۇلۇپ ئۇنىڭ ئې-
تىنى خوجا شادى دەپ قويدى. ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرىنىڭ
بىر قىسمى ئالدىن ئۆتۈپ كەتتى. نەقىل كەلتۈرۈ-
لۈشىچە: ئۇ كىشى شۇنچىۋالا ئۇلۇغ مەرتىۋە ئىگىسى
بولۇپ تۇرۇقلۇق شۇنداق كىچىك پېئىل، تۇپراق سۈ-
پەت ئىدىكى، كىم كەلسە ئورنىدىن قوپۇپ قارشى ئې-
لىپ دىلدارلىق قىلاتتى. دۇنيا ئۇ كىشىنىڭ نەزىرىدە
خەس چېلىكىمۇ ئەتىۋارغا ئىگە ئەمەس ئىدى. سىرتقى تەر-
بىيىلىنىشى ھەزرىتى مۇھەممەت خان (ئۇ كىشىگە رەھ-

مەت ۋە مەغپىرەت بولسۇن) نىڭ قولىدا بولغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئورۇنباسارى جانابى خوجا سەييد مۇھەممەت خەلىپە (شۇتۇر خەلىپەنىڭ ئوغلى) ئىدى. ھەزرىتى ئەزىز قۇددىسە سىررۇھۇدىن ئىككى ئوغۇل ۋۇجۇدقا كەلگەن بولۇپ، چوڭىنىڭ ئىسمى خوجا مۇھەممەت ئابدۇللا، كىچىكىنىڭ ئىسمى خوجاجان ئىكەن. بۇ مەخدۇمزادەلارنىڭ ۋەقەلىرىمۇ خۇدا بۇيرۇسا سۆزلىنىدۇ. ھەزرىتى ئەزىزانىڭ ئۆمرى بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە 63 ياش بولۇپ 1055- يىلىدا ھەقتائالانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەن.

ئاللاھەممىنى بىلگۈچىدۇر.

دادامدىن نەقىل كەلتۈرىمەنكى، دادام ماڭا مۇنداق دېگەن ئىدى: «مەن بورانغارنىڭ قوشبېگى ۋە ئۈچ بېگى ئىدىم، ھەزرىتى ئەزىزان بىر ئىش بىلەن ئارىدىكى پۇقرالاردىن بىرسىنى ئەۋەتىپتۇ. مەن جاھىللىقىم غالىپ كېلىپ قوبۇل قىلماپتىمەن. قىلغىنىم شۇبولدى، پەلىمۇ پەللە تەرەققىي قىلىۋاتقان ھالىتىمدىن تەدرىجىي تۆۋەن چۈشۈشكە باشلىدىم».

ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «بىر كۈنى شىكارغا بېرىۋېدىم، يانار ۋاقتىمدا خوجا سەييد مۇھەممەت خەلىپەنىڭ خانىقاسىدىن يىغا - زارىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم. سوپىلارنىڭ ئىچىدە دوغور سوپى دېگەن بىر سوپى بار ئىدى، ھەزرىتى ئىشان شۇ ئوخشايدۇ دەپتىمەن، بىزنىڭ سۆھبىتىمىزدە بولۇۋاتقان مىر سەييد خوتەنى دىبۇ ئوغرىلار ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن



ھەمراھلىرىغا ئۇقتۇرۇۋاتىدۇ، دېدى. مەنمۇ سۆكۈت قىلىپ تۇرۇپ بۇگەپتىن توسىماپتىمەن. شۇ كېچىسى بىر چۈش كۆردۈم، دوغور سوپى تەرەپتىن كاتتا بىر ئوت پەيدا بولۇپ بىزنىڭ ئۆيگە يېقىن كەلدى، مەن ئوتتىن قورقۇپ خوجا سەييد مۇھەممەتنىڭ ئۆيىدىن ئامانلىق ئىزدىدىم. خەلىپەنىڭ تېمى يېرىلىپ قولىدا چوڭ پىچاقلارنى تۇتقان 12 قارا غولام بىز تەرەپكە راۋان بولۇشتى. مەن ئۇلاردىن يەنە قورقۇپ شۇتۇر خەلىپە ئەلەيھىررەھمەنىڭ قەبرىسىگە ئىلتىجا قىلدىم. خوجا سەييد مۇھەممەت خەلىپە قۇددىسە سىررۇھۇ مېنى غولاملارنىڭ ۋەھىمىسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قويدى . ئويغانسام سەھەر ۋاقتى بوپتۇ. دەرھال تەرەت ئېلىپ ئەزىزانىڭ خانىقارىغا تەھەججۇت نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن باردىم. تەھەججۇت نامىزى ئوقۇپ بولۇپ ھەزرىتى ئەزىزانغا مۇلاقات بولدۇم، ئەزىزان ماڭا كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، خەلىپەگە قاراپ: «مىرزا فازىل بەگنى قىستاپ قويمايلى! ئۇ خانىقاغا كەلمەيدۇ، خانىقاغا ئېتىقاد قىلمايدۇ» دېدى. خەلىپە جاۋاب بېرىپ: «بەللى شۇنداق» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئاتامغا جەزبە يېتىپ بىخۇت بولۇپتۇ. ھەزرىتى ئەزىزان دادامغا مېھرىبانلىق بىلەن ياخشى دۇئا قىلىپتۇ.

ئاللا ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.

## ئابدۇللاخاننىڭ ئەنجانغا لەشكەر تارتقىنى ۋە ئۇنى قولغا كەلتۈرگىنى

ئابدۇللاخاننىڭ دۆلەت يۇلتۇزى ئېگىز كۆتۈرۈلدى. ئۇ ئەنجانغا لەشكەر تارتتى. چوڭ جەمئىيەت قوزغىلىپ يەكەندىن قەشقەرگە راۋان بولدى. كاتتىلار، ئالىملار، ماشايىخلار، خوجالار ھەممىسى، مىرزا شاھ مەنسۇر بەگ ئوردا بېگى، پولات بەگ- مىرئابدۇللا بەگ، باباق بەگ، سىدىق بەگ، مىرزا دوست مۇھەممەت بەگ، مىرزا ئابدۇراخمان بەگ، مىرزا تولىكى بەگلەر؛ خوتەننىڭ كاتتىباشلىرىدىن نۇرىدىن سۇلتان شاھ ئادىل بەگ، بوغوچى بەگ، مىرزا ھىد بەگ، ئەييۇب بەگ، يۇنۇس مىرزا جوراس بەگلەر خوتەن لەشكىرىگە قوشۇلدى. يولۋاس خان قەشقەرنىڭ كاتتا ئەمەلدارلىرى بىلەن قارشى ئېلىشقا كەلدى. مىرزا شاھىد بەگ جوراس ئاقسۇنىڭ ھاكىمى ئىدى. مىرزا مۇھەممەت ئىمىن جوراس ئۇچتۇرپاننىڭ ھاكىمى ئىدى. ئۇلار ئۇچتۇرپان، ئاقسۇنىڭ لەشكەرلىرىنى ئېلىپ راۋان بولدى. مىرزا فازىل جوراس يارچۇقنىڭ ھاكىمى ئىدى. ئۇ كېلىپ ئۆزىنىڭ بىر تۇغقىنىغا قوشۇلدى. مەزكۇر ئەمەلدارلار قەشقەردە خانغا كۆرۈنۈش قىلدى. شەھباز بەگ جوراس قەشقەرنىڭ ھاكىمى ئىدى. ئۇلار خان، سۇلتانلارغا ۋە لەشكەرلەرگە چوڭ زىياپەت بەردى. ئۇلار مېھماندارچىلىقتىن يېنىپ ئەنجان تەرەپكە راۋان



بولدى. ئۇ ۋاقىتتا خاننىڭ لەشكىرى 40،000 غا يەتكەن ئىدى.

ئەلقىسسە، ئۇلار ئوش ۋىلايىتىدىن ئۆتۈپ شەھەرنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ چۈشتى، مەسىلەن، دە خاقان دەرۋازىسىغا چۈشتى. يولۋاس خان بىلەن شەھباز بەگلەر مىرزا دەرۋازىسىغا چۈشتى، شەۋكەت خاننى كۆرگەن ئەنجانلىقلار ھەيران قېلىشتى. دەرۋازىنىڭ ئالدىدا بىر ئېگىزلىك بولۇپ ئۇنى «كولى تەۋبە» دەپ ئاتىشاتتى. مىرزا شاھىد، مىرزا فازىل جوراسنىڭ مىرزالىرىگە قارشى پۈتۈن كۈچ- غەيرىتى بىلەن ئېلىشىپ «كولى تەۋبە» نى ئالدى. «كولى تەۋبە» دە تۇرىدىغان لەشكەرلەر يەكەننىڭ لەشكەرلىرى ئىكەنلىكى مەلۇم بولغاندىن كېيىن خۇشال بولۇپ، مۇبارەك دۆلىتىگە كېلىپ ئۆزى شۇيەرگە چۈشتى. مىرزا يۇنۇس جوراسقا ئوق تېگىپ ۋاپات بولدى ۋە شۇيەرگە دەپنە قىلىندى. مىرزا يۇنۇس سىپىلنىڭ مۇھاسىرىسىنى پۈتۈن تىرىشچانلىقى بىلەن قىلغاندا مىرزا شەھباز بەگ كۈچ چىقىرىپ مىرزا دەرۋازىسىنى ئالدى. لەشكەرلەر بىراقلا مىرزا دەرۋازىسىدىن، خاقان دەرۋازىسىدىن شەھەر ئىچىگە كىرىپ مۇسۇلمانلارنى بۇلاڭ- تالاڭ قىلىشقا باشلىدى، ئۈچ كۈن شۇ جايىدا بولۇپ ئاندىن ئوشقا كەلدى، قەشقەرگە يېتىپ كەلگەندە يولۋاس خان، شەھباز بەگ زىياپەت بېرىپ مېھمان قىلدى، قەشقەردىن پادىشاھلىق ئورنىغا كەلدى.

## ئابدۇللاخان ئوغلى نۇرەدىن سۇلتاننىڭ دەسلەپكى ئىشلىرى ۋە ئۇنىڭ ئاقسۇ ئەمىرلىكىگە تەيىنلەنگەنى

مىرزا شاھىد بەگ ئاقسۇنىڭ ھاكىمى ئىدى. ئۇنى كىرىيىگە ئەۋەتتى، نۇرەدىن سۇلتاننى شاھ بەگنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاقسۇغا رۇخسەت قىلدى.

نەقىل كەلتۈرۈلۈشىچە: ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، بايلارنىڭ ئەمىرلىك ھوقۇقى نۇرەدىن سۇلتانغا بېكىتىلدى. شاھ ئادىل بەگنى ئاتالىق (مەسلىھەتچىلىك) كە، شاھ باقى بەگنى باي ۋىلايىتىنىڭ ياردەمچىلىكىگە تەيىنلىدى. مىرزا مۇھەممەت بەگنى ئۇچتۇرپانغا ھاكىم قىلدى، نۇرەدىن سۇلتان ئاقسۇغا ئورۇنلاشقاندا قوچقار بەگنى ئەۋەتىپ ئادەملەرنى قورشاپ ئۈچ شەھەرنىڭ پادا چارۋىلىرىنى ئېلىۋالغان ئىدى. ئۇنى سۇلتانغا بەخشى قىلدى.

ئاللا ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.

## ئابدۇللاخاننىڭ ئەنجان تەرەپكە ئىككىنچى قېتىم لەشكەر تارتقىنى، مەقسەتكە يېتەلمەي قايتىپ كەلگىنى

نەقىل كەلتۈرۈلۈشىچە، خان ئەنجاندىن قايتىپ



كەلگەندىن كېيىن ئەنجانلىقلار ئۆز ئالدىغا باشقا بولۇۋېلىشتى. ئابدۇللاخان ئىككىنچى قېتىم لەشكەر توپلاپ، قىرغىز، موغۇللارنى ئېلىپ راۋان بولدى. يولۋاسخان قەشقەر لەشكىرى بىلەن، يېڭىسارنىڭ ھاكىمى ساتىم بەگ ئۆز ئادەملىرى بىلەن خانغا قوشۇلدى، ئۇلار شارت داۋىنىدىن ئۆتۈپ ناللىق دېگەن جايغا چۈشۈپ لايىقىدا ئالدىن ئادەم ئەۋەتتى. بوتەقارا شۇيەردە ئىدى، جان باغىش ئوغۇللىرى بىلەن قىپچاق ئوغۇللىرى ئۇنى ئۆلتۈردى ۋە بوتەقارانىڭ جەمئىيىتىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. ئۇلارنىڭ بەزىسى قېچىپ قۇتۇلدى. ئەنجانلىقلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ پۇختا تەييارلىق قىلىشتى. خان خاقان دەرۋازىسىغا كېلىپ «كولى تەۋبە»گە چۈشتى، ئەنجانلىقلار مەسلىھەتلىشىپ بوتەقارا ئاتالىق، مۇراد دىۋانبېگى، قارا سۇيۇنچى ئاتالىق، جىمتەك ئالدىغا چىقىشقا ئېلىپ كەلدى. خان ئۇلارغا مېھرىبانلىق قىلدى. لەشكەرلەر، ئادەملەر پۈتۈن كۈچىنى قەلئەگە چىقىرىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ قەلئەنى تاپشۇرۇشنى ياقتۇرمىدى. خان مەزكۇر ئۆزبېكلەرنى ئېلىپ قەلئەگە ھۇجۇم قىلدى. ئەنجاننىڭ ئۆزبېك، تاجىكلىرى بىرلىشىپ مۇستەھكەم كۈچ بولدى. خان نائىلاج مەنزىلمۇ مەنزىل كۆچۈپ پادىشاھلىق سارايغا قايتىپ كەلدى.

شۇ قىشتا ئىشىم خاننىڭ پادىشاھنىڭ خانىمىدىن تۇغۇلغان ئاي خانىم دېگەن قىزى ۋاپات بولۇپ كەتتى. خانىمنىڭ جەسىتىنى شەھبازبەگ جوراس

يەكەنگە ئېلىپ كەلدى. خوجا سەيىد مۇھەممەت خە-
لىپە، ئاخۇن موللاخەلىل، ئاخۇن خوجامۇھەممەت ئە-
مىن زىھنى، ئاخۇن ياسى، مىرمەئرۇپ خوجا، مۇھەممەت
سىدىق خوجا، سوپى خوجا، قازى بەدىئۇززامان، قازى
سېرىق خوجا، شاھ ھاشىم، شاھ يۈسۈپ خوجا، خوجا
سالىم مۇھتەسىپ، مىرئەفزىيە شاھ قاتارلىق ئۇلۇغلار،
شامەنسۇر بەگ، پولات بەگ، مىرئابدۇللابەگ، مىرزا
ئابدۇراخمان بەگ، مىرزا تولكى بەگ، سېرىق بەگ قاتار-
لىق ئەمەلدارلار جەمئىيەت قۇرۇپ خانىمنىڭ جەسە-
تىنى ئالتۇندا، ئۆتمۈشتىكى پادىشاھ، سۇلتان، غازى-
لارنىڭ ئايىغىغا دەپنە قىلىشتى. دەپنە قىلىپ بول-
غاندىن كېيىن ئۇلۇغلار خانىم پادىشاھقا تەزىيە بىل-
دۈرۈش ئۈچۈن بېرىشتى. خان ئۆزىنىڭ قىز بىر
تۇغقىنىنىڭ قېشىدا ئىدى. كاتتا مۇسىبەت بولدى.
بىر قانچە كۈندىن كېيىن خان خۇشلۇق ۋە شوخلۇققا
مەشغۇل بولدى.

ئاللا ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.

## ئابدۇللاخاننىڭ ئەمەلدارلارنى ھىندىستانغا سۈرگۈن قىلغىنى

بەزىدە خاننىڭ كۆڭلىگە «ئىلگىرىكى پادىشاھ-
لاردىن قالغان ئەمەلدارلارنى ئالماشتۇرۇپ،
ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئۆزۈم بەزى ئەمەل-
دارلارنى تەربىيىلىسەم ...» دېگەندەك خىياللار



كېلەتتى. خاننىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ شەھبازبەگ،
مىرئابدۇللابەگ، شەھيار بەگلەر خاننى بەيتۇللانى
تاۋاپ قىلىشقا قىزىقتۇرۇشتى. خان ھاراقنىڭ مەستلى-
كىدە ئاتقا مىندى. ئۆزەڭگۈ باسىدىغان ھەمراھلىققا
ئۆزى تەربىيىلىمەكچى بولغان ئەمەلدارلارنى ھەمراھ
قىلدى. باشقىلار ھەمراھ بولماقچى بولغىنىدا رۇخسەت
قىلىپ، ئۇلارنى قايتۇرۇۋەتتى. شاھ بەگ، بوغۇچى
بەگلەر خوتەندىن كېلىپ خانغا قوشۇلدى. يولۋاسخان
بىلەن قەشقەر ئەمەلدارلىرى يەكەنگە يۈرۈش قىل-
دى. يەكەندە قالغان ئەمەلدارلار يولۋاسخاننىڭ ئال-
دىغا قارشى ئېلىشقا قارا ھوجاج يېزىسىغا بېرىشتى.
خان بۇغراقەۋم يولىدىن كېلىپ مىرزا يەئقۇپ جو-
راسىنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. يەكەن ئەمەلدارلىرى مىرزا
يەئقۇپ بەگنىڭ ئۆيىدە كۆرۈنۈش قىلدى. ئاندىن
كېيىن خاننى ئاتقا مىندۈرۈپ سۇلتان سەئىدخاندىن
قالغان كونا ئوردىغا چۈشۈرۈپ خان كۆتۈرۈشتى.
ئادەملەر ئۆز ئۆيىگە يېنىپ كېتىشتى. خۇدابەردى
كېرەك ياراغ «ماناكا چوڭ خان دۆلەتكە يەتتى»
دەپ خەۋەر قىلدى.

يولۋاسخان بىلەن باشقا ئەمەلدارلار ھەيران
بولۇشۇپ قىزدىل دېگەن يەرگىچە ئالدىغا بېرىشتى.
ئىككى تەرەپ ئۇچراشقىلى تۇرغاندا يولۋاسخان قورق-
قىنىدىن ئەمەلدارلارغا مالامەت قىلىشقا باشلىدى،
مەقسەت خاننىڭ قەستىدە ئىدى. خان مىرزا شاھ
مەنسۇر بەگ، مىرزا شاھىد بەگ، سېرىق بەگ،

مىرزادوست مۇھەممەتبەگ، ئەنۋەربەگ، مىرئەفزىيە (؟) شاھ ۋە خوجا سەلىم مۇھتەسىپلارنى گۇناھكار قىلىپ ئۇلارنىڭ ئىشكىلىرىنى پېچەتلىدى. بىرقانچە كۈندىن كېيىن نۇردىن سۇلتان بىلەن باباق بەگلەر ئاقسۇدىن كۆرۈنۈشكە كەلدى. ئاخىرى ئەمەلدارلارنى ھىندىستانغا گاۋخانەنىڭ ھەمراھلىقىدا قوغلاپ چىقاردى. ئۇلار ھىندىستانغا يېتىپ باردى. ھىندىستاننىڭ ئادىل دەريادىل پادىشاھى شاھى جاھان مەرھۇمنىڭ ئەمەلدارلىرىغا غەمخورلۇقلار قىلىپ، مىرزاشاھ مەنسۇربەگنى يېنىغا چاقىرىپ ئولتۇرغۇزۇپ سانجى تارىخىنى سورىدى. بەگلايىقىدا جاۋاب بەردى، خان يەنە باشقا مۇناسىۋەتلىك ھېكايىلارنىمۇ سورىدى. شۇ چاغدا بەگ كېسەل بولۇپ قالدى. بەگنى داۋالاشقا تېۋىپ تەيىنلەندى، لېكىن داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي بەگ بىرقانچە كۈندىن كېيىن قازا قىلدى. شۇ چاغدا ئۇ 59 ياشقا كىرگەن ئىكەن. باشقىلارمۇ بۇ ئالەمدىن ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىشتى. مىرئەفزىيە (؟) شاھ يەكەنگە كېلىپ ئۆلدى. ئەنۋەربەگ ھەج قىلىپ كېلىپ يەكەندە كۆز يۇمدى. ھەممىنىڭ ئاخىرىسىدا دوست مۇھەممەتبەگ قالدى.

ئەلقىسسە، شەھبازبەگ جوراسىنى يەكەننىڭ ھاكىمى ۋە ئۆزىنىڭ ئاتالىقى قىلىپ، پولاتبەگنى قەشقەرنىڭ ھاكىمى قىلدى، مىرئابدۇللابەگنى تامغا ئىگىسى ھەم ۋەزىر، ئەييۇپبەگنى ئىشىك ئاغا. مىرزا ئابدۇراخمان بەگنى مىراب، تولكىبەگنى مۆتىۋەللى،



شەھياربەگنى ئۈچ بېگى، مىرزا تېيىنىبەگنى يۇرۇڭقاشنىڭ ھاكىمى، مىرزا مۇھەممەتلېتىپنى كېرىيەنىڭ ھاكىمى قىلىپ ھەر بىرىگە ئۆزىگە لايىق مەنسەپ بېرىلدى. نۇرىدىن سۇلتان بىلەن باباق بەگلەر ئاقسۇغا قايتتى. شاھبەگ بىلەن خوتەننىڭ ئەمەلدارلىرى خوتەنگە قايتتى. يەكەندە خان بىرقانچە يىلەننى ئەمەلدار قىلدى ۋە يەنە باشقا بىرقانچە يىلەننى يېنىدا خىزمەتكە تەيىنلىدى. مەسىلەن، قوچقاربەگ، نىقىبەگ، خانقۇلىبەگ، مەمەتقاسىمبەگ، ساتقىنبەگلەرنى ئەمەلدار قىلدى. كېپەك مىرزانى ئۈچتۇرپاننىڭ، خوشاي مىرزانى غولنىڭ، مىرزاھىدنى ئۈچ بورانغارنىڭ ياساۋۇلى قىلدى، سۇلتان نەزەر پالۋاننى، كېرەك ياراغ ۋە شىغايىلارنى توغبېگى، مىرزاھاكىمنى ياتىش بېگى، ئىدرىس بەگنى بىكاۋۇل، تەگرى قۇلنى مىرئاخور قىلىپ، ھەر قايسىلىرى مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېكىتىلدى.

## ئابدۇللاخاننىڭ قىرغىزلارنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇغانلىقى

مەملىكەت ئىچى تىنچلاندى. لېكىن قىرغىز ئەمەلدارلىرى تىنچلانمىدى، مىرزابەگ ئەلچىگى خاننىڭ خىزمىتىدىن قاچتى. ساتىمبى يېگىسارنىڭ ھاكىمى ئىدى. خان ئۇنىڭدىن ئىككىلىنىپ ئۇنى يەكەنگە ئەپكەلدى. يېگىسار ھۆكۈمىتى قارا كېچىككە تاپشۇ-

رۇلغان ئىدى. ئۇمۇ قېچىپ ئەنجان تەرەپكە كەتتى.
خان ئەمەلدارلارنى چاقىرتىپ كېڭەش يىغىنىنى ئاچتى.
ھەممە يىلەننىڭ پىكىرى قىرغىزلارنى ئۆلتۈرۈشكە مەر-
كەزلەشتى. بولغاچىنىڭ ئادەملىرىنى بىر - بىردىن
ئايرىپ ھەر بىرى لەشكەرلەرگە تاپشۇرۇلدى. بىر قان-
چە ۋاقىتتىن كېيىن ھەممە يىلەنگە قىرغىزلارنى ئۆلتۈ-
رۈشكە يارلىق قىلىندى. بىر ۋاقىتتىلا ئۇمۇمىي دائىر-
لىك ھەرىكەت بولدى. ساتىم ئويتىمىش بەگكە تاپ-
شۇرۇلغان ئىدى. ئۇمۇ ئۆلتۈرۈلدى. قاراقچى ئەي-
يۇپ بەگكە تاپشۇرۇلغان ئىدى. ئۇ ئۇھۋالنى سېزىپ
قېلىپ بەگنىڭ ئېتىغا مىنىپ قېچىپ كەتتى. ئەييۇپ
بەگكە ياردەملىشىشكە ئادەم تەيىنلەندى ۋە ئۇلارغا
ئارقا - ئارقىدىن كەلگەن تاتار ۋە بايرىننىڭ ئادەم-
لىرىنى ھەمراھ قىلدى. قاراقچى يېنىپ جەڭ قىلىپ
ئەييۇپ بەگنىڭ ئوغلى مەتلەپ خوجا، شاھ مەھمۇت
شاھ، خوجا ھەبىپ، مۇھەممەت بەردى بايىردىن، پا-
يەندە قازى قاتارلىق بىر قانچە يىلەننى ئۆلتۈرۈپ ئۆزى
قۇتۇلدى. ئەييۇپ بەگنىمۇ ئۆلتۈردى. قالغان لەش-
كەرلەر ئۈمىدسىزلىنىپ ياندى. ساتىم ئوغلى ئاللايارمۇ
قاچتى. شەھباز بەگ بىر قانچە يىلەن بىلەن ئارقىسىدىن
قوغلاپ يېتىشتى، قاتتىق ئۇرۇش بولدى. ئەمەلدارلار-
نىڭ ئاتلىرى تىللالاردىن گۆز قويۇلۇپ بېزەلگەن
ئىگەرلىرى بىلەن قىرغىزلارغا چۈشتى. شاھباز بەگ
مەردلىك قىلدى، پىيادە بولۇپ جەڭ قىلىپ لەشكەر-
لەرنى سالامەت خانغا يەتكۈزدى. جان باغىش، قىپ-
چاق توكىلى، باي نىر تايلاقلار بىلەن مۆكۈنۈپ
تۇرغان ئىدى. شەھەرنىڭ ئادەملىرى كېلىپ ئەتراپ-



نى قورشاپ جەڭ قىلدى. ئەقىنە خەزىنىچى ئۆلتۈرۈل-
دى. ئاخىرىدا تەۋەككۇل باي، نىر تايلاق ۋە ئورۇقلار-
نى تۇتۇۋالدى.
ئەلقىسسە، 10.000 دەك ئادەم ئۆلتۈرۈلدى.
قىرغىزلارنى موغۇلىستان جاڭگىلىنىڭ شىرلىرى دەيت-
تى، لېكىن ئۇلار نورمالسىز، گېپى سەت، ۋاپاسىز
ئىدى. ئىككى يىلدىن كېيىن ئويتىمىش بەگ قىرغىز-
لارغا يالغان گەپ چاپلىغاچقا، كېپەك بەگ، ئىدىرىس
بەگ، خۇشاي مىرزا، چالما بەگ ۋە باشقا بىر قانچە يى-
لەن بەدەر كەتتى. بىر قانچە كۈندىن كېيىن چالما
بەگنى خاننىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. چالما بەگ كېلىپ
گۇناھىنى ئويتىمىش بەگكە ئارتىپ ئۆلتۈردى
ۋە كېپەك بەگ، ئىدىرىس بەگلەر بىلەن ئۇلارنىڭ
ھەمراھلىرىنى چاقىرتتۇرۇپ غەمخورلۇقلارنى قىلدى.
ئويتىمىش بىلەن نەئاشلارنى خىجىل قىلىۋەتتى.
مىر ئابدۇللا بەگنى كۇچار ھۆكۈمىتىگە ئەۋەتتى. ئۇ
بىر قانچە ۋاقىتتىن كېيىن ئاقسۇنىڭ ھاكىمى بولۇپ،
ئاقسۇدا ۋاپات بولدى.

## ئابدۇرېھىم خان ئوغلى ئەبۇلمۇھەممەت خاننىڭ ئاقمۇتى، مۇھەممەت مۆمىن سۇلتاننىڭ تۇرپاندىن ئەبۇلمۇھەممەت خاننىڭ بالىلىرى بىلەن كېلىشى

ئەبۇلمۇھەممەت خان ئابدۇرېھىم خاننىڭ ئىككىنچى

ئوغلى بولۇپ سېخىي، يوقسۇل پادىشاھ ئىدى، لېكىن
كۆڭۈل ئېچىشقا ئامراق تۇراقسىز پادىشاھ ئىدى.
ئاپاق سۇلتان چالىسىنى ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىۋالدى.
ۋە مىرزا تولكى بەگ دوغلاتنى، ئۇنىڭ ئوغلى مىرزا
كېپەك بەگلەرنى ئۆلتۈردى. ئاپاق سۇلتاننىڭ
ئانىسىنى ئەبۇلمۇھەممەتخان ئۆلتۈرگەن ئىدى.

باباخان بىلەن ئاپاق سۇلتانلار بىر ئانىدىن
ئىدى. باباخان قومۇلدا ئىدى. ئۇ دائىم خىتاي
تەرەپكە يۈرۈش قىلىشقا ئۇرۇناتتى. قاچانلا خاتا
يولغا ماڭماقچى بولسا ئەبۇلمۇھەممەتخان ئۇنى
توساتتى. ئۇنىڭ توسۇشى شۇ بولدىكى، باباخان
سەپەرگە چىقماقچى بولدى. بۇ تەرەپتىن قومۇلنى
پىلان قىلدى. بىراق ئۇنداق ماڭالمىدى. ئەبۇلمۇھەم-
مەتخاننىڭ ئۈچ ئوغۇل، تۆت قىزى بار ئىدى. بىر
ئوغلى كىچىكىدە ئۆلۈپ قالغان. مەھدى سۇلتاننى
ئابدۇللاخان مەنسۇرخاننىڭ ھەمراھلىقىدا ھىندىستانغا
سۈرگۈن قىلدى.

بىر ئوغلى قارا كۆڭۈل سۇلتان بولۇپ ئۇنىڭ
ۋەقەلىرى ئۆز جايىدا بايان قىلىنغۇسى.

ئەبۇلمۇھەممەتخان 15 يىل پادىشاھلىق قىلىپ،
1066 - يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. باباخان قومۇلدىن
كېلىپ تۇرپاننى باشقۇردى. مەھەممەت مۆمىن سۇلتاننى
گۇناھكار قىلىپ، ئېلىپ كەلدى. خاننىڭ ئۈستىخىنىنى
باھانە قىلىپ، سۇلتاننى يەكەنگە سۈرگۈن قىلدى.
سۇلتان ئائىلە تاۋابىئات بىلەن ئەبۇلمۇھەممەتخاننىڭ
ئۈستىخىنىنى ئېلىپ دائىلاج يولغا چىقتى. ئۇ چاغ-
لاردا يول بەكمۇ خەتەرلىك ئىدى. ئۇلار خوداننىڭ



كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن كۈچارغا ساق - سالامەت كىرى-
ۋېلىشتى.

مىر ئابدۇللا بەگ ئابدۇللاخانغا كىشى ئەۋەتتى.
خان: «سۇلتاننىڭ سىڭلىسى يەنى ئەبۇلمۇھەممەت-
خاننىڭ ئايالى ئوغۇللىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا تۇرپانغا
قايتتى» دەپ يارلىق قىلدى. سۇلتان قىزلار بىلەن
ئۈستىخانىنى ئېلىپ كېلىدۇ. خاننىڭ ئۈستىخانلىرى
بىلەن قىزلىرىنى سۇلتان، مۇھەممەت ئەيۇپ بەگ
ئىشىك ئاغىلار ئالتۇنغا دەپنە قىلدى. خان مۇھەممەت
مۆمىن سۇلتاننىڭ بېشىنى سىيلاپ، ئۇنىڭغا كۆپ ئىنئام،
ئېھسانلارنى قىلدى ۋە مۆتىۋەللىك مەنسىپىنى تاپ-
شۇردى، ئۇنىڭ ئىناۋىتىنى ئۇن ھەسسە ئاشۇردى.
سۇلتان غازى قەتغانىنىڭ نەۋرىسى — مۇھەم-
مەت ئەمىن سۇلتاننىڭ پەرزەنتى ئىدى. ئۇ كىشى
ئۇلۇغ، قابىل كىشى ئىدى. شاھنامىنىڭ كۆپ قىسمىنى
يادا بىلەتتى. كىتابنى ياخشى ئوقۇيتتى. ئۇنىڭ ئوغلى
سەنجىر سۇلتان چىرايلىق يىگىت ئىدى. ئۇلارنىڭ
ۋەقەلىرىمۇ، خۇدا بۇيرۇسا بۇندىن كېيىن سۆزلىنىدۇ.

## ئابدۇللاخاننىڭ شەھناز تاغلىرىغا بارغىنى، يولۋاسخاننىڭ ئۆز پادىشاھلىق ئورنىغا يانغىنى ھەمدە شۇ ۋاقىتلاردا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر

خان تام قارا تەرەپكە سەيلە- تاماشا قىلىش،

ئۆچۈن راۋان بولدى. بورانغارنىڭ ئەمەلدارلىرى چامەلۇن دېگەن يەرگە چۈشتى. خان قىزىلدا ئىدى. مەنزىلمۇ مەنزىل مېڭىپ تامقاراغا يېتىپ كەلدى.

خان شەھباز بەگنىڭ ئۆيىگە چۈشكەن ئىدى. بەگ داغدۇغىلىق ھالدا يىغىن ئاچتى. يولۋاسخان كېلىپ كۆرۈنۈش قىلدى.

خان كېتىشتىن ئىلگىرى يولۋاسخان مەجلىسنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋالغاچ بارغان ئىدى. ئۇ خاننى كىرگۈزدى. مەجلىس تەنتەنىلىك بولدى. كاتتىلار بىلەن ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى تازىم قىلدى. خان ئۆزىنىڭ ئوغلىغا گەپسىز ياخشىلىقلارنى قىلىپ قايتىشقا رۇخسەت بەردى. ئۆزى يەكەنگە كەلدى. شەھباز بەگ مۇشۇ يىلدا جىگەر كېسەللىكىگە مۇپتىلا بولۇپ، 51 يېشىدا كۆز يۇمدى. ئالتە يىل يەكەننى سوردى. خان بەگنىڭ ئۇستىخانلىرىنى قەشقەرگە ئەۋەتتى. مۇھەممەت مۆمىن سۇلتانغا يەكەننىڭ ھوقۇقىنى بەردى. مۇھەممەت مۆمىن سۇلتاننىڭ بوۋىسى سۇلتان غازى ئابدۇكېرىمخاننىڭ زامانىسىدا قەدىغىن①دىن ئايرىلىپ، تۆت ئوغلىنىڭ ھەمراھلىقىدا كەلگەن ئىدى. ئۆمەر سۇلتان، ئىسكەندەر سۇلتان، مۇھەممەت ئىمىن سۇلتان، بورات سولتان ۋە ئابدۇكېرىمخانلارغا قاغىلىقنىڭ ھوقۇقىنى مولاپ بەردى.

ئەلقىسسە، مۇھەممەت مۆمىن سۇلتان ئابدۇللاخان

① قەدىغىن — خوراساندىكى بىر شەھەرنىڭ ئىسمى بولۇشى مۇمكىن (ت)



دۆلىتىنىڭ تۈۋرۈكى ئىدى. ئۇ چاغدا مۇھەممەت لېتىپ بەگ كىردىيەدىن: «قالماقلار كىردىيەگە ھۇجۇم قىلىپ كەلدى» دەپ خەۋەر ئەۋەتتى. خان ھاراقىنىڭ مەستلىكىدە ئاتلاندى. مۇھەممەت مۆمىن سۇلتانخاننى بېردىشتىن توسۇپ، ئۆزى لەشكەرلەرنى باشلاپ راۋان بولدى. شاھ بەگ خوتەندىن قوشۇلۇپ، خوتەننىڭ ئەمەلدار، لەشكەرلىرى بىلەن ماڭدى. مۇھەممەت لېتىپ بەگ يولباشلامچى بولۇپ چەرچەن دېگەن يەرگىچىلىك قوغلاپ ئەگىشىپ، قالماقلارنى تاپالماي يېنىپ كەتتى. خان لەشكەرلەرگە كۆپ ئىنئاملارنى قىلدى. شۇ چاغدا جاھانگىرخاندىن ئەلچى كەلدى، ئۇ ئەلچى شەيخ خاۋەندى تۆمۈرنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولۇپ ئېتى يۇنۇس خوجا ئىدى. بۇ تەرەپتىن خوجا سەيىد مۇھەممەت خەلىپ ئوغلى سوپى خوجا ئەلەيھىر رەھمەنى ئەۋەتتى. جاھانگىر خان سوپى خوجىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۆزىنىڭ ئوغلى تۆگە سۇلتاننى ئەۋەتتى. خان خىسرولارچە كۆڭۈل بۆلۈپ، پادىشاھانە غەمخورلۇقلارنى قىلىپ، قوچقار بەگنى ئۇنىڭغا ھەمراھ قىلىپ ئەۋەتتى. جاھانگىرخان ئۇ چاغدا ئاخۇن موللا يەئقۇپ، خوجاجان خوجا ئوغلى ۋاپا خوجىلارنى شەھىت قىلدى. (ئۇ ئىككى كىشىگە ئاللانىڭ رەھمىتى ھەم رازىلىقى بولغاي) قوچقار بەگىمۇ ئۆزىنىڭ چوڭ ئوغلى ئاپاق سۇلتاننى ئەۋەتتى ۋە يولۋاسخانغا قىزىنى ئەۋەتتى. ئاپاق سۇلتانغا تۇرلۇك ئىنئام، ياخشىلىقلارنى قىلىپ رۇخسەت بەردى. يۇنۇس خوجا

مۇشۇ تەۋەلىكتە تۇرۇشنى ئىختىيار قىلغاچقا خوتەننىڭ
قازىلىقىنى ئۇ كىشىگە تاپشۇرغان ئىدى. ئۇ شۇ
يەردە ئۆلۈپ كەتتى. خان مۇھەممەت مۆمىن سۇلتان-
نىڭ زامانىسىدا ھاراق ئىچىشنى تاشلىدى. باشقىلار-
نىڭمۇ ھاراق ئىچىشىنى چەكلەشكە بۇيرۇق
چۈشۈردى.

## خاننىڭ ئات بېشى، ئاقساي تەرەپلەرگە لەشكەر تارتقىنى ۋە ھەسەن بەگنىڭ ئۆلتۈرۈلگىنى

ئات بېشىدا بىرقانچە ئۆيلۈك قالماق تۇراقلىق
بولۇپتۇ، دېگەن خەۋەر بولدى. خاننىڭ ئۇلار تەرەپكە
بارغۇسى كەلدى. بۇ توغرىدا دۆلەتنىڭ كاتتا ئەمەل-
دارلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشتى ۋە لەشكەر توپلاپ
يولغا راۋان بولدى. يولۋاسخان مۇقەددىمەسىمان تېنى
بەگبىكچىك ئۈچ بورانغار بىلەن جۇڭغارنىڭ ھاكىمى
ئىدى. مەشۇرەت بويىچە لەنگەرگە يېتىپ كەلدى.
بۇ لەنگەرنى مىرزا ئۇلۇغ بەگ رەسەتخانا ياسىغاندا،
خىزىر خوجاخان ئوغلى مۇھەممەتخان سالغان ئىدى.
ئۇ تامامەن تاشتىن ياسالغان.

ئەلقىسسە، ئۇلار ئات بېشىغا يېتىپ كەلدى.
بوغۇچى بەگ بولسا يولدىن ئېزىقىپ قالماقلارغا
يولۇقۇپ قالدى. قالماقلار خەۋەردار بولۇپ نارىن
تەرەپكە قېچىشتى، ئەمدى ئۇلار مەسلىھەت قىلىشىپ



«بوغاچ داۋىنىدىن ئۆتۈپ ئاقسايغا بارايلى، ئەگەر
يىلدىڭ تەيجى ئۇچرىسا تېخى ياخشى، ئۇچرىماي
قالسا يېنىپ كېلۇرمىز» دېيىشتى. ئۇلار بوغاچتىن
ئۆتۈپ ئاقسايغا يېتىپ كەلدى. ئىبراھىمخان، ھەسەن
بەگ، تەيجىنىڭ ئوغلى چۆجكىنلەر لەشكەر ئارقىسىدىن
ئاشكارا بولدى. خان كېچىنى قاتتىق بىئاراملىق بىلەن
شۇ يەردە ئۆتكۈزۈپ بامداددىن كېيىن كۆچۈپ كەتتى،
يەنە ئىبراھىم سۇلتان تەۋەلىكى ۋە ھەشەمەتخورلىرى
بىلەن ئاشكارا بولدى. خان بىرجايغا چۈشۈپ ئۇ يەر-
دە شاھ بەگ ۋە تولكى بەگلەرنى قويۇپ ئۆزى ئىبرا-
ھىمخاننىڭ ئارقىسىدىن راۋان بولدى. ئىبراھىمخان
ناھايىتى ئالدىراپ بېرىپ تاغ ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالدى.
ھەسەن بەگ ئېتى ھورۇنلۇق قىلىپ لەشكەرلەر قولىغا
چۈشۈپ ئۆلتۈرۈلدى. خان يەكەنگە كېلىپ ئادەملەر-
نىڭ پۇل - مېلىنىڭ يېرىمىنى بۆلۈۋالدى ۋە ئۇ يەر-
گە سېرىق ياتوق ئات قويدى.

## ئابدۇللاخاننىڭ يۇلتۇز، قاراشەھەر تەرەپلەرگە يۈرۈش قىلىپ، مەغلۇپ بولغىنى

ئىبراھىمخان قاراشەھەردە ئىدى. خان بىر يۇتۇم
سۇنىمۇ خاتىرجەم ئىچەلمىدى. يەكەندە مۇھەممەت سىدىق
خەلىپە سېرىق قازى، كېپەك بەگلەرنى قويۇپ ئۆزى
راۋان بولدى. ھەزرىتى ئەزىزاننى ئاتلىق ھەمراھ قىلدى.

نۇرىددىن خان ئاقسۇ، ئۇچتۇرپاننىڭ بارلىق ئەمەلدارلىرى
بىلەن ئالدىغا چىقتى. ئاقسۇدىن ئاقسۇنىڭ لەشكەرلىرىنى
ئېلىپ، شەھەردە مۇھەممەت ئەمىن بەگنى قويۇپ ئۇ-
يەردىن ئۆتۈپ كەتتى. كۇچارغا پولات بەگ ھاكىم
ئىدى، ئۇ يەردە ئىككى كۈن تۇرۇپ يەنە يولغا راۋان
بولدى، خوتەننىڭ ئەمەلدارلىرى شىراتلادا قوشۇلدى:
خان ئۇ يەردە قارا يانچۇقنى بىر - بىرىگە ئەھدى
پەيمان قىلدۇرۇپ: «ئەگەر سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن
بىرسى دۈشمەننىڭ ئوتتۇرىسىدا قالسا باشقىلار ئۇنىڭ
ئۈستىگە كەلسۇن!» دېدى. ھەممەيلەن شۇ قارارغا
كېلىپ قاتتىق قەسەم ئىچىشتى. ئادەملەرنىڭ كۆپىن-
چىسى كويكاناڭ داۋانىدىن ئۆتۈپ كەتتى. بىر كېچە
ئايلىنىپ يۈرۈپ ئەتىسى چۈشتىن كېيىن بۇلاڭ - تا-
لاڭ قىلىشتى. خان بۇ ئىشقا كىشىلەرنى تەشكىللەپ
ئەۋەتىشنى ئويلىغان ئىدى، لېكىن نۇرىددىن خان دادى-
سىغا دېمەيلا بىرىنچى قېتىم بۇلاڭ - تالاڭغا ئادەم
ماڭدۇردى. نۇرىددىن خاننىڭ ئادەملىرىگە ئولجا،
ئەسىرلەر كۆپ چۈشتى. خان نۇرىددىن خانغا غەزەپ-
لەندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا قارىمۇ -
قارشىلىق پەيدا بولدى. جالىش تەرەپكە يۈرگەندە
لەشكەرلەر بەكمۇ كۆپ ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان
ئىدى. ئۇ يەردە خان لەشكەرلەرنى سۈرۈشتۈرۈپ،
ھېسابلاپ كۆردى. بۇ ئارقىلىق ئۇ ئىككىنچى قېتىم
لەشكەرلەرنىڭ ماللىرىنى ئېلىۋالماقچى، ھەتتا بەزىلى-
رىنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولدى. ھەزرىتى ئەزىزاننىڭ



مۇخلىسلىرىدىن بىر كىشى خەت يازدى. چۈنكى شۇ
ۋاقىتتا بۇ شەخسنىڭ چۈشىگە «خان مۇشۇ ئىشنىڭ
شۇملۇقىدىن چوڭ بىر بالاغا گىرىپتار بولغاي» دەپ
كىرگەن ئىدى. ئىبراھىم خان، ئىسمايىل خان، يىلداڭ
تەيجى جالىشنى تاشلاپ بىر چەتكە چىقىۋالدى. خان
ئۆز مەيلىچە سەيلە - تاماشا قىلدى. شاھ باقى بەگ
«بىرنەچچە لاما جالىشنىڭ ئاستىدىن ئۈستى تەرەپكە
كېلىۋاتىمىش» دېگەن خەۋەرنى ئېلىپ كەلدى. خان
شاھ باقى بەگنىڭ ھەمراھلىقىغا كىشى ئەۋەتتى، ئۇلارنىڭ
ماللىرى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا چۈشتى. خاننىڭ
دۇنياغا بولغان مەشغۇللۇقى شۇنداق غالىپ بولدىكى،
كىشىلەر لامالارنىڭ ماللىرىنى ئېلىپ يوشۇرۇپ قويغان
ئىدى، خان لەشكەرلەرنىڭ ياتىقىنى ئاختۇرۇپ، يوشۇ-
رۇپ قويغان ماللىرىنى تېپىۋالىمىز، دەپ بامداتتىن
ئىلگىرى قونالغۇغا كېلىشتى. ئۇ كۈنلەردە لەشكەرلەر
ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى.

نۇرىددىن خان شورشوق دېگەن يەرگە چۈشكەن ئىدى.
جورانغارنىڭ ئەمەلدارلىرىدىن باباق بەگ، شاھ بەگ،
تولكى بەگ، مىرزا تىنى بەگ، شاھ باقى بەگ ۋە
مۇھەممەت قاسىم بەگلەر نۇرىددىن خاننىڭ ئالدىدا چۈش-
كەن ئىدى. جۇڭغارىيىنىڭ ئەمەلدارلىرىدىن مۇھەممەت
مۆمىن سۇلتان، ئەبۇلخەيرى سۇلتان، سەنجىر سۇلتان،
ئابدۇراخمان بەگ، ئەرەب بەگ، ساتقىن بەگ، تاشلان
بەگ ۋە پولات بەگلەر ئۆزىنىڭ لەشكەرلىرىدىن
كېيىنرەك كەلدى. سەرەڭ ۋە تەيجى، ئىبراھىم خان،

ئىسمايىل خان ۋە باشقا بىر بۆلۈك تۆرىلەر ئارقىدىن يېتىشتى. كەيدەركونىڭ ئادەملىرى يىلداڭ تەيجىنى كۆرۈپ قاچتى. بەزىلەر نۇرىدىن خانغا قوشۇلدى. باشقىلار يولدىن ئېزىقىپ مۇھەممەت مۆمىن سۇلتانغا يېتىشىۋالدى. پولات بەگ بىلەن بەزىلەر: «خانغا قوشۇلىمىز» دېيىشتى. مۇھەممەت مۆمىن سۇلتان: «خاننىڭ ئوغلى قالماقنىڭ ئارىسىدا قالدى، خانغا قانداق جاۋاب بېرىمىز؟» دەپ قوبۇل قىلمىدى. شۇ يەردە توختىدى.

ئەلقىسسە، سەرەڭ، يىلداڭلار كەيدەكونىڭ ئارقىسىدىن ھۇجۇم قىلىپ نۇرىدىن خاننى قورشاپ تۇتۇۋالدى.

خان قابىل خەلپىگە: «كاناي تارتىڭلار» دەپ بۇيرۇق قىلدى. كانايىنىڭ ئاۋازى بىلەن ھەممەيلەن بىر يەرگە جۇغلىشىپ شورشوق سېپىلىگە ئورۇنلىشىۋالدى. سەرەڭ نۇرىدىن خاننى قورشىۋالدى. باشقىلار خان بىلەن لەشكەر ئارقىسىدىن راۋان بولدى. ئارقىدىن يېتىشكەندىن كېيىن سۇلتانلار، پولات بەگ، تاشلان بەگ، ئەھدى پەيمان قىلىشقان يەنە بىرقانچەيلەن بىر يەرگە چۈشۈشتى. قالماقنىڭ لەشكەرلىرى يېتىپ كەلدى. تاشلان بەگ، ئاق بوراق بەگ ئۇرۇش سېپىنى بۇزۇپ قېچىشقا يۈز تۇتتى. بۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن قېچىشقا باشلىدى. لەشكەرلەر ھەيران بولۇشۇپ بىراقلا تارقاپ كېتىشتى. مۇھەممەت مۆمىن سۇلتان بىلەن پولات بەگلەر توسۇپ ھېچنېمە قىلالمىدى. ئاخىر ئۇلارمۇ مەيداندىن قاچتى. پولات بەگ، ئەرەب بەگ



قاتارلىق بىرقانچەيلەن قونالغۇ دەرياسىغا غەرق بولۇپ كەتتى، مۇھەممەت مۆمىن سۇلتان بىلەن ئابدۇراخمان بەگلەر خانغا قوشۇلدى. خان يۈزىنى قالماق تەرەپكە ئۆرىدى. ئادەملەرنىڭ ئېتى شۇنداق ئورۇق، ئاۋارە بولۇپ كەتتىكى، لەشكەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى كالتىغا مىنىشتى. شۇ سەۋەبلىك ئادەملەرنىڭ كۆپ قىسمى خانغا ھەمراھ بولالمىدى. خان ئازغىنە ئادەملەر بىلەن دۈشمەن تەرەپكە يۈزلەندى. خاننىڭ يېنىدا ئۇ چاغدا سان جەھەتتە ئاز لېكىن ئاتاقلىق باتۇر جەڭچىلەر بار ئىدى. مەسىلەن، مىرزاھەيدەر بەگ دوغلات، قاسىم بەگ، ئىدرىس بەگلەر بار ئىدى. خان ئۇ چاغدا ئېسىل يارامىلىق ئادەملەرنى خار قىلىپ، پەس، يارامسىز، ناچار ئادەملەرنى كۆتۈرۈپ يۈرگەن ئىدى. ئۇلۇغ ئەمىرزادىلەر بىلەن داڭدار باتۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى خار، ئىناۋەتسىز بولغاچقا خاندىن قورقۇپ تۇراتتى.

### قوشاق

غۇلغۇلا ئاۋازىدا،
ئىنئام كۆرمىگەن لەشكەر،
چېتىلمىغان دەپتەردەك،
شامال قولىدا ئەسىر.

پادىشاھنىڭ ياخشىلىق ۋە ئىنئامىنى كۆرگەنلەر-

نىڭ كۆپ قىسمى قېچىشقا يۈز تۇتتى. ئىدرىس بەگ بۇ ئەمەلىيەتنى كۆرگەندىن كېيىن: «ئىش قولدىن كەتتى، بۇ قېتىم بارمايمىز، ئىش باشقىچە بولۇپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ» دەپ مەسلىھەت بەردى. خان ئىشىنىڭ زادى شۇنداقلىقىنى بىلىپ، ئىدرىس بەگنىڭ سۆزىگە كىرىپ قاچماقچى بولدى. دۈشمەن ھۇجۇم قىلدى. خان مىرزا ھەيدەر بەگ، قاسىم بەگ، ئىدرىس بەگلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ياندى، قالماقلار كەينىگە تارتتى. خان ئەمەلدارلارنىڭ ھەمراھلىقىدا قۇنالغۇ داۋاندىن بوگۇر ناھىيىسىگە يېتىپ كىردى. لەشكەرلەر ھەرقايسى يوللارغا تاراپ كۇچاردا خانغا يېتىشتى. نەفى بەگ، مىرزا ھەيدەر بەگ، قاسىم بەگ، تەڭرى بەردى بەگ، خۇدابەردى بەگ ۋە باشقا بىرقانچەيلەن خاننىڭ خىزمىتىدە ئىدى. مۇھەممەت مۆمىن سۇلتان ئوغلى ئەبولخەيرى سۇلتان بىلەن بىللە، ئەرەب بەگ، ئابدۇراخمان بەگ، ساتقىن بەگ، شاھ مۇھەممەت، نىيازخوجا، ئىبراھىم خوجا ۋە باشقا بىرقانچەيلەن شەھەتلىق شەربىتىنى ئىچتى. خان بوگۇرنىڭ ئادەملىرىنى كۇچار تەرەپكە ئەپكىلىپ، كۇچارنىڭ ھوقۇقىنى مەنسۇر سۇلتانغا بەردى. خۇدا بەردى بەگنى ئۇنىڭ مەسلىھەتچىسى قىلىپ ئاقسۇ تەرەپكە قايتتى.

ئەلقىسسە، سەرەڭ، يەلداغلار نۇرىدىن خان بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ يول بەردى. نۇرىدىن خان مىرزا تىنى بەگ بىكچىكنى، مىرزا مۇھەممەت لېتىپ بەگنى ۋە ئولجاتاي بەگلەرنى گۆرە قويۇپ ئاقسۇغا



كەلدى. خان كېلىپلا گۈزەل خانىمى قېشىغا كىرگەن ئىدى، خانىم نۇرىدىنخان ۋە باشقا ئەمەلدارلارنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ خانغا كۆرۈنۈش قىلدى. يۇلتۇز دېگەن يەردە قالماقلارغا ھۇجۇم قىلغانىدا ئازراق كېلىشەلمەسلىك تۈپەيلىدىن خان بىلەن ئوغلى ئوتتۇرىسىدا ئاغرىنىش پەيدا بولۇپ قالغان ئىدى. خان دەرھال مېھرىبانلىق قىلىپ كۇچار مەملىكىتىنى ئوغلىغا ۋەسىيەت قىلىپ شۇ يەرگە بېرىشقا رۇخسەت قىلدى. ئۆزى يەكەن تەرىپىگە راۋان بولدى. نۇرىدىن خان شۇرشوقدا قالغان چاغدا خان قەشقەرگە «قوچقار بەگ 200 جەڭچىنىڭ ھەمراھلىقىدا خاننىڭ ئالدىغا كەلسۇن!» دەپ ئادەم ئەۋەتتى.

قوچقار بەگمۇ شۇ ئورۇندا كۆرۈنۈش قىلدى. يەكەننىڭ پادىشاھلىق سارىيىغا كىرگەندە باباق بەگنى ھاكىم، شاھ بەگنى شەھەر ئىگىسى، قوچقار بەگنى ئىشىك ئاغا، ئىدرىس بەگنى قاغىلىقنىڭ ھاكىمى، تەڭرى قۇلى بەگنى مۇتەۋەللى قىلىپ ھەرقايسىسىنى ئۆزىگە لايىق مەنسەپكە ئورۇنلاشتۇردى. خان بىرقانچە كۈندىن كېيىن گۆرە قالدۇرۇپ قويغان باشلىقلارنى ساق سالامەت ئۆزىنىڭ سۆھبىتىگە ئەپكەلدى. مىرزا تىنى بەگكە ئەسكى ئۆستەڭنىڭ مىرابلىقىنى تاپشۇرۇپ، يايراق، كاناي قاتارلىق نەرسىلەرنى ئىنئام قىلدى.

## يولۋاس خان ئوغلى ئۇبەيدۇللا سۇلتاننىڭ دەسلەپكى ئەھۋاللىرى

خان يولدۇزنىڭ لەشكەرلىرىدىن قايتتى، يولۋاس

خان ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ئاتىسىغا كۆرۈنۈش قىلىش ئۈچۈن يەكەنگە كېلىپ نۇرىدىن خاننىڭ ئوردىسىغا چۈشتى. خان ئۆزىنىڭ ئوغلىغا شۇنداق رىئايە خاتىرىلەر قىلدىكى، ئادەملەر ھەيران قېلىشتى. مەملىكەتنى، بارلىق ئەمەلدارلارنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى. ئۇبەيدۇللا سۇلتاننى خوتەننىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى. تەقى بەگنى ئۇنىڭ مەسلىھەتچىسى قىلىپ ئەۋەتتى. يولۋاسخانغا قەشقەرگە يېنىشقا رۇخسەت بەردى. بىرقانچە ۋاقىتتىن كېيىن تەقى بەگ يەكەنگە كەلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا شاھ باقى بەگنى ئەۋەتتى، ئۇمۇ تۇرالماي قايتىپ كېلىپ مەتقاسىم بەگنى ئەۋەتتى.

## خاننىڭ مىرزاتىنىنى بېكچەكنى ئابدۇلئەزىز خاننىڭ ئالدىغا ئەۋەتكىنى

ئۇ كۈنلەردە بۇخارادىن شەيخىم قۇلى ئاتلىق بىر باشلىق ئابدۇلئەزىزخان تەرىپىدىن نۇرغۇن سوۋغا ۋە تۆھپىلەر بىلەن ئەلچىلىككە كەلدى. بۇنىڭدىن خۇشال بولغان خان بۇ تەرەپتىن ئۇ تەرەپكە مىرزا تىنى بەگ بېكچەكنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. بەگ ھېچ زاماندا كۆرۈلۈپ باقمىغان ھەشەمەت، شانۇ شەۋكەتلەر بىلەن ئۆز ئەھۋالىغا لايىق بەلكى ئۇنىڭدىن 10 ھەسسە ئارتۇق تەييارلىق قىلىپ راۋان بولدى. ئۇ بىر تۇغقىنى ئەلى شاھ بەگنى خىزمىتىگە ھەمراھ بولۇشقا، سودىگەرلەر پادىشاھىسى خان ھاجى پولاتنى لاۋازىمەتچىلىككە، 10 كىشىنى ياساۋۇللۇققا، بېگى، خانىملاردىن 10 كىشىنى



دوتاگۈيلۇققا، ئالىملاردىن 10 كىشىنى ۋە ھەرقايسى گۇرۇھلاردىن 10 دىن كىشىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلغان ئىدى.

ئەلقىسسە، شۇنداق شانۇ شەۋكەت، ياسىنىشلار بىلەن راۋان بولۇپ ئەنجان يولى بىلەن بۇخاراغا يېتىپ كەلدى.

يولۋاسخانمۇ ئۆزى تەرەپتىن ئىشەنچلىك بىر كىشىنى ئەۋەتتى. قارا تېگىن يولى ئارقىلىق بۇخارادىن قايتىپ كەلدى. مورات بەگ، قاتىغىن بەگلەر ھاسار ۋىلايىتىدە باشلىق ئىدى. ئۇ قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئالدىغا چىقىپ ئىنتىھاسىز خىزمەتلەرنى ئورۇنلاپ بىر تۇغقانلىق ۋە بۇرادەرلىك ۋەدىلىرىنى قىلىشتى. بىر-بىرىنى خۇشال قىلىشىپ ھاساردىن ئەگەشتى. ھەر مەنزىل، دەڭ، ناھىيە، شەھەرلەرگە بارغاندا شۇ يەرنىڭ ئادەملىرى بۇ ئارتۇقچىلىقلارنى مەنبەئى بىلەن باتۇرلۇق مەنبەسى بولغان باشلىقىنىڭ ئىشلىرىغا تەھسىن ئاپىرىن قىلىشتى.

ئەلقىسسە، ئەلچىلىك ھەققىنى ئۆز ساھەسىدە ھېچكىم مۇنداق ئادا قىلالمىغان ئىدى، ئۇ ئابدۇلئەزىزخان بىلەن شۇنداق مولاقات بولۇشتىكى، ماۋرا ئۇننەھرى تەۋەلىكىدىكى ئادەملەر — تۈركلەر، تاجىكلارنىڭ ھەممىسى تەسلىم بولۇشتى. خانغىمۇ ئەلچىنىڭ گەپ-سۆز، ھەرىكەتلىرى ناھايىتى يېقىپ كەتتى، شۇڭا خان ئەلچىلەرگە پادىشاھانە كۆڭۈل بۆلۈپ ئىنئام ياخشىلىقلار بىلەن قايتىشقا رۇخسەت قىلدى. شاھ بەگ ئات-

لىق بىر باشلىقنى ھەمراھ قىلىپ تولۇپ تاشقان ئابروي بىلەن يەكەنگە كەلدى.

گەپنىڭ خۇلاسىسى: مىرزا تىنى بەگ مۇشۇ مەملىكەتنىڭ نامى ۋە داڭقى چىقىشقا سەۋەبچى بولدى. بۇ يەردىن يەنە شاھبەگنىڭ ھەمراھلىقىغا قوچقار بەگنى بۇيرۇدى، ئۇ كىشىمۇ باردى، يانار چېغىدا خاتىرجەم ئەنجانغا ھۇجۇم قىلىپ ئۆزى جەرەدە بولۇپ جېنىنى سالامەت قۇتۇلدۇرۇپ كەلدى.

## سىڭگەنىڭ كىرىيە ناھىيىسىنى قورشىغىنى، خان بىلەن يولۋاس خاننىڭ كىرىيەنى قوغداش ئۈچۈن لەشكەر تارتقىنى

غالدامە ئاقسۇغا كەلدى، ھۇجۇم قىلىپ نۇرىدىن خان بىلەن سۈلھى قىلىپ ئەل بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئاندىن كېيىن قەشقەرگە كېلىپ، ھۇجۇم قىلىپ قارادۆڭ قورغانىنى ئالدى، ئەبۇلاينىڭ ئوغلى شۇ قورغاندا ئۆلتۈرۈلدى.

يولۋاس خان خاندىن ياردەم سورىدى. خان باباقنى لەشكەر باشلىقى قىلىپ يولۋاسخانغا ياردەملىشىشكە ئەۋەتتى. ئەمەلدارلار قەشقەرگە كەلدى. خانغا كۆرۈنۈش قىلىپ قەشقەر يەكەننىڭ بارلىق لەشكەرلىرى سۇغۇندىن ئۆتۈپ ئىلدىران مەيدانىدا غالدامە بىلەن سۈلھى قىلىشتى. غالدامە قەشقەر ئۆلكىسىدىن ئۆز ۋەتىنىگە قايتتى. يولۋاسخان سۇغۇندا ئەمەلدارلارغا ۋەدە ئەھدىنامىلار بېرىپ قايتىشقا رۇخسەت قىلدى. ئەمەلدارلار خاننىڭ خىزمىتىگە كېلىپ خاندىن ياخشى ئىنئاملارنى كۆردى. سىڭگە غالدامىغا چىدىماسلىق قىلىپ 5000 دەك تاللانغان باتۇرلار بىلەن كىرىيىگە ھۇجۇم قىلىش داغدۇغىسىنى قىلدى. خۇدابەندى بەگ كىرىيىنىڭ ھاكىمى ئىدى، ئۇ خانغا ئادەم ئەۋەتتى. لېكىن تېخى قوزغىلاڭ كۆتۈرگۈچى سىڭگىمۇ ياكى باشقا بىرسىمۇ؟ بىلمىدى.

خان يەكەننىڭ بارلىق ئەمەلدار، لەشكەرلىرىنى ياردەمگە ئەۋەتتى.

ئۇبەيدۇللا سۇلتان خوتەننىڭ لەشكەرلىرى بىلەن خوتەندىن ئاتلاندى.

ئەلقىسسە، لايسۇدىن ئەسكەر تەشكىللىدى. سۇلتان ۋە باباق بەگ، شاھ باقى بەگ، شاھ بەگ، مىرزا تىنى بەگ بېكچەك، قاسىم بەگ ۋە بورانغاردىكى باشقا يولداشلار؛ قوچقار بەگ، نىقى بەگ، مىرزا ھەيدەر بەگ، ئىدرىس بەگ ۋە جۇڭغاردىكى باشقا يولداشلارنى ئاپىرىپ سەپلەرنى راسلاپ راۋان بولۇشتى. لەشكەرلەر ئومۇمەن تەخمىنەن 1000 دەك كىشى ئىدى... قىرغاز يېزىسىغا يەتكەندە لەشكەرلەرنى تېخىمۇ رەتلىكرەك تۈرغۈزۈپ سۆرەپ ماڭىدىغان باتۇرلار، تىغ تارتىدىغان ئەمەلداربالىلىرى مىس قالپاق قاتارلىق ئۇرۇش كىيىملىرىنى كىيىپ قاراسۇغا يېتىپ كېلىشتى. بەزىلەر: «مۇنۇ ئويماتقا چۈشۈپ دۈشمەن قېشىغا ئەتە بارايلۇق» دېدى.

باباق بەگ بىلەن شاھ باقى بەگلەر قوبۇل قىل-

ماستىن بەكمۇ تېزلىكتە مېڭىشتى. ئالدىدا كەتكەن
باتۇرلار ئادەم تۇتۇپ ئەپكەلدى. لايسۇدا ھەقىقىي خە-
ۋەرنى ئېنىقلاپ جەڭنىڭ پۈتۈن تەييارلىقلىرىنى راس-
لىشىپ، خۇدادىن ياردەم سوراپ دۈشمەن تەرەپكە
راۋان بولدى. سىڭگە تۇيۇپ قىلىپ كىرىيىنى قويۇپ
ئەجيان تەرىپىگە كەتتى. سۇلتان بىلەن ئەمەلدارلار
كىرىيىنىڭ قورغانىغا كەلدى. خانغا ئادەم ئەۋەتتى.
خان خەۋەر يېتىپ كېلىش بىلەنلا قەشقەرگە ئادەم
ئەۋەتىپ، ئۆزى كىرىيە تەرەپكە راۋان بولدى. يول-
ۋاس خانمۇ پۈتۈن تېزلىك بىلەن ئاتىسىنىڭ ئارقىسى-
دىن يەتتى. سۇلتان بىلەن ئەمەلدارلار قارشى ئېلىشقا
چىقىپ كۆرۈنۈشكە كېلىشتى. خان ئەمەلدارلارغا تاپا-
مالامەت قىلىپ گۇناھىنى خۇدا بەردى بەگكە قويۇپ
ئۆتۈپ ياغ بۇلاققا چۈشتى. ئۇ يەردىن ئەتىسى ئوي
نوغراققا باردى. خان «نىيەدىن ئۆتۈپ سىڭگەنىڭ
يولى توسۇلسۇن» دەپ لەشكەرلەرگە بۇيرۇق قىلدى.
لەشكەر كېچىسى يولغا چىقىپ ئىككى كۈندە نىيىگە
يېتىپ كەلدى. بىر كۈنى ئۇ يەردە يولۋاسخان بىلەن
بىرلىكتە يالغۇز ياغاچ دېگەن يەرگە چۈشۈپ تۇردى.
كۆزەتكۈچى ئادەملەر «سىڭگە تېخى ئۆتمەپدۇر» دەپ
خەۋەر ئېلىپ كەلدى. خانلار خۇشال بولۇشۇپ سىڭگە-
نىڭ يولىغا راۋان بولۇشتى.
ئەلقىسسە، سىڭگە بىلەن ئۇچرىشىپ قاتتىق
ئۇرۇش بولدى. يولۋاسخان خاندىن بىر قىسىم ئادەم-
لەرنى ئېلىپ ئۆز قوشۇنىغا قوشۇشنى تەلەپ قىلغان



ئىدى. سىڭگە ئۇرۇش سېپىنى رەتلەپ مەيدانغا چىقتى.
مىرزا تىنى بەگ يېقىنلىرى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى
بىلەن: سوپى خوجا، موللا يۇنۇس خوجا ۋە ئۇلارنىڭ
تەۋەلىكىدىكىلەر قاسىم بەگ مىر يۈسۈپ خوجا قا-
تارلىقلار بىر توپ بولۇپ نىقى بەگ، ھەيدەر بەگ،
ئىدرىس بەگ ۋە بوراقاي بەگلەر ئۆز جامائىتى بىلەن
بىر توپ بولۇشتى. يولۋاسخاننىڭ ئەمەلدارلىرى بىر
گۇرۇھ بولدى. خانلار ئارقىدىن تېزلىكتە ماڭدى.
سىڭگە تاغمۇ ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتكۈدەك دەر-
جىدە ئۈچ قېتىم ناھايىتى قاتتىق ھۇجۇم قىلدى. لېكىن
مىرزا تىنى بەگ ئۆزىنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن قوشۇننىڭ
ئالدىدا پىيادە يۈردى، سىڭگەنىڭ ھۇجۇملىرىغا بەرداشلىق
بېرىپ تەۋرىمىدى، بىر چاغدا سىڭگە قايتىپ سۈلھى
تەلەپ قىلدى، خانمۇ بۇنىڭغا قوشۇلدى. پولات بەگ،
قوچقار بەگلەر ياردار بولۇپ ئۆلدى.
لەشكەر ئىچىدە خان بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ئوت-
تۇرىسىدا ئىختىلاپ پەيدا بولدى.
ئۇنىڭ سەۋەبى شۇ بولدىكى: يولۋاسخان مىرزا-
تىنى بەگكە يەكەننىڭ ھاكىملىقى، نەپى بەگكە ئىشىك
ئاغالىقى بېرىلسە، دەپ ئىلتىماس قىلغان ئىدى. خان
بۇ گەپتىن ئاچچىقلىنىپ قالدى. خان بىر يولغا ماڭ-
دى. يولۋاسخان يەنە بىر يولغا ماڭدى. شۇنداق
قىلىپ خان يەكەنگە چۈشتى. يولۋاسخان ۋە ئۇنىڭ
ئوغلى ئۆز پادىشاھلىق ئورنىغا ئورۇنلاشتى.
مىرزا تىنى بەگ بىلەن نېقى بەگلەر لەشكەر

ئىچىدە يولۋاسخاننىڭ قوللىغۇچىلىرى دەپ تونۇلدى. نۇرىددىن خان مىر ئامان كىرەك يارىغىنى ئەۋەتىپ ھەزرىتى ئەزىزانىنى يەكەندىن ئاقسۇغا ئەپكەلدى. يولۋاسخان ھەزرىتى ئەزىزان ھەققىدە ئەدەبسىزلىك قىلغان يەنى پەيزاۋاتتا ئۆزىنىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئەزىزانىنى رەنجىتكەن...

نۇرىددىن خان ۋاقىتنى غەنىمەت بىلىپ، ئۇ ئېگىز ئۇچىدىغان قارچۇغا — ھەزرىتى ئەزىزانىنى قولغا كەلتۈرۈۋالدى. يولۋاسخاننىڭ مەغلۇپ بولۇش سەۋەبى شۇ بولدى.

ئاللا ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.

## يولۋاسخان ئەھۋالىنىڭ بىر قىسمى ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئاتىسىغا ئاسىي بولغىنى؛ ئۇبەيدۇللا سۇلتاننىڭ ئاقىۋىتى ۋە ئەمەلدارلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى

يولۋاسخان مىرزا ئوبۇلھادى مىكرىتنىڭ قىزىدىن تۇغۇلغان ئىدى. سەككىز يېشىدا قەشقەرنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. 30 يىل قەشقەردە بولدى.

ئۇنىڭ تەبىئىتى زۇلۇم ۋە پىتنە-پاسات بىلەن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ئىدى. قەشقەرنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭ زۇلمىدىن بەكمۇ ۋەيران ھەم پەرىشان بولۇشتى. لەشكەرلەرنى ياخشى تەربىيىلەيتتى. يەلە ئازغىنە بەتگۇمانلىق بىلەن رەنجىتىپمۇ قوياتتى. قىسقىسى



ئۇنىڭ ئەھۋالى بىر خىل تۇرمايتتى.

ئۇ، رەفتى بەگ، مىرزا يەئقۇپ جوراس، مىرزا سۇلتان يار بارلاس، مىرزا شەھباز ئوردا بېگى، مىرزا شاھبەگ قاتارلىقلاردەك ئېسىل ئادەملەرنى تەربىيىلىگەن ئىدى. قارا يانچۇق دېگەن قىرغىز بىلەن قالماق ئادەملىرىدىنمۇ نۇرغۇن كىشىلەرنى تەربىيىلىگەن ئىدى، مەسىلەن، دۆلە بەگ، تويچى بەگ، تورۇمتاي بەگ، كېسەك بەگ، سۇلتان قۇلى بەگ، فارمىشاق بەگ ۋە باشقىلار. ياقۇپ بەگ، رەفتى بەگلەر ئۆلۈپ كەتتى.

شەھباز بەگ ناسور يارىسى (ئاقما كېسەل) بىلەن ئۆلۈپ كەتتى، دۆلە بەگنى قەشقەرنىڭ ئانالىقى ۋە ھاكىمى قىلدى. قارا يانچۇق بەگمۇ جانلىنىپ قالدى. ئادەملەر ئۇنىڭدىن رەنجىشىپ قالدى. دىۋە، چارپايلار ئۇنىڭ مېڭىسىدە ئورۇن ئالدى. مۇشۇ ئەھۋالدا ئابدۇللاخان بىلەن نۇرىددىن خانلار يىلدالىق تەيجىدىن مەغلۇپ بولدى. دۆلە، تورۇمتاي، تاشلان، كېسەك، سۇلتان قۇلى قاتارلىقلار يولۋاسخانغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە ئەھدە بېرىشتى. ئۇلار مۇندىن كېيىن قالماقلار كېلىپ بۇ مەملىكەتنى بېسىۋالىدۇ، دەپ تۇمەننىڭ لىۋىدىكى مىغار دېگەن جايغا ھازىر بولۇشتى، ئۇلارنىڭ بەزىسى كەلمىدى. بولۇپمۇ شۇ مىللەتنىڭ ئەڭ خۇلاسىسى بولغان دۆلە بەگ كەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممىسى ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىشتى.

تورۇمتاي بەگ يامانچۇق، زەردار ئادەم ئىدى.

ئۇ بامگىر قەبرىستانلىقىنى ياساتتۇردى. ئالتۇن-كۈمۈش، رەخت-پەخ، ئۈنچە-مارجان قاتارلىق مال دۇنيالىرىنى ئىككى قەبرە ئىچىگە يوشۇرۇپ قويىدى: چۈنكى ئۇ: «بۇ نەرسىلەرنى ئۆزىمىز قالماقلار تەرەپكە ئېلىپ بارالمايمىز، يېنىپ كېلىپ مەدەتكارلىق قىلارمىز.» دەپ ئويلىغان ئىدى.

ئەلقىسسە، قارا يانچۇقنىڭ گەپ-سۆز، ھەرىكەتلىرىنى سېلىم توغى شاھ بەگ بېكچىككە يەتكۈزدى. ئۇ بەگ خانغا ئىسپادىسىنى بىلدۈردى. خان ئاچچىقلىنىپ ئابدۇللا خانغا كىشى ئەۋەتتى. خان بۇ مۇھىم ئىشنىڭ چارىسىنى ئۆزىنىڭ ئوغلىغا تاپشۇردى. يولۋاسخان تورۇمتاي، دۆلەلەرنى گۇناھكار ھېسابلاپ بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى ۋە ئۇلارنى مىرزا سۇلتان يار، مىر خېلىل شاھلارغا تاپشۇردى. مال-دۇنيانى سۈرۈشتۈرۈش ۋە تورۇمتاي پىتنىسىنى سۈرۈشتۈرۈش ئۈچۈن قەبرىلەرنى ئاچتى. خان ئاچچىقلىنىپ ھەر ئىككىلىسىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى. ئاندىن كېيىن مىرزا سۇلتان يارنى ھاكىم قىلدى. ئابدۇللا خانغا بايراق بىلەن كانايىنى تاپشۇردى. يولۋاسخان مۇندىن كېيىن ئۆزى ئۈچۈن ئۆز ئىشىغا باش قاتۇرىدۇ، ئۇ چاغدا خوتەن مەملىكىتى كىرىيەگىچىلىك يولۋاسخانغا تاپشۇرۇلغان ئىدى. بارچوق، سېرىق قوللار بارلىق تەۋەلىكىدىكى كىشىلەر بىلەن ئۆزىگە بۆلۈپ قالدى. يەكەن ئەمەلدارلىرى بۇ ئىشلاردىن بەكمۇ ئەنسىرەيتتى. بېرىپ-بېرىپ يولۋاسخاننىڭ شوم نەپسى مەلئۇن شەي-



تان ۋەسۋەسىسى بىلەن «خان مەملىكەتنى بوشىتىپ چىقىپ كەتسە پادىشاھلىق ماڭا قالسا» دەپ يەكەن ئەمەلدارلىرىغا خەت ئەۋەتىشكە باشلىدى. يەكەن ئەمەلدارلىرى خانغا ئوغلىنىڭ ئەھۋالى بىزدىن ياخشىراق مەلۇم، يولۋاسخاننىڭ گېپىگە قارىمايلى! خانغىمۇ مەلۇم قىلمايلى، ئەگەر خانغا مەلۇم قىلساق چوڭ چاتاق چىقىدۇ. ھەر قاچان ئادەم كەلسە ياخشى مۇئامىلە قىلىپ ياندۇرايلى! ئۆزىمىزنىڭ ئىشىغا مەشغۇل بولايلى! خۇدادىن كەلگىنىچە بىر ئىش بولار!» دەپ مەسلىھەت قىلىشتى، مەسلىھەت شۇنىڭغا مەركەزلىشىپ تارقاپ كېتىشتى. بۇ مەزگىلدە ئىبەرتىلگەن نامەلەر ئارقا-ئارقىدىن يېتىپ كېلىشكە باشلىدى. ئەمەلدارلارغا ئايرىم-ئايرىم نامەلەر كېلىۋەرگەندىن كېيىن ئۇلارمۇ تەڭلىككە قالدى. مىرزا تىنى بەگ، مىريۈسۈپ خوجا، نەقى بەگلەر دەسلەپكى مەسلىھەتكە ئەمەل قىلىپ سىرنى مەخپى تۇتتى. لېكىن باباق بەگ، تەڭرى قۇلى بەگ، ئىدرىس بەگ ۋە باشقا بىر قانچەيلەن بىرلىككە كېلىپ خانغا ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىپ «ھەر كۈنلۈكى يولۋاسخاننىڭ ئادەملىرى كېلىدۇ لېكىن نەدە بولىدىغانلىقىنى ئۇقمايمىز» دېدى.

تىنى بەگ بېكچەك، نېقى بەگلەر يولۋاسخان تەرەپتىكى كىشىلەر دەپ تونۇلاتتى. ئەمەلدارلار يەنە «بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى شۇ ئىككىيلەن بىلىدۇ» دېيىشتى. خان گۇمانخور، كىشىگە ئىشەنمەيدىغان بىر ئادەم ئى-

دى. ھەممىلەندىن گۇمانلىنىپ ئادەملەرنى يىغدى.
مىرزا ھەيدەر دوغلاتنى يۇقىرىقى يول بىلەن يۇسۇپ
خوجا ۋە بوراقاي بەگلەرنى ئاستىنقى يول بىلەن
ئەۋەتتى.

شەنبە كۈنى 1076 - يىللىق شەۋۋال ئېيىنىڭ
7 - كۈنى بولدى. يەكشەنبە كۈنى ئۆزى بارلىق ئە-
مەلدارلار بىلەن بىرلىكتە يەكەن شەھىرى ئىچىگە
كىردى. مىرزا تىمنى بەگ، نەقى بەگلەرنى چاسودا
ئۆتكۈر تىغ بىلەن ئۇ دۇنياغا ئەۋەتتى. مىرزا تىمنى
بەگ 40 ياشتا بولۇپ موگغۇل مىرزىلىرىنىڭ زىبۇ-
زىننىتى ۋە شۇ مىللەتنىڭ تاللانغان كىشىسى بولۇپ
سەۋرچان، ئېغىر بېسىق، جاسارەتلىك بىر ئادەم ئى-
دى. ئۇ بىر قانچە خىل نۇسخىدا خەت يازالايدىغان
خەتتات، ئۇلۇغ كىشى ئىدى.

ئەلقىسسە، بېكچەك مىللىتىنىڭ خۇلاسىسى بولغان
ئەمىر ئەييۇپ ۋە سۇلتان ئەلى مىرزالار سۇلتان سە-
ئىدخاننىڭ كاتتا ئەمەلدارلىرىدىن بولۇپ ئەخلاقلىق
ئەمەلدارلاردىن ئىدى. بۇ ياخشى ئەخلاقلىق ئەمەل-
دارلارنىڭ سۈپەتلىرى تارىخلارغىمۇ يېزىلغان. شۇلار-
مۇ بۇ مىرزا تىمنى بەگدەك ئەمەس ئىدى.

نەقى بەگ قارا يانچۇقلارنىڭ چىراغى ۋە تاجى-
سى ئىدى. بۇ كىشىمۇ تېخى 40 ياش ئىدى.

دۈشەنبە كۈنى يولۋاس خاننىڭ خانزادە خانىم
ئاتلىق قىزى باي قىلپاق دېگەن يەردە ئۆلتۈرۈلدى.
ئاندىن كېيىن خوتەنگە «مۇھەممەت قاسىم بەگ قاتار-



لىق مۇشۇ تەرەپتە تۇرىدىغان ئەمەلدارلار سۇلتاننى
ئۆلتۈرۈپ لەشكەر تەييارلاپ يەكەنگە كەلسۇن!» دەپ
ئۇقتۇرۇش يازدى.

خوتەندىكى ئەمەلدارلار بۇيرۇققا بىنائەن سۇل-
تاننىڭ يېقىنلىرىنى زىندانغا سېلىپ سۇلتانغا خوجا
ئابدۇراخمان سودىگەرنىڭ ئۆيىدە شېھىتلىق شەربىتى-
نى ئىچۈردى (ئۆلتۈردى).

ئوبەيدۇللا سۇلتاننىڭ پادىشاھلىق مۇددىتى تۆت
يىل ئۈچ ئاي، ياشىغان ئۆمرى 18 يىل بولدى. ئەمەل-
دارلار خوتەننىڭ لەشكەرلىرىنى ئېلىپ خاننىڭ كۆرۈ-
نۈشىگە مۇشەررەپ بولدى. سۇلتاننىڭ بايرىقى مۇھەم-
مەت قاسىم بەگكە ئىنئام قىلىندى. يورۇڭقاش قارى-
شاق بەگكە تاپشۇرۇلدى.

ئاندىن كېيىن ئاقسۇ ئەمەلدارلىرى بىلەن مەس-
لىھەتلىشىپ شىمەك مىرزا كېسەك بىلەن موللا ھىندى
ياساۋۇللارنى نۇرىدىن خاننى ئىزدەشكە ۋە ئاقسۇ لەش-
كەرلىرىگە ئەۋەتتى.

## نۇرىدىن خاننىڭ ئاقسۇدىن كەلگىنى، خاننىڭ قالماقلار تەرەپكە قاچقىنى

شىمەك موللا ھىندى ياساۋۇل خاننىڭ يارلىقى-
نى ئېلىپ كەلگىنىدە نۇرىدىن خان جان - تېنى بى-
لەن قوبۇل قىلدى ۋە يەكەن تەرەپكە ئاتلىنىپ ئاتى-
سىنىڭ بوسۇغىسىنى بوسە قىلىشقا مۇيەسسەر بولدى.

ئۇ ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈشكە شۇنداق قۇدرەت تاپتىكى: كىمدىن ئازغىنە خاتالىق ئۆتسە ياكى گۇمانسى قاراش بولسا ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇۋەردى.

ئەلقىسسە، نۇرىددىن خان بىلەن ئابدۇللا خاننىڭ بىر بۆلۈك ئەمەلدارلىرى لەشكەرلىرىنى باشلاپ، قىزىلنىڭ يولىغا راۋان بولدى. خان ۋە ھەزرىتى ئەزىزان ئاستىنقى يول بىلەن ئاتلاندى. سىپەك كەنتىگە يەتكەندە دورۋىش مۇھەممەت ياساۋۇلنى بىر قانچە كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە ئۆلتۈردى. قەشقەردىن نۇرىددىن خانغا: «مىرزا ئەلى شاھ بېكچىك، مىرزا سەيپۇللا جوراس، يامغۇرچى بەگ ناغىرچىلار بىر بۆلۈك كىشىلەر بىلەن توپلىشىپ نۇرىددىن خاننىڭ يولىنى توستى» دېگەن خەۋەر كەلدى. خان ئۆز لەشكىرىدىن چوماق بەگ قىرغىزنى، يەكەننىڭ لەشكىرىدىن موللا مونىس خوجىنى مىرزا غازى جوراس، مىرزا ئابدۇللا (ھادى بەگنىڭ بىر تۇغقىنى) قاتارلىقلارنى ئەۋەتتى. مىرزا غازى، مىرزا ئابدۇللا فىروزلار بىر يەرگە جەم بولۇشتى. (؟) ئابدۇللاخان ئۇلارغا تۆرلۈك غەمخورلۇقلارنى قىلدى.

ئەلقىسسە، خان ۋە نۇرىددىن خانلار تۇيغۇت دېگەن يەردە ئۇچرىشىپ ھەممىسىنى قاراۋۇللۇققا ئەۋەتتى. بىر كېچە ئۆتكەندىن كېيىن يولۋاس خان قېچىشنىڭ قەستىنى قىلىپ، ئەمەلدارلىرىنى ئاتىسىنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى. ئۆزى بولسا يېرىم كېچىدە سېپىلنىڭ تېمىنى تېشىپ بەدەر قاچتى. ئەمەلدارلارنىڭ بەزىسىنى



كىشى ئەۋەتىپ چاقىرتىپ ئۆزىگە ھەمراھ قىلدى. خېلىل شاھ يامغۇرچى، شاھ بەگ قالۇچى قاتارلىق يۇرتتا تەربىيىلەنگەن بىر قانچە يىلەننى دۈشمەننىڭ قولىغا قويۇپ راۋان بولدى. ئادەملەر ھەيران بولۇپ خاننىڭ كۆرۈنۈشىگە كېلىشتى.

خان، ھەزرىتى ئەزىزان ۋە نۇرىددىن خانلار قەشقەرغە كەلدى. شاھ باقى بەگ، ھەيدەر بەگ، مۇھەممەت لېتىپ بەگ ۋە قەشقەرنىڭ ئەمەلدارلىرىنى يولۋاس خاننىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا بۇيرۇغان ئىدى. ئۇلار قوغلاپ، يېتەلمەي قايتىپ كەلدى. خان قەشقەر مەملىكىتىنى نۇرىددىن خانغا تاپشۇرۇپ ئۆزى يەكەنگە قايتتى.

ئۇنىڭ ئاتىسىدىن رەنجىگەن لەشكەرلەر يەكەنگە كەلدى. خان ئۆزى ئەمەلدارلىرىغا كۆپ غەمخورلۇقلارنى قىلدى. قەشقەر ئەمەلدارلىرى ۋە ئۆز ئەمەلدارلىرىدىن باقى بەگنى (ئوغۇللىرى بىلەن بىللە) مىرزا شىرداق شاغاۋۇل ۋە باشقا بىر قانچە يىلەننى زىندانغا تاشلىدى. بىر قانچە كۈندىن كېيىن زىنداندىن چىقاردى، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى خوجا ئەۋلادى ئىدى. مەسىلەن، مىر خەلىل شاھ ئوغۇللىرى بىلەن، شاھ باقى شاھ ئوغۇللىرى بىلەن بۇ مەرھۇم ئەمەلدارلارنى قالماقلارغا بېرىۋېتىپ باي توئە ئالدىدا قالماقلار قولىدا شېھىتلىكنىڭ شەربىتىنى تېتىدى.

## نۇرىدىن خاننىڭ پادىشاھلىق مۇددىتى،
## كۆرگەن ئۆمرى ۋە ۋاپاتى

ئابدۇللاخان قەشقەر مەملىكىتىنىمۇ نۇرىدىن خانغا بېرىۋەتتى، خان كۇچادا تۇرۇپ قالدى. ئۇ كېچە-كۈندۈزلەپ ھاراق ئىچىشكە مەشغۇل بولدى. جانابى موللا مۇھەممەت لېتىپ بۇخارانىڭ پوستىنىنى سويدى. قەشقەر ئەمەلدارلىرىدىن: مۇھەممەت يار، ئالتۇنتاش، بايرىن ئۆز مىللىتىنىڭ سەردارى بولغان خۇدايارلارنى يېقىنلىرى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈردى، ئۇ كۈنلەردە ئابدۇغاپپار دېگەن بىر ئادەم بار ئىدى، ئۇ يولۋاس خاننىڭ يېقىنلىرىدىن بولۇپ قېچىۋېلىپ قالغان ئىدى. بىر كۈنى ئۇ سۇلتاننىڭ سۆھبىتىگە كەلدى. سۇلتان ئۇنىڭدىن بەزى ئىچكى ئەھۋالنى سورىدى. ئۇ خۇدادىن قورقمايدىغان بەدبەخ، ئاسى: «يەكەن ئەمەلدارلىرىدىن شاھ باقى بەگ بىلەن باشقا بىر قانچەيلەن خەت ئەۋەتتى» دەپ بىر بۆلۈك ئىشلارنى يەتكۈزدى. سۇلتان ئاڭلىغانلىرىنى ئاساس قىلىپ مىرزا ئەلى ياردوغلاتتىن سورىدى. ئۇ: «ئابدۇغاپپار يالغان ئېيتىپتۇ» دېدى، شۇ زامان مىرزا ئەلى يارنىمۇ مىرزا مۇھەممەت لېتىپ بىلەن كېپەك بەگلەرنىمۇ ئۆلتۈردى. ئاتالىقى ۋە ھاكىمى بولغان مىرزا تۈلكى جوراسنى ئاقسۇغا ئەۋەتىپ ئولجاچى تۇغ بېگى قاتارلىق بىر قانچەيلەننىمۇ ئۆلتۈردى.



شۇنىڭدىن كېيىن قالغان قىرغىنلار قەشقەر، ئاقسۇدا كىمنىڭكى بىر پارچە نان ياكى باشقا بىر نەرسىنى تالىشىپ قالسا خانغا: «پالانى كىشى ئۆلتۈرۈشكە تېگىشلىك» دەپ يەتكۈزەتتى. خان: «ئۆلتۈرگىن، ئۇنىڭ مال مۈلكىنى ساڭا بېرىۋەتتىم» دەيتتى. شۇنداق قىلىپ مەملىكەت ئىچىدە خۇشال ئادەم ئاز قالدى، كۆپ قىسمى ئۆلتۈرۈلدى.

ئەلقىسسە، زۇلۇم، قان تۆكۈش قاتارلىق بولمىغۇر ئىشلار كىشىلەرنى شۇنداق تەڭلىكتە قويدىكى: شەرھىلەپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس. لېكىن خان ئاقسۇدا تۇرغان چېغىدا، دائىم ئالىملار بىلەن سۆھبەت قىلىپ، پۇقرالارنى ياخشى ئاسراپ، قالماقلارغا قارشى ھۇجۇم قىلىپ غازات قىلاتتى، ئولجىلار ئالاتتى، ئاخىرقى ئۆمرىدە بولسا ئەنە شۇنداق تۇرمۇش ئۆتكۈزدى. 2000 دەك قولىدىن ئىش كېلىدىغان يۇرت (؟) ئادەملىرىنى ئۆلتۈردى. يەكەنگە كېلىپ ئۆز ئاتىسىغا ئۆزىنى تاشلاپ مېھماندارچىلىق قىلدى. ئۇ يىغىندا ئۆز ئاتىسىنى ئەنجان تەرەپكە لەشكەر تارتىشقا قىزىقتۇردى. خانمۇ قوبۇل قىلىپ لەشكەر تەربىيىلەشكە مەشغۇل بولدى. ئۇلار لەشكەرلىرىنى تەييارلاپ ئەنجان تەرەپكە راۋان بولدى. سارىخ يازىغا يەتكەندە سۇلتان نۇرىدىن خان ئاغرىپ قېلىپ ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ 31 يىل ئۆمۈر كۆردى. 18 يىل پادىشاھلىق قىلدى. ئابدۇللاخان ئۇ يەردىن پادىشاھلىق ئۇرنىغا يېنىپ لەشكەرلەرگە رۇخسەت قىلدى.

## ئابدۇللاخاننىڭ يەكەن مەملىكىتىدىن كەتكىنى، ۋە شۇ كۈنلەردە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر

نۇردىن سۇلتان پانىي دۇنيا بىلەن ۋىدالاشتى. مىرزا تۈلكى جوراس قەشقەرنىڭ ھاكىمى ئىدى، خان مەملىكەتنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغان. ئۇمۇ ۋاپات بولدى، ئۇنىڭ ئورنىغا قەۋى سارىنى تىكلىدى. چوڭ باغىش قەشقەردە تۇرۇپ قالدى. ئاپاق بەگ ۋە بىر قىسىم قىپچاقلار قەشقەردە نوپۇزلۇق ئىدى. كۆپچىلىكنىڭ ۋە چوڭ باغىشنىڭ، قەشقەرلىقلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىمۇ قارىمۇ - قارشىلىق پەيدا بولدى. بۇ ئارىدا يولۋاس خان ئوجورتونىڭ ياردىمى بىلەن قەشقەر مەملىكىتىگە كەلدى. چۈنكى قەشقەر ئەمەلدارلىرى ئوتتۇرىسىدا قارىمۇ قارشىلىق چىققان ئىدى، ئاتۇشلۇقلار بىلەن ئارغۇلۇقلار يولۋاس خان تەرەپكە كەلدى. يولۋاس خان ئازراق كۈچلىنىپ قەشقەر قورغانىغا كەلدى. مىرزا سۇلتان ئەلى قەۋىيارىنىڭ سىياسىتىدىن قورقۇپ يولۋاس خان قېشىغا كەلدى. قارىمۇ قارشىلىق كۈچەيدى. يولۋاس خان قەشقەردىن ئۈمىد ئۈزۈپ قايتىپ كەتتى. ئۇنىڭ قېشىغا كەلگەن ئادەملەرمۇ قايتىپ كېتىشتى. قورقىنىدىن خانىنىڭ ئۆزىدىمۇ چوڭ ئۆزگىرىش يۈز بەردى. بۇ ئارىدا كۇچاردىن خوجام قۇلى مىر ئاخۇر كېلىپ خوجا يار قىپچاقنىڭ سۆز ھەرىكەتلىرىنى خانغا يەتكۈزدى. خوجا يار كۇچارنىڭ ھاكىمى ئىدى. خاننىڭ قورقۇنچىسى ئاشتى، قېچىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلدى. بۇ چاغدا قەشقەردىن: «يولۋاس خان قايتىپ كەتتى. سۇلتان قولى بەگ ئۆلتۈرۈلدى» دېگەن خەۋەر كەلدى. لېكىن خان ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماستىن مەككىگە سەپەر قىلىش تەييارلىقىغا مەشغۇل بولدى. باباق بەگ خاننى مېڭىشقا قىزىقتۇردى. ھەيدەر بەگ: «ئۆزلىرىدەك شانۇ شەۋكەتلىك پادىشاھنىڭ بىر بەختى قايتقان ئوغلىدىن قېچىش مۇناسىپ ئەمەس» دېدى، لېكىن خان بۇ گەپكە قۇلاق سالمىدى. خاننىڭ خىزمىتىدە بۇ ۋاقىتتا كۆپىنچە قىرغىزلار بار ئىدى. خان ھېچكىمگە ئىشەنمىدى.

ئەلقىسسە، خان 2000 دەك قىرغىز لەشكەرلىرىنى يولۋاس خاننىڭ ئارقىسىدىن ئەۋەتتى. قىرغىز ئەمەلدارلىرى يولغا راۋان بولغاندا خان ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىنى ئېلىپ ھىندىستان تەرەپكە راۋان بولدى. ئورۇڭ شاھ پادىشاھ خوجا ئىسھاق ئاتلىق خوجىنى (ھەزرىتى مەۋلانا مۇھەممەت قازى قۇددىسە سىررۇھۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئىدى) ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن ئىدى. خان ئۇ خوجىغا نىسبەتەن ھەر خىل تىپتىكى ئادەمگەرچىلىكلەرنى قىلدى. خان بالتى رايونىغا يېتىپ كەلگەندە شاھ مۇرادخان، ئىمام قۇلى خانلار قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئالدىغا چىقىشقان ئىدى، ئۇلارمۇ تۇرغۇن ئىنئاملارغا ئېرىشتى. كەشمىرگە يېتىپ كەلگەندە، كەشمىرنىڭ ھاكىمى موبارىزخان ئۆزى ئەھلى سۈننى، ئېتىقادى چىڭ، چىقىشقاق ئادەم ئىدى،

ئۇمۇ خاننىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى. خان ئۇ كىشىنىڭ مۇلايىملىق بىلەن خىزمەتتە بولۇۋاتقانلىقىدىن خۇشال بولدى. مۇبارىزخان خاننىڭ خىزمىتىدە پادىشاھنىڭ ئالدىغا راۋان بولدى. لاھور شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. لاھورنىڭ ھاكىمى مۇھەممەت ئىمىن دېگەن بىر راپىزە، مۇتەئەسسىپ ئىدى، ئۇنىڭدىن خاننىڭ كۆڭلى ئاغرىپ ئۇنى ياقتۇرمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇ ئارىدا، خان ئۆزىنىڭ ھاتەمبەگ دېگەن بىر ئادىمىنى بىر كېنىزىكىدىن گۇمانلىنىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

مۇھەممەت ئىمىن خان بۇ ۋەقەنى پادىشاھقا يېزىپ ئەۋەتتى. پادىشاھ ئابدۇللاخانغا بولغان ئېتىقادىنى يوقاتتى، قىسقىسى بېگىم ساھىپىنىڭ سۆزى بىلەن خانغا ياخشىلىقلارنى قىلدى. باباق بەگ ئوغۇللىرى بىلەن بىللە، مۇھەممەت لېتىپ بەگ، فارمىشاق بەگ ئوغلى بىلەن، قاتارلىق بىر بۆلۈك ئەمەلدارلار خاننىڭ خىزمىتىگە بېرىپ ھاجى بولدى. خان مەككىدىن قايتىپ كەلدى. سوتوھ ئاتلىق كاپىرلار خاننى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. خان يەنە سالامەت قۇتۇلۇپ ئاخىرى پادىشاھ بىلەن ئۇچراشتى. پادىشاھ تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ۋە ئىززەت - ئىكرام بىلەن قارشى ئالدى.

## ئىسمايىل خاننىڭ ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كۇچار ۋە باي مەملىكەتلىرىدە خانلىق قىلغىنى

ئابدۇللاخان ئۆز ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ پايتەختى



بىلەن خوشلىشىپ ھىندىستان يولىغا راۋان بولدى.

ھەزرىتى ئەزىزان بارلىق يېقىن، سۆھبەتداشلىرى سوپى، خەلىپە موللا يۇنۇس خوجا، قاسىم بەگ، ئەمەلدارلارنىڭ كۆپ قىسمى ۋە يەكەن، ئاقسۇنىڭ مىرزادىلىرى بىلەن ئاقسۇغا ماڭدى. ھەيدەر بەگ، شىردىل بەگ، مىرزا ئابدۇللا جوراس ۋە بىر قىسىم قارا يانچۇقلار خوتەنگە بېرىپ ئۇ يەردىن ئاقسۇغا باردى. تەگرى بەردى بەگ، تۇردى ھىندى بەگ ۋە قەشقەردىن بىر بۆلۈك كىشىلەر ئاقسۇغا بېرىشتى.

بۇ ئادەملەر ئاقسۇدا جۇغلىشىشتىن بۇرۇن ئەنۋەر بەگ باشچىلىقىدا ئاقسۇ ئەمەلدارلىرى بىرلىشىپ يىلداڭ تەيجىگە كىشى ئەۋەتتى، مەزمۇنى مۇنداق: «ھەزرىتى ئىسمايىل خاننى ئاقسۇغا ئەكەلسۇن» شۇنىڭ بىلەن يىلداڭ خاننى ۋە قارا كوكۆل سۇلتاننى بىللە ئېلىپ ئاقسۇغا كەلدى. ئەمەلدارلار گۇرۇھ-گۇرۇھ بولۇشۇپ خانغا كۆرۈنۈش قىلىشتى. مەملىكەت خانغا مۇقىملاشتى. خان يەكەن تەرەپكە لەشكەر تارتتى. تەيجى ئۆز ئوغلى يالپۇنى ھەمراھ قىلدى. ھەزرىتى ئەزىزان بارلىق مۇرىتلىرى ۋە قاراشلىق كىشىلەر بىلەن پەيگە كەلدى. خان ئاتلاندى. بارچۇققا يېتىپ كەلگەندە ئۇ يەرنىڭ ئادەملىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ بەزىلىرى ئاقسۇغا قايتىشتى. 1500دەك ئادەم يەكەن تەرەپكە راۋان بولدى. قارا كوكۆل سۇلتان ۋە ھەيدەر بەگلەر كۆزەتچى ئىدى. شامالباغقا چۈشتى. خان ئاقچىغدا ئىدى.

يولۋاسخاننىڭ كەلگەن ئاۋازى يېتىپ كېلىشكە باش-
لىدى، قەشقەرلىك ئادەملەر قارشىمۇ قارشى بولۇشتى.
بەزىلەر يولۋاسخان تەرەپدارى بولۇشتى. بەزىلىرى
ئۇ تەرەپتە بولمىدى. شۇ ئارىدا مىرزا شېرىپ بېك-
چىلىك باش بولۇپ كۆپىنچە ئادەملەرنى يولۋاسخان
تەرەپكە مايىللاشتۇردى. مىرزا ئىسپەندىيارمۇ شۇ
تەرەپتە بولدى. مىرزا شىرىپ كۆپىنچە ئادەملەر-
نىڭ يولۋاسخانغا مايىللاشقانلىقىنى چۈشىنىپ ۋاقىت-
نى غەنىمەت بىلىپ يەكەن ئادەملىرى تەرەپكە دەپ
تۈگەتكۈسىز دەرىجىدە ھىيلە-مىكىر قوزغاتتى.

ئۇ مۇنداق بولدى: «ئابدۇللاخان كېلىپ
كەتتى. يولۋاسخانمۇ قايتىپ كەتتى. ئىسمايىل خان
تەرەپتىن تېخىچە خەۋەر يوق. لېكىن مۇقەررەركى:
ھەزرىتى ئەزىزان مۆتىۋەر ئەمەلدارلار بىلەن ئىس-
مايىل خاننى ئېلىپ كېلىدۇ» مىرزا شېرىپ بىر قان-
چە ھەمراھلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ تىل بىرلە-
كىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن قەسەم ئىچىشىپ يەكەن-
گە كېلىپ: «يولۋاسخان قەشقەرگە كىرىپ بولدى.
ئادەملەر ھەم قارشى ئېلىش ھەم كۆرۈنۈش قىلىش
يۈزىسىدىن بېرىپ خاننى تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىشلە-
رى كېرەك» دەپ يالغان خەۋەرنى يەتكۈزۈشتى.
يەكەننىڭ ئادەملىرى: راستچىللىق ۋە دىيانەت
يۈزىسىدىن ئۇ خەۋەرگە ئىشىنىپ ئاتىسى ئوغلىنى،
بىر تۇغقان بىر تۇغقاننى دېگەندەك ئالدى-ئارقى-
غا تەيىنلەپ ئەۋەتىشتى.



ئەلقىسسە، ئىۋەز خوجا تاغارچى ۋە موللا قارا
خوجا، موپتىلار باش بولۇپ يەكەن ئادەملىرىنىڭ
كۆپ قىسمى قەشقەرگە كەتتى. مىرزا شىرىپ بۇ ئا-
دەملەرنى ئاپىرىپ قەشقەر ئىچىدە تۈرمىگە سالدى.
شۇ ئارىدا ھەزرىتى ئەزىزانىنىڭ ۋە خاننىڭ كەلگەن-
لىك خەۋىرى يەكەنگە كەلدى. ئادەملەر ھەيران
بولۇشتى. ئەگەر قارشى ئېلىشقا بارايلى دېسە، بالا
چاقا بىر تۇغقانلىرىدىن ئۈمىد ئۈزۈشكە توغرا كې-
لىدۇ. بارمايلى دېسە، بۇ تەرەپكە ئاسىي بولۇشقا
توغرا كېلىدۇ. شۇنداق تۇرغان بىر پەيتتە يولۋاس
خان تەرەپتىن ھەقىقىي خەۋەر تارقاپ ئارقا ئارقىدىن
ئادەم كېلىشكە باشلىدى. يولۋاسخان تەرەپتىن كەل-
گەن ئادەملەر موللا قارا خوجا ۋە ئىۋەز بەگلەرنىڭ
ھەمراھلىقىدا قەلئەدارلىق قىلىپ يولۋاسخانغا: «قان-
چىلىكى تېز كەلسىلە شۇنچە ياخشى، بولمىسا ئىش قولى-
مىزدىن كەتكەي» دەپ ئارقىمۇ ئارقا ئادەم ئەۋەتىش-
تى. يولۋاسخان قەشقەردىن يېرىم كېچىدە كېلىپ باي
قاپاقدا سەپ تۈزۈپ تۇردى. سېپىلنىڭ ئاستىدىكى
ئادەملەر كېلىپ كۆرۈنۈش قىلىشتى. ئۇلارنىڭ لەش-
كىرى خان بىلەن توغاچ دېگەن يەردە ئۇچرىشىپ
قاتتىق جەڭ ۋەقەسى يۈز بەردى. نەتىجىدە ئۇلار
تەرەپ مەغلۇپ بولۇپ خان تەرەپ غەلىبە قازاندى.
لېكىن يولۋاسخان ئۆزىنى شەھەرگە ئېلىپ بولغان
ئىدى. ھەزرىتى خان ئۆز لەشكەرلىرىگە غەمخورلۇق
ۋە ئامراقلىقىنى بىلدۈرۈپ قايتىش تىزگىنىنى
تارتتى.

## يولۋاسخاننىڭ پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرغىنى

ھەزرىتى ئىسمايىل خان ئاقسۇغا قايتتى. يەكەن، قەشقەرنىڭ چوڭ ئەمەلدارلىرى يىغىلىپ يولۋاسخاننى پادىشاھلىققا كۆتۈرۈشتى. يولۋاسخاننىڭ مىرزا ئەلى شاھ، ھاشىم بەگ قاتارلىق چوڭ ئەمەلدارلىرى قالماقتا قالغان، ئۇلارغا مۇھەممەت باقى، قەلەندەر قاتارلىق بىرقانچەيلەن ھەمراھ ئىدى. مۇھەممەت باقىنى يەكەننىڭ ھاكىمى، قەلەندەرنى خوتەننىڭ باشلىقى قىلىپ ئۆز ئاتىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىدىن تاشلان بەگنى قەشقەرگە ئەۋەتتى. مەملىكەت مۇقىملاشتى.

لېكىن تەدبىردە خاتالاشتى. يولۋاسخان تەبىئىتى زۇلۇمغا مايىل ئادەم بولغاچقا ھەزرىتى ئەزىزانىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاقسۇغا بېرىپ يەكەندە قېپقالغان بىر توپ كىشىلەرنى ھەتتا ئاياللىرى بىلەن نارەسىدە بالىلىرىغا قەدەر ھەممىنى قىرىۋەتتى. ئاندىن كېيىن قەلەندەر بەگنى ئەۋەتىپ يەكەن، خوتەن لەشكەرلىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى. قەشقەر، يېڭىسار لەشكەرلىرىنى تاشلان بەگكە ئورۇنلاشتۇرۇپ ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان تەرەپكە راۋان بولدى.

بۇ ئاردا ئىسمايىل خان ئاقسۇدىن دىلدار خوجا، ئاچ بۆرى نويغۇتلارنى كۆپچىلىككە باشلىق قىلىپ



قىل تۇشۇشقا ئەۋەتكەن ئىدى، ئۇلار قىرىق بۇلاق دېگەن يەردە ئۇچرىشىپ قالدى. دىلدار خوجا لەشكەرلەرنىڭ قولىغا چۈشتى. باشقىلار قېچىپ خاننىڭ سۆھبىتىگە كېلىۋالدى. خان ئۇرۇش تەييارلىقىغا مەشغۇل بولغان ئىدى. كېلىپ ئۇچتۇرپان قەلئەسىنى مۇھاسىرە قىلدى. خان دەرھاللا ئۇچتۇرپان تەرەپكە راۋان بولدى. مەسلىھەتتە خاننىڭ پىكرى شۇنىڭغا مەركەزلەشتىكى: «ئىككىلەنمەستىن دۈشمەنگە ئۆزىمىزنى ئۇرايلۇق» شۇنداق قىلىپ ئۇچتۇرپان ئادەملىرىگە قوشۇلدى. خاننىڭ شىجائىتى بىلەن يولۋاسخاننىڭ لەشكەرلىرى بىراقلا مەغلۇپ بولۇپ بەزىسى قېچىپ قۇتۇلدى. كۆپ قىسمى خاننىڭ لەشكەرلىرىنىڭ قولىغا ئەسىر چۈشتى. بۇ چاغدا ئاق يار تەرەپتىنمۇ «يولۋاسخان لەشكەرنى يولغا سالغان چاغدا 500 گە يېقىن ئىشەنچلىك، مۆتىۋەر كىشىلەرنى بۇيرۇغان ئىدى. قەلەندەر بەگ ئۇچتۇرپانغا يېتىپ كېلىپ ھۇجۇم قىلغاندا، سىلەر ئاق ياردا لەشكەرلىك قىلىڭلار!» دېگەن خەۋەر يېتىپ كەلدى. خەۋەر يېتىش بىلەنلا خان ئاق يار تەرەپكە راۋان بولدى. خان ئۆزى ھۇجۇمغا ئۆتتى، دۈشمەن مەغلۇپ بولۇپ قاچتى، كۆپ قىسمى قولغا چۈشتى. ھەر ئىككى تەرەپتىن مەلۇم ساندىكى كىشىلەر جېنىنى سالامەت قۇتۇلدۇرۇپ يولۋاسخاننىڭ ئالدىغا خىجالەت بىلەن كېلىشتى. يولۋاسخان ھەيران بولۇپ قېچىشنىڭ قەستىنى قىلغاندا مىرزا ئەلى شاھ قويمىدى.

## سىڭگەنىڭ يولۋاسخانغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگىنى، ھەزرىتى خاننىڭ سىڭگەگە قارشى ئالدى-كەينىگە ماڭغىنى، سىڭگەنىڭ كۈچى ئارقىلىق يولۋاسخاننىڭ كەلگىنى ۋە ئۇلارنىڭ مەقسەتكە يېتەلمەي قايتقىنى

يەلداڭ تەيجى خاننىڭ ئالدىغا كېلىپ بۇ ۋەقەنى بايان قىلدى. ئاقسۇنىڭ ئادەملىرى «شەھەردىن تاشقىرى چىقمايلى! قەلئەدارلىق تەييارلىقىمىزنى قىلايلى!» دەپ مەسلىھەتلەشتى. تەيجى «ئالدى-ئارقىغا بېرىپ جەڭ قىلايلى!» دېدى. خان تەيجىنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ سىڭگەگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن يولغا چىقتى. قاتتىق ئۇرۇش بولدى. ئىسلام تەرەپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، مىرزا ھاكىم بەگ كاپىرلار قولىدا شېھىتلىك شەربىتىنى ئىچتى، ئەنۋەر بەگنىڭ تۇغى كاپىرلار قولىغا چۈشتى، سىڭگە ئەنۋەر بەگنىڭ تۇغىنى ئەركا بەگ ئارقىلىق يولۋاسخانغا ئەۋەتىپ ئاقسۇ تەرەپكە كېلىشكە قىزىقتۇردى. يولۋاسخان ئاقسۇ تەرەپكە لەشكەر تارتىپ راۋان بولدى. ئارال دېگەن جايدا سىڭگە بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇچتۇرپان ناھىيەسىگە مېڭىشتى. ئۇچتۇرپان قورغانىدا ئىستىھكام قۇرغان ئادەملەر يولۋاسخانغا ئوق ئېچىشقا ئالدىراشتى. قورشاۋ ئۇزۇنغا سوزۇلدى. يولۋاسخاننىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ باشلىقى مىرزا ئەلى شاھ قەشقەر، يەكەننىڭ بىر بۆلۈك مىرزادەلىرى



بىلەن ئۇچتۇرپان دەرۋازىسىغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇچتۇرپاننىڭ سىرتقى بازىسىنى ئىگىلىۋالدى. ئۇچتۇرپاننىڭ ئادەملىرى يەنە كۈچ چىقىرىپ قوغلاپ چىقاردى. بۇ جەرياندا 300 دەك ئادەمنى ئۆلتۈردى. سىڭگە نويغۇت تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ نويغۇتنىڭ باشلىقى سېتىۋالدىنى ئۆلتۈرۈپ، نويغۇتنى تۇتۇپ يولۋاسخاننىڭ ئالدىغا ئەپكەلدى. يولۋاسخان سىڭگەدىن ئەندىشىگە چۈشۈپ كەلگىنىگە پۇشايمان قىلدى. ئۆز يېقىنلىرىنىڭ پىكرى بويىچە مەملىكەتنى سىڭگەگە تاپشۇرۇپ ئۆزى ئاتىسىنىڭ خىزمىتىگە بېرىشنى قارار قىلدى، سىڭگە دۆلەتنى يولۋاسخاننىڭ كىچىك ئوغلى ئەبۇ سەئىد سۇلتانغا بېرىپ، مىرزا ئەلى شاھنى ئۇنىڭ ئاتالىقى قىلىپ ئىسپەندىيار بەگنى قەشقەر ھۆكۈمىتىگە ئېلان قىلدى. ئىۋەز بەگنى ئىشىك ئاغا، مۇللا قارا خوجانى قازى قىلىپ ھەرقايسىسىنى ئۆزىگە لايىق ئەمەلگە تەيىنلىدى. ئەركا بەگنى 1000 كىشىنىڭ ھەمراھلىقىدا مەملىكەتنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئەۋەتكەن ئىدى. يولۋاسخان پادىشاھلارنىڭ ئەھۋالىغا مۇناسىپ ھەر خىل تەييارلىقلارنى قىلىپ كەلگەن ئىدى، سىڭگەنىڭ ئالدىغا بېرىپ، خوشلىشىپ پادىشاھلىق ئورنىغا قايتتى.

## يولۋاسخاننىڭ ئاقىۋىتى، ئابدۇلېتىپ سۇلتاننىڭ پادىشاھلىقى ۋە ئەلى شاھ بەگ بېگچەكنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى

يولۋاسخان قايتتى. ئۇ سىڭگە بىلەن قىلىشقان

گەپلىرىدىن يېنىپ، پۇقرالارنىڭ بېشىغا زۇلۇم قو-
لىنى ئۇزاتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئاچكۆزلۈك، تەبىئى-
تىگە زۇلۇم شۇنداق ئورۇنلىشىپ كەتتىكى: زۇلۇم
بايابانىدا ئۇنىڭ ئالدىدا ھۇججاجمۇ خىجىل،
زوھاكمۇ تۆۋەن تۇراتتى. پىتنە-پاساتتا ئۇنىڭ ئالدى-
دا شەيتانمۇ ئەيىبلىك، دەججالمۇ يېتىشەلمەيدىغان
بولدى. ئۇ ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئارقىسىغا 10 دىن
پايلاقچى سېلىپ قويدى. پۇقرالاردىن تۈلكە تېرىسى
بىلەن قىزىل ئالتۇن تەلەپ قىلدى. مۇسۇلمانلارنىڭ
دادىغا ھېچكىممۇ يەتمەيتتى. مەملىكەت پۈتۈنلەي
خاراب بولدى. ئۇنىڭ دۆلىتىنىڭ تۈۋرۈكى بولغان
مىرزا ئەلى شاھ ئۇنىڭ بىر تۇغقىنى داۋۇت خوجانى
ئۆلتۈرگەن ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئىنتىقام
ئېلىشنىڭ كويىدا يۈرەتتى. بىچارە ئەركا بەگنىڭ
دىلى مۇسۇلمانلارنىڭ ھالىغا كۆيەتتى، لېكىن ئۇمۇ
ئېغىزىدىن چىقىرالمايتتى. ئەلى شاھ بەگ ئۆز تۇغ-
قىنىنىڭ تاسادىپىي ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن ئەركا بەگ-
كە شىكايەت قىلدى. ئەركا بەگمۇ كىشىگە ئېيت-
مىدى.

ئەلقىسسە، ئەلى شاھ بەگ يولۋاس خاننى ئۆلتۈ-
رۈشكە ھىممەت كەمىرىنى باغلىدى. ئەركا بەگ ئوش-
كاجىساڭغا مەسلىھەت سالدى. ئوشكاجىساڭ ئاۋۋال قو-
شۇلدى، كېيىن يېنىۋالدى. ئەركا بەگ ئۆزىنىڭ مەس-
لىھەتى بويىچە بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ مۇنداق دې-
دى: «مەن بۇ ئىشنىڭ قەستىنى قىلدىم، لېكىن يال-



غۇز بولمايدۇ، سىلە ۋە مىرزا ئەلى شاھلار ماڭا يار-
دەم بەرسەڭلار ئاندىن بولىدۇ».

ئەلقىسسە، بىر كېچىسى بۇ ئىككى ئالىي ھىممەت
كىشى قالماقلارنى ھەمراھ قىلىپ خاننىڭ ئوردىسىنىڭ
ئىشىكىگە كەلدى، بۇ چاغدا ئەلى شاھ بەگ ئۆز سۆ-
زىدىن يېنىۋالغان ئىدى. ئەركا بەگ: «مۇسۇلمانلار
بېشىدىن بۇ زالىمنى دەپئى قىلماي بولمايدۇ. ئۇنى
دەپئى قىلىش ھەر بىر كىشىنىڭ مەجبۇرىيىتى، سىلە
غەم قىلمىسىلا! خالىس خۇدا رىزالىقى ئۈچۈن بولغان
ئىشتا خۇدا ئۆزى ياردەم بېرىپ ئۆزى ساقلايدۇ» دې-
دى ۋە «خۇدا بۇيرۇسا» دەپ ئەلى شاھ بەگنى قى-
زىقتۇرۇپ ئوردىنىڭ يەتتە دەرۋازىسىنى ۋەيران
قىلىپ كىردى. ئەركا بەگ ئۇ زالىمنى سۆرەپ مەي-
دانغا ئېلىپ كېلىپ يەرنى ئۇنىڭ نىجىس ۋۇجۇدى-
دىن قۇتۇلدۇردى، مۇسۇلمانلارمۇ ئۇنىڭ پىتنە، زۇل-
مىدىن خالاس تاپتى. ئادەملەر ئۇ ئاتاقلىق ئەمىر
ئەركا بەگ ھەققىدە دۇئايى خەير قىلىشتى. ئەلى
شاھ بەگ يەكەننىڭ ھوقۇقدارلىقىغا، ئىۋەز بەگ ئى-
شىك ئاغالىقىغا تەيىنلەندى، يولۋاس خاننىڭ ئوغلى ئاب-
دۇلېتىپ سۇلتان خانلىققا كۆتۈرۈلدى. ئەركا بەگ
ئۆزى مەنسەپ تۇتمىدى. ھەممە يۇرتنىڭ ئادەملىرى
پاراۋان تۇرمۇشقا چىقىپ خۇشال بولۇشتى.

«ئەلۋەتتە ھەر بىر مۈشكۈللۈك بىلەن بىر ئا-
سانلىق بار، ئەلۋەتتە ھەر بىر مۈشكۈللۈك بىلەن
بىر ئاسانلىق بار» ① دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىچە

① قۇرئان كەرىم، سۈرە ئىنشىراھ 5-، 6- ئايەتلەر.

شۇنداق تارچىلىق كۈنلەر خاتىرجەملىككە ئايلاندى. ئەلى شاھ بەگ ئۆزىگە ئىشەنچ قىلىپ كۆڭۈل خاھىشى بويىچە ياشاپ ئىنچىكە بەل، گۈل تەنلىك خېنىملار بىلەن ئولتۇرۇش قىلىشقا مەشغۇل بولۇپ كەتتى. مەغەز بىلەن لالەگە ئوخشاش بىر نەپەسمۇ رومكا ۋە پىيالىسىز يۈرمەيتتى. ئۆزىنى مۇھاپىزەت قىلىش، مەملىكەتتىن قۇرۇق قېلىشىنىمۇ ئۇنتۇغان ئىدى. دوست بىلەن دۈشمەننى تونۇيالمىدى. موللا قارا خوجا ۋە ئىۋەز بەگلەر ئۇنىڭغا دۈشمەن بولۇپ چىقتى، ئابدۇلېتىپ خاننىڭ ئانىسىغا مەسلىھەت سېلىپ ئەلى شاھ بەگنى ئۆلتۈرۈشكە بىرلىككە كېلىشكەن ئىدى. بىر كۈنى ھىيلە-مىكىر بىلەن سۇلتاننىڭ ئالدىغا كېلىشتى، سۇلتاننىڭ ئانىسى بىكەم ئۆزىنىڭ يېنىغا چاقىرغان ئىدى. بەگمۇ ئىككىلەنمەستىن باردى. بىكەم بىر قانچە يىلەننى تەييارلاپ قويغان ئىدى. ئۇنىڭ كېلىشى بىلەنلا ئۆلتۈردى. ئەركا بەگ بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، شەھەردىن يالغۇز كېلىپ ئۇشكا جىگساكىغا قوشۇلۇپ قايتىپ، قەشقەر تەرەپكە راۋان بولدى.

ئەلى شاھ بەگ بىر ئاي ھۆكۈم سۈردى. لېكىن بىر ئاي ئىچىدە 1000 كىشىنى خىزمەتكارلىققا ئالغان ئىدى. 41 يىل ياشىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئىۋەز بەگ ھاكىم بولدى.

## ئەركا بەگنىڭ ئائىلە كېلىپ چىقىشى، بىر قىسىم ئەھۋاللىرى

ئاڭلىنىشلاردىن قارىغاندا، ئەركا بەگنىڭ چوڭ



بوۋىسى سۇلتان يۇنۇس خاننىڭ زامانىسىدا ئەرلات قەۋمى ئىچىدىن چىققان ئىناۋەتلىك بىر باشلىق ئىكەن. سەيرامنىڭ ئادەملىرىدىن ئۆيلىنىپ بالىلىرىمۇ شۇ يەردە ئۆسۈپ يېتىلگەن. يەنى: ئەركا بەگ تاھىر بەگ ئوغلى، تاھىر بەگ دەرۋىش بەگ ئوغلى، دەرۋىش بەگ سادىق بەگ ئوغلى، سادىق بەگ شۈكۈر بەگ ئوغلى ئىدى.

ئەركا بەگ 20 يېشىدا سەيرامدىن چىقىپ كېتىپ قۇن تەيجى ۋە سىڭگە ئوردىسىدا 20 يىل ئىناۋەتلىك كاتتا بولدى. سىڭگە ئۆز تەۋەلىكلىرىنى يىغىپ چاقار تەرەپكە لەشكەر تارتىپ بېكەتمۇ-بېكەت مېڭىپ ئالتە ئايغا يېقىن ۋاقىتتا چاقارغا يېتىپ كەلدى. چاقارمۇ لەشكەر تەييارلاپ سىڭگەگە تاقابىل تۇردى. ئەركا بەگ ئۇ جەڭدە شۇنداق مەردانىلىق كۆرسەتتىكى، رۇستەمى دەستان ۋە ئىرىج نەۋجاۋانلارمۇ مۇنداق جەڭنى كۆرۈپ باقمىغان، شۇنداق قاتتىق جەڭ ئەركا بەگنىڭ قولىدىن كەلدى، ئەركا بەگنىڭ مەردانىلىقىدىن چاقارنىڭ ئەسكەرلىرى مەغلۇپ بەلكى يەر بىلەن يەكسان بولۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن سىڭگە ئۇنى خارلىق تۇپرىقىدىن يۇقىرى مەرتىۋىگە كۆتۈردى، سىڭگە چاقارنىڭ لەشكىرىدىن قايتتى، ئەركا بەگنىڭ شىجائىتى ۋە مەردانىلىقىنى قالماقنىڭ جەڭچى، پالۋانلىرىمۇ ئېتىراپ قىلدى. قاچانلا بىرەر قىيىن ئىش ياكى قورقۇنچلۇق ئەھۋال يۈز بەرسىلا ئەركا بەگكە بۇيرۇق قىلسا ئۇ دەرھال بىر تە-

رەپ قىلاتتى، ئۇنىڭ يۈرەكلىكلىكى، تەدبىرىنىڭ ئويلىقى، سىڭگەگە ئوچۇق مەلۇم بولدى.

ئەمدى سىڭگە 300 ئادەمنى تەييارلاپ، ئەركا بەگنى روسىيىگە ئەۋەتتى. ئۇ يەرگە يېتىپ بارغاندا ئورۇسلار خەۋەر تېپىپ 600 نەپەر قوراللىق ئادەم تەشكىللەپ ئەركا بەگكە قارشى باستۇرۇپ كېلىشتى. ئەركا بەگنىڭ ھەمراھلىرى غەپلەت ئۇيقۇسىغا گىرىپتار بولغان ئىدى، ھەقتائالا ئەركا بەگنىڭ كۆڭلىگە ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. ئۇ 20 كىشىنى ھەمراھ قىلىپ ئاتلىنىپ تەكشۈرۈپ كۆرسە ئورۇس ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسى قوراللىق بولۇپ تۆمۈر قالقانلارنى كىيىپ قان تۆكۈش تەييارلىقىدا تۇرۇپتۇ.

ئەركا بەگ رەببولئىززەت — جانابى ئاللاغا ئىلتىجا قىلىپ، دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇرۇشتا غەلىبە قازىنىپ دۈشمەندىن بۇلاپ تالىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئورۇس لەشكەرلىرىدىن پەقەت بىرقانچە كىشىلا جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالىدى. قالغانلارنىڭ ھەممىسى قىرىۋېتىلدى.

ئەركا بەگ ئورۇس لەشكەرلىرىدىن قاچقانلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىپ يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، قالماقلار ئارقىسىدىن قەلئەگە كەلدى. قارايدىغان بولسا قالماقلار يىراقتا تۇرغۇدەك، شۇنىڭ بىلەن قالماقلارغا قوپاللىق رەھىمسىزلىك قىلىپ ھۇجۇم قىلدى، قەلئەدىكىلەرنى ئىنتايىن ئېغىر دەرىجىدە قىستىۋەتتى. سىڭگەنىڭ تەۋەلىرىدىن بىر قانچىلەن ئو-



رۇستا ئىدى، ئۇلاردىن سان ساناقسىز ھەدىيەلەرنى ئالدى.

ئەركا بەگ بۇ سەپەردىن يېڭى غەلىبە، ساناقسىز ئولجىلارنى قولغا چۈشۈرۈپ قايتتى. ئولجا قورال ياراقلار، ياخشى ئاتلار، رەختلەر ۋە ھەر خىل تىپتىكى بۇيۇملاردىن توققۇز توققۇزدىن رەتلەپ سىڭگەگە ئەۋەتتى، سىڭگە بۇ ئىشەنچلىك قوماندانىدىن بۇ خىل ئىشلارنى كۆرۈپ ئۇنى خىتايدىكى دائىمەخانىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى، ئەركا بەگ خۇدا دەرگاھىغا ئىلتىجا قىلىپ ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى سالامەت ئۆتەپ تولۇپ تاشقان ئابروي بىلەن قايتىپ كەلدى.

سىڭگەچاقار ئۇستىدىن لەشكەر تارتقان چاغدا قاتتىق ئۇرۇش بولدى، ئەركا بەگ بۇ جەڭدىمۇ رۇستەمىدەستان ۋە ئىرەج نەۋجەۋانلاردىمۇ كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە باتۇرلۇق كۆرسەتتى، شۇنىڭ بىلەن سىڭگە ئەركا بەگنى ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىگە كۆتۈردى. ئاللاتائالا ئەركا بەگنىڭ دىلىغا روشەنلىكنى سالغان ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەمىشە تىلەيدىغىنى ئىسلام شەھىرىگە ئۆي سالسام دەيتتى. تەلىپىگە ئاساسەن 1080-يىلى ئىسلام شەھىرىدە ۋەتەن تۇتۇپ ئىناۋەتلىك قوماندان بولۇپ قالدى. ياخشى ئىشلارغا ئىنتايىن قىزغىن كۆڭۈل بۆلۈپ كۆللەرنى كولىتىپ، ساراي، كۆۋرۈك، مەسچىتلەرنى سېلىپ مەملىكەتنى ئاۋات قىلدى. خۇدا بۇيرۇسا ئۇ كىشىنىڭ قىلىپ قويغان ياخشى ئىش ئىزلىرى ئەسىرمۇ ئەسىر تۈگىمەيدۇ.

## ھەزرىتى ئىسمايىل خاننىڭ تەختكە ئولتۇرغىنى، ئۇنىڭ پادىشاھلىق تۈزۈمى

ئىسمايىل خان ئىبادەتچى، باتۇر، ئادالەتپەرۋەر ياخشى ئادەم ئىدى. ھازىرمۇ پۈتۈن ئالەمنىڭ چوققىسىغا سايە سېلىپ، ئادالەت يېيىپ تۇرماقتا. پۈتۈن ئەخلاقىدا ئابدىرېھىم خاننىلا ئوخشايدۇ. ئەلى شاھ بەگنى ئۆلتۈرگەندە ئەركا بەگ ۋە ئىشكا جىسالار قەشقەر تەرەپكە راۋان بولۇشتى. باقى بەگ بىلەن خۇدا بەردى كېرەك ياراغلارنى «يەكەنگە كەلسۇنلەر» دەپ خان ھەزرەتلىرىگە ئەۋەتتى. خان پۈتۈن ئۇرۇش تەييارلىقلىرىنى قىلىپ يەكەن تەرەپكە راۋان بولدى. يەلداڭ تەيجى ئۆزىنىڭ چوڭ ئوغلى چوچكىنىنى ھەمراھ قىلىۋالدى. كۇچاردىن بەھرام سۇلتان بىلەن ھەيدەر بەگلەرمۇ نۇرغۇن لەشكەرلەرنى باشلاپ كۇچاردىن يېتىپ كەلدى. قاتارغا خوجا يارمۇ قوشۇلدى.

ئۇلار يولغا راۋان بولۇپ، بارچۇقتا يەتكەندە ئايماق دولان بىلەن بايرىنلارمۇ قوشۇلدى. قاپاق ئالغۇ دېگەن يەردە روزى ھېيت نامىزىنى ئوقۇپ يولغا چىقىشتى. ئېچىغدىن شەيخ دېگەن بىر كىشىنى ئەلچى قىلىپ يەكەنگە ئەۋەتتى. ئۆزى شەيخنىڭ ئارقىسىدىن يولغا چىقتى.

يەكەن ئەمەلدارلىرى شەيخنىڭ قولاق، بۇرۇنلىرىنى كېسىپ بىر قانچە سىرىمىنى قولىغا بېرىپ



قايتۇردى. شەيخ خاننىڭ خىزمىتىگە كېلىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. خان ھەزرەتلىرى ئوڭ، سول ۋە ئوتتۇرا قىسىم ھەربىيلەرنى تەشكىللەپ كېسەمچى دېگەن يەرگە چۈشتى. ئەشيايى خۇمدانىنىڭ ئالدىدا قاتتىق جەڭ بولدى. قاسىم بەگ يارىلاندى. ئەتىسى پۈتۈن تىرىشچانلىق بىلەن ئۇرۇش قىلىپ سۈت بىبى ئانانىڭ نۇرغا تولغان مازىرىغا يېتىپ كەلدى ۋە شەھەرنى قورشاشقا مەشغۇل بولدى. ئەركا بەگ ئىشكادىن ئايرىلىپ خانغا قوشۇلدى. ھەزرىتى خان دۆلەتنىڭ كاتتىلىرى، مەملىكەت ئۇلۇغلىرى بىلەن تىم دېگەن يەرگە چۈشۈپ شەھەرنى قورشىدى. شەھەر ئەتراپىنى ئايلاندى لېكىن قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمىدى. ئاخىرىدا قاغىلىق تەرەپكە راۋان بولۇپ، قاراڭغۇ توغراق كەنتىگە يېتىپ كەلگەندە مىرزا ئەلى يارنىڭ ئوغلى يېتىپ كېلىپ: «خانىم پادىشاھنىڭ ئادەملىرىدىن خانىم خوجا، مىرزا مۇھەممەت سەئىدلەر باش بولۇپ ئابدۇلېتىپ سۇلتان ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرىغا قارشىلىق كۆرسىتىپ ھاجى پولات ئەتراپىدا زىچ ئۇيۇشۇپ جەڭ قىلىۋاتىدۇ.» دېدى، خان دەرھال قايتىپ كېلىپ تۇرخان شاھنىڭ ئۆتۈش يولىغا يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە: «خانىم پادىشاھنىڭ ئادەملىرى مەغلۇپ بولۇپ ئۆلتۈرۈلدى.» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدى. خان قايتىپ قىزىل مەسچىت ئوردىسىغا چۈشۈپ مەسلىھەتلەشتى. چىچەكتىن، خوجايار قاتارلىق بىر قىسىملارنىڭ پىكرى ئاتىسىغا

قايتىپ كېتىش بولدى، لېكىن ئەركا بەگ بىلەن
ھەيدەر بەگلەر قاغىلىق تەرەپكە بېرىشنى تەرغىپ
قىلدى.

ئەلقىسسە، مەسلىھەت قاغىلىققا مېڭىشقا توختالدى.
پولات بەگ، زىياخوجا، مىرزا ئابدۇراخمان ئەرلات
قاتارلىق بىر قانچەيلەن قەلئە قورۇش. ئۈچۈن يە-
كەندىن قاغىلىققا كەلگەن ئىكەن. خان قەلئەنى قور-
شىدى، ئەسكەرلەرنى تۆت گورۇپپا قىلىپ سېپىلنىڭ
ئەتراپىغا تەيىنلەپ ھەر تەرەپكە بىرنى باشلىق قى-
لىپ قويدى.

خان ھەزرەتلىرى ۋە بىر قانچە ئادەملەر ئوت-
تۇرا قىسىمغا بەلگىلەنگەن ئىدى. ئۇلار قەلئەنىڭ
جەنۇبىي تەرەپكە چۈشتى. بەھرەم سۇلتان بىلەن ھەي-
دەر بەگلەر قەلئەنىڭ شىمالىي تەرەپكە چۈشۈپ قات-
تىق مۇھاسىرە قىلدى. قاسىم بەگ، غىياس بەگ
بىلەن ئاقسۇ ئەمەلدارلىرى قەلئەنىڭ غەربىي تەرىپىگە
مەسئۇل بولدى.

لېكىن باشلىقلار ئارىسىدا قارىمۇ قارشىلىق
پەيدا بولۇپ ئىش راۋاج تاپمىدى. خان ھەزرەتلىرى
ھەممىسىگە ئەركا بەگنى باشلىق قىلدى. مۇھاسىرە
قاتتىق بولدى. قەلئە ئىچىدىكى ئادەملەر بىئاراملىق
ھالغا چۈشتى. ھېچ تەرەپتىن سۇ ئەكىلىش يولىنى
تاپالمىدى. ئاخىرى ئۇلار تەسلىم بولۇپ، خىجىل
بولغان ھالدا كۆرۈنۈشكە كېلىشتى. خان ھەممەيلەننى
كەچۈرۈم قىلىپ يەكەنگە قايتتى. قەرشى دېگەن جاي-



دا تۇرغاندا ئۇۋەز بەگ باشچىلىقىدا يەكەننىڭ
ئادەملىرى خانغا كۆرۈنۈش قىلىش ئۈچۈن كېلىشتى.
ئابدۇلېتىپ سۇلتان بىلەن موللا قارا خوجالار ئۆز
ئاتىسىنىڭ كونا ئەمەلدارلىرى بىلەن مەستانە ھالدا
قەشقەر تەرەپكە ئاتلاندى. خان ئارال دېگەن جايغا
چۈشكەن ئىدى. پادىشاھ خوجا، مىرمە ئىرۇق خوجا
ۋە سايىم ئوغلى ئاللايار بەگلەر كۆرۈنۈشكە
كەلدى.

1080 - يىلى زۇلقەئىدە ئېيىنىڭ 11 - كۈنى
دۈشەنبىدە ھەزرىتى ئەزىزان بىلەن ھەزرىتى خانلار
خۇشال-خۇرام ھالدا يەكەنگە يېتىپ كېلىشتى. ئۇلۇغ-
لار، ئەمەلدارلار، چوڭ - كىچىك ھەممىسى جۇغلىشىپ
كونا تۈزۈم بويىچە ھەزرىتى خاننى پادىشاھلىققا كۆ-
تۈرۈشتى. ئەمەلدارلار مۇبارەكلەشكە شائىرلار مەدھىيە-
لەشكە ھازىر بولۇشتى. غىياس بەگ، خوجا يارلارنى
قەشقەرگە ئەۋەتتى. خوجايار سۇلتاننى ئۆلتۈردى.
قەشقەرنىڭ ئادەملىرى ئۇلۇغ ۋە ئەمەلدارلاردىن باش-
لاپ كېلىپ كۆرۈنۈش قىلىشتى. خان ھەممەيلەننىڭ
گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىپ مۇھەممەت باقى بەگنىڭ
بايرىقىنى غىياس بەگكە تاپشۇرۇپ قەشقەرنىڭ ھو-
قۇقدارلىقىغا بېكىتتى. ھەيدەر بەگ يەكەننىڭ ھاكى-
مى، قاسىم بەگ، ئىشىك ئاغا، خوجايار خوتەننىڭ
ھاكىمى، ئەركا بەگ مىرزاتىنى بەگنىڭ ئۇسۇلىچە
چوڭ مىراب ( باش مىراب ) قىلىپ ھەر قايسىلىرىنى
ئۆزىگە لايىق مەنسەپكە تەيىنلىدى.

ھەزرىتى خان ھەمىشە ئۇلۇغ ئالىملار بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئادالەت بىلەن تۇغرا ئىش قىلىشقا تىرىشتى، باتۇر ئالىم قازى ئابدۇللانى شەرىئەتكە بېكىتىپ قازى قىلدى. ئازغىنە مۇددەتتە ۋەيران بولۇپ كەتكەن مەملىكەت ئاۋات بولدى.

## ئىبراھىم سۇلتاننىڭ ئوغلى ئەبۇ شاھنىڭ بەھرام سۇلتاننى تۇتقىنى

يەلداكىنىڭ ئەبۇ شاھ دېگەن بىر ئوغلى تاغدىن كەلگەن ئىدى. سۇلتان بارلىق ئەمەلدارلىرى بىلەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشقا تاشقىرى چىقتى. ئۇچراشقاندىن كېيىن قالماقلار بىلەن مەجلىس ئېچىپ سۇلتان، غىياس بەگلەرنى بىر قىسىم قالماقلار بىلەن تۇتۇۋالدى. مىرزا غوزەپىر قەلئەدارلىققا تەييارلانغان ئىدى. ئەبۇ شاھ سۇلتاننى تۇتۇپ قايتىپ كەتتى، بىر قانچە كۈندىن كېيىن سۇلتان بىلەن غىياس بەگلەرنى قويۇۋەتتى. سۇلتان مۇشۇ غەم ئەندىشە ئارقىلىق ئىستىسقا كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، 10 ئاي ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ ئاخىر ۋاپات بولدى، 20 يىل ياشىدى.

### قوشاق

خەلقىنىڭ ئۆمۈر كۆرۈشكە ئامراقلىقى نېمە سەۋەبتىن؟
بۇ ئىقىن سۇدا «شولا»نىڭ تۇرۇپ قېلىشى نېمە سەۋەبتىن؟



كەلكۈن سۈيى ئاۋات، ۋەيرانلارغا چۈشىدۇ ئوخشاش.
ئەجەل تىغ تارتقاندا ھەرگىز دېمەيدۇ قېرى-ياش.

## شۇتۇر خەلپە (ئاللا ئۇنىڭ روھىنى پاك قىلغاي) نىڭ ۋەقەلىرى

رىۋايەت قىلەردىن قارىغاندا شۇتۇر خەلپە (ئۇنىڭغا خۇدانىڭ رەھمىتى بولغاي) ئۆزبېك بولۇپ مىلاكەئى سىبىرغاننىڭ ئوغلى ئىكەن، يەمەن سائىنىڭ ئوغلى دېيىلگىنىمۇ شۇ كىشىدىن ئىبارەت ئىكەن. ئۇ زاتنىڭ ئاتىسى ئىبنى يەمەن بۇ دۇنيادىن كەتتى. شۇتۇر خەلپە (ئۇنىڭغا خۇدانىڭ رەھمىتى بولغاي): ئانىسىنىڭ خىزمىتىدە بولۇۋاتاتتى. ھەزرىتى ئەزىزان خەلپەمنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە چۈشتى، خەلپەمنىڭ ئانىسى ئوغلىنى بىرگە ئېلىپ ھەزرىتى ئەزىزاننىڭ ئالدىغا كەلدى. خەلپەم ھەزرىتى ئەزىزانغا جان دىلى بىلەن ئاشىق بولۇپ، ئانىسىدىن ئايرىلىپ، ئۇ جانابى ئەزىزان بىلەن بىرگە بولدى. خەلپەنىڭ ئانىسى تۇغقانلىرىغا ئىلتىجا قىلغانلىقتىن 200 دىن ئارتۇق ئۆزبېكلەر ئارغىماقلارغا مىنىپ كېلىپ دەۋا قىلدى. ھەزرىتى ئەزىزان خەلپەنى خەلپەنىڭ تۇغقانلىرىغا بېرىۋەتتى، خەلپەنىڭ ئانىسى ئۇنى ئېلىپ قايتتى. لېكىن خەلپە (ئۇنىڭ سىررى پاك قىلىنغاي) ئارقىغا قاراشقا باشلىدى، ھەزرىتى ئەزىزان: «ئەي

دىۋانە! بىر كۆڭۈللۈك بول! بىر ئادەمگە بىر دوستە بولسا يېتىدۇ.» دېدى.

خەلىپە ئانىسىدىن ئايرىلىپ يەنە ھەزرىتى ئەزىزانىنىڭ سۆھبىتىگە كەلدى. خەلىپەنىڭ ئانىسى ۋە ئۇنىڭ تۇغقانلىرى: «ھەزرىتى خوجا بىزنىڭ بۇ بالىمىزنى ساراڭ قىلىۋەتتى، قايتتۇرۇپ كېتىشىنىڭ پايدىسى يوق، بۇ قېتىم ئۇنى خوجا ھەزرەتلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرەيلى» دېيىشىپ ھەزرىتى خوجامغا خەلىپەنى بېرىپ كېتىشتى.

شۇتۇر خەلىپەم ئاشخانىدا ئوتتۇن توشۇپ بېرىش خىزمىتىنى تاللاپ ياخشى خىزمەت كۆرسەتتى. نەقىل كەلتۈرۈلۈشىچە: بىر جۇۋىنى يەتتە يىل كىيىپ يەنە ئەتىيازدا تۆكىنى داسلاپ كىيگەنىمىش. ئەنە شۇنداق ئەقىدە ئىخلاس بىلەن ئىشلەپ مەقسەتكە يەتكەنىمىش.

نەقىل كەلتۈرۈلۈشىچە: قەشقەر، يەكەن ئادەملىرى شۇتۇر خەلىپىگە گەدەنكەشلىك قىلغان ئىكەن، خەلىپە (خۇدانىڭ رەھمىتى ئۇنىڭغا بولغاي!) غۇسلى تەرەت قىلىپ ئىستىخارە قىپتۇ، ھەزرىتى ئەزىزان چۈشىدە يولىيورۇق بېرىپ مۇنداق دەپتۇ: «ئەي ساراڭ! مىخنىمۇ توقماق بىلەن ئۇرۇۋەرسە يەرگە كىرىپ كېتىدۇ، سەنمۇ بۇ نامەرد خەقلەرنى قاتتىق ئۇرغىن!» ئويغانسا چۈشى. شۇندىن كېيىن ھەر قانداق بىر ئىنكارچى ئالدىغا كېلىپ ئازراقلا بىئەدەبلىك قىلسا — قولىدىكى ھاسا بىلەن ئۇرۇپتۇ ئۇرۇشى ئۇ ئادەم يىقىلىپ،



غوجام دەپ قوپۇپ ئەقىدىلىك مۇرىتى بولۇپ قاپتۇ.

خوجا ئۇبەيدۇللا (ئاللا ئۇنىڭ گۆرىنى نۇرلۇق قىلغاي) ئابدۇكېرىمخانىنىڭ ۋەزىرى ئىدى. ئابدۇكېرىمخان ۋەزىرى بىلەن بىرلىكتە مۇھەممەت ۋەلى سوپى (ئۇنىڭغا خۇدانىڭ رەھمىتى بولغاي)نىڭ مۇرىتى ئىدى، مۇھەممەت ۋەلى سوپى (ئۇنىڭ سىررى پاك بولغاي!) خوجا مۇھەممەت شىرىپ (ئاللا ئۇنىڭ روھىنى پاك قىلغاي!) نىڭ ئورۇن باسارى ئىدى. ئابدۇكېرىمخان (ئۇنىڭ قەبرىسى نۇرلۇق قىلىنغاي!) ھەزرىتى ئەزىزانغا ئاداۋەت تۇتۇپ ئۇچراشمىغان ئىدى. بارلىق كىشىلەر خاننىڭ بۇ ئىشىنى خوجا ئۇبەيدۇللا ۋەزىرىدىن كۆردى. ھەزرىتى ئەزىزان (ئۇنىڭغا خۇدانىڭ رەھمىتى ۋە رازىلىقى بولغاي) يولىيورۇق بېرىپ: «ئەي خوجا ئۇبەيدۇللا! بىزنىڭ قەدرىمىزنى بىلمەيسىلەر! بىر ۋاقىت كەلگەندە سېنىڭ ئالتۇندىن ياسالغان سارايلىرىڭنى بىزنىڭ بىر دىۋانىمىز ئېشەك ئېغىلى قىلىدۇ» دېدى. مۇھەممەتخان (ئۇنىڭ سىررى پاك قىلىنغاي) نىڭ زامانىسىدا شۇتۇر خەلىپە ھەزرىتى مۇھەممەتخانىنىڭ يولىيورۇق خېتىنى ئېلىپ كەلدى، شۇ چاغدا خوجا ئۇبەيدۇللا ۋاپات بولۇپ ئۇنىڭ بالا-چاقا ئۇرۇق تۇغقانلىرىنى خان خوتەنگە قوغلاپ چىقارغان ئىدى. شۇتۇر خەلىپە — ھەزرىتى مۇھەممەتخانغا يولىيورۇق خېتىنى تاپشۇرۇپ خوجا ئۇبەيدۇللانىڭ ئۆيىگە چۈشتى. شۇتۇر خەلىپە (ئۇنىڭغا خۇدانىڭ رەھمىتى بولغاي) نىڭ يوغان بىر ئېشىكى بار ئىدى، مەستانىلىقتا

ۋەزىرنىڭ ئۆيىگە باغلاپ قويۇپ ئۆزى ئۇنىڭ ئايۋىنىدا يېتىپ ئۇخلىدى. مۇھەممەت خان (ئۇنىڭ سىررى پاك قىلىنغاي) شۇتۇر خەلىپەنى ئۆزىنىڭ ئورنىغا تىكلەپ قويۇپ ئالەمدىن ئۆتتى. ئابدۇكېرىم خاننىڭ زامانىسىدا شۇتۇر خەلىپە قاتارلىق خەلىپىلەر ھەزرىتى ئەزىزانغا ئەرز قىلىپ: «ئابدۇكېرىم خان ئۆزلىرىگە ئىنكار قىلىۋاتىدۇ. بىر دۇئا قىلسىلا يوقاپ كەتسە!» دېگەن ئىدى، ھەزرىتى ئەزىزان جاۋاب بېرىپ: — «ئابدۇكېرىم خان توغرا ئىش قىلىدىغان (ئادىل) پادىشاھ پەيغەمبىرىمىز (ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن ھەم سالام بەرگەي!) ئۇنى تەربىيە قىلىدۇ. ئادىل پادىشاھ ھەققىدە دۇئايى بەت قىلىش ئادەمگەرچىلىكتىن يىراق ئىش. ئۇنىڭ ئورنىغا پادىشاھ تەربىيىسىدەي تۇرۇپ بىر ئادىل پادىشاھنى يوقىتىۋېتىش مۇسۇلمانچىلىقتىن يىراق. سەۋرى قىلايلى! ھەزرىتى ھەق تائاللاغىلا تەۋەككۇل قىلايلى شۇنىڭ بىلەن بارلىق!» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بارلىق خەلىپىلەرنىڭ بېشى چالا بوغۇزلانغان قۇشلاردەك تۆۋەن چۈشتى. شۇتۇر خەلىپە (ئۇنىڭغا ئاللانىڭ رەھمىتى ۋە بەرىكەتلىرى بولغاي) يوغان ئېشەككە مىنىپ ۋىلايەتتىن كەلگەن ئىدى. ئۇ دائىم ئېشەككە مىنىپ يوغان بىر ھاسىنى تۇتقان ھالدا بىر تۈپ ئادەملەرنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرەتتى. قولىدىكى ھاسا بىلەن كىمنىكى ئۇرسا ئۇ ئادەم دەرھال ھوشىدىن



كېتىپ يىقىلىپ، خوجام! دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ تازىم قىلىپ ئىخلاسلىق مۇرىتلاردىن بولۇپ قالاتتى.

شۇتۇر خەلىپە (ئاللا ئۇنىڭ قەبرىسىنى ئەترە پۇراقلىرىغا لىق قىلغاي) نىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىدى. بىبى ئاپئاق بۈۋىمدىن ئىككى ئوغلى بولۇپ بىرىنچىسىنىڭ ئىسمى: خوجا سەيىد مۇھەممەت خوجا، ئىككىنچىسىنىڭ ئىسمى: نۇرى مۇھەممەت خوجا ئىدى. ئۈچىنچى ئوغلىنىڭ ئىسمى: شىر مۇھەممەت خوجا بولۇپ، ئۇ قوما دېگەن ئايالدىن تۇغۇلغان ئىدى. نۇرى مۇھەممەت خوجا ئاپئاق خاننىڭ زامانىسىدا مىرزا ئەلى شىربەگنىڭ ھەمراھلىقىدا قىرغىزلارنىڭ قولىدا شېھىت بولۇپ كەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ شېھىت خوجا دەپ مەشھۇر بولدى.

شۇتۇر خەلىپە 84 يىل ئۆمۈر كۆردى. ئۇ (ئاللا ئۇنىڭ سىررىنى پاك قىلغاي) ۋە ئۇنىڭ ئايالى بىبى ئاپئاق ھەزرىتى ئەزىزانغا ناھايىتى ياخشى خىزمەت قىلدى. ھەزرىتى ئەزىزان بىبى ئاپئاق بار چاغلاردا قىش-ياز تەرەت سۈيىدىن غەم قىلمايتتى. ھەزرىتى ئەزىزان (ئاللا ئۇنىڭ روھىنى پاك قىلغاي!) ئۇلاردىن رازى ھەم خۇشال بولۇپ ئۇلار ھەققىدە دۇئايى خەير قىلغان ئىدى، ئۇ ئۇلۇغ ئەجازىتى (ئۇدۇمى) نى خوجا شادى قۇددىسە سىررۇھو دەپ ئاتىلىۋاتقان ھەزرىتى خوجا مۇھەممەت يەھياغا تاپشۇرۇپ بېرىپ بۇ پانىي دۇنيادىن مەڭگۈلۈك سارايغا كۆچتى.

ئاللا ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.

## ھەزرىتى خوجا شادى قۇددىسە سىررۇھۇدەپ ئاتىلىۋاتقان ھەزرىتى خوجا مۇھەممەت يەھيا توغرىسىدا

بۇ تەۋەلىكلەر ئارا ئەزىزلار «خوجام» دەپ داڭ قازاندى، ھەزرىتى ئەزىزلار خوجا مۇھەممەتخاننىڭ (ئۇنىڭ سىررى پاك قىلىنغاي!) زامانىسىدا ۋىلايەتتىن تەكلىپ ئەيكەلدى. خان چوڭ-كىچىك، يۇقىرى-تۆۋەن كىشىلىرى بىلەن قارشى ئالدى. قارا قۇم دېگەندىن ھەزرىتى ئەزىزان خوجامنىڭ ئېتىنىڭ يۈگەننىنى خان بوينىغا سېلىپ يېتىلەپ شەھەرگە ئېلىپ كىردى. ئۇ چاغدا ھەزرىتى ئەزىزان خوجام يەتتە يېرىم ياشتا ئىدى. بۇ كىشى 24 ياشقا كىرگەندە مۇھەممەتخان ۋاپات بولدى. ئەزىزان خوجام تەخمىنەن ھەزرىتى ئەزىزانىنىڭ ئەڭ كىچىك پەرزەنتى ئىدى. مەن ئۇ كىشىنىڭ كونا خىزمەتچىسى ئىدىم، ئۇ كىشىنى ھەزرىتى ئىشان دەپ ئاتايتتىم. ئۇ كىشى پارس تىلىدا، سەل كېكەچلەپ سۆزلەيتتى. ئاتامدىن نەقىل كەلتۈرۈلۈشىچە: ئۆز ئاتام يىغلاپ تۇرۇپ شۇنداق دېگەن: — «مەن چوڭ باشلىق بولۇپ قالدىم. ھەزرىتى ئىشان خوجا شادى خوجام قۇددىسە سىررۇھۇغا زامانىنىڭ پىتنەسى مەن توغرىلىق گەپ ئېلىپ بېرىپ بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا زىددىيەت پەيدا بولۇپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ئىشان ماڭىمۇ ئىنكار قىلىدى-



غان بولۇپ قالدى. بىر كۈنى ساغۇچاقتا قارچۇغا تۇتۇش ئۈچۈن بارغان ئىدىم، سوپىلار كەنتىدە مەسچىت ئىچىدە ناماز شامدىن كېيىن قۇرئان ئوقۇلۇۋات- دىكەن، بىر قانچە سوپىلار «ھەق ھۇ» دېيىشتى. مىرسەييىت ئاتلىق بىر ئادەم بىزنىڭ دىتتىمىزدىن خەۋەردار بولۇپ خۇشامەت يۈزىسىدىن بىزگە «بۇ ھىيلە-مىكىرچىلەر ئۆز ئارا چار سېلىشىدۇ، قايسى ئۆي باي بولسا شۇ ئۆيگە بېرىپ بۇلاڭ-تالاڭ قىلىدۇ» دېدى. مەنمۇ سۈكۈت قىلىپ تۇرۇپتىمەن، شۇ كېچىسى بىر چۈش كۆردۈم: «سوپىلار» تەرەپتىن چوڭ بىر ئوت بىز تەرەپكە كەلدى. ئۇ ئوتنىڭ قورقۇنچىسىدىن سەپى خوجا خەلپەمنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاچتىم، شۇ تۇر خەلپەمنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىشىم تام يېرىلىپ قوللىرىدا ئۆتكۈر خەنجەر تۇتقان 12 نەپەر قارا ئادەملەر چىقىپ ماڭا قەست قىلدى. خاتىرەمگە كەلدىكى شۇ تۇر خەلپە ئەلەيھىررەھمەنىڭ مازىرىغا بېرىپ ئىلتىجا قىلاي دەپ خانىقا كۆلىنىڭ بويىغا يېتىپ كەلگەن ئىدىم. خوجا سەپى خەلپەم خانىقانىڭ ئالدىدا كۆلنىڭ لېۋىدە تۇرغان ئىكەن. ئادەملەرنىڭ قولىدىن بىزنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىپ بىزگە قارىدى.» ئۇيقۇدىن ئويغاندىم، تەرەت ئالدىم، ھەزرىتى ئىشان بىلەن ئۈچرىشىش ئۈچۈن تەھەججۇت نامىزى ئوقۇشقا ھەزرىتى ئىشاننىڭ خانىقاسىغا باردىم. تەھەججۇت نامازدىن كېيىن، بامدات نامازدىن ئىلگىرى ھەزرىتى ئىشانغا يەنى خوجا شادى قۇددىسە سىررۇھۇغا تەزىم ۋە ئېكرام

يۈزىسىدىن خەت يازدىم. ئۇ ھەزرەت بىلەن ئۇچراشـ
تىم. ئىشان ھەزرەتلىرى كۆلۈمسىرىگەن ھالدا مۇنداق
دېدى: «خەلىپەم مىرزا پازىل بەگ كەلدى» خوجا سوپى
خەلىپەم (ئۇنىڭغا خۇدانىڭ رەھمىتى بولغاي): «ئارى
مىرزا فازىل بەگ ھەزرىتىم كەلدى. قورقمايمەن
باشلىق كەلمىدى» دېدى.

ھەزرىتى خوجا ۋە خەلىپەلەردىن بۇ كارامەت
ئاشكارا بولدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ كونا ئاددىي قۇلنىڭ
ئاتىسىغا جەزبە يۈز بېرىپ ئىختىيارسىز ھالدا
ھەزرىتى ئىشانىنىڭ پۇتلىرىغا يىقىلىپ يېشىدىن بەيئەت
قىلغان ئىكەن.

ئاتامنىڭ چوڭ ياخشى بىر ئېتى بولۇپ ئۇ ئاتنى
ئابدۇللاخان تونۇيدىكەن. يەكەننىڭ ھاكىمى، خانىنىڭ
ئاتالىقى شاھ مەنسۇر بەگ ئاتقا زوق قىلىپ تەلەپ
قىلغانىدا بەرمىگەن شۇ ئاتنى ئىشان ھەزرەتلىرىگە
چىن مۇھەببىتى بىلەن ھەدىيە قىلغان ئىكەن.

نەقىل كەلتۈرۈلۈشىچە: پولات خان دەپ داڭلانغان
سۇلتان ئەھمەت خان ئابدۇللاخاندىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچـ
راپ قىلىچ خان دەپ داڭلانغان بىر تۇغقىنى سۇلتان
مەھمۇت خانىنىڭ ئالدىغا كەلدى. قىلىچ خان يۈرەكلىك
ھەم باتۇر پادىشاھزادە ئىدى. ئابدۇللاخانغا قارشى
لەشكەر تارتىپ ئاقسۇغا باردى. قىلىچ خانىنىڭ بەزى
ۋەردىيەتلىرى ئۇلۇغ شەرىئەتكە مۇۋاپىق ئەمەس ئىدى.
ھەزرىتى ئىشان فوڭگى خەلىپە لەقەملىك ھاپىز نەسىر
خەلىپە ۋە مىرزا مەزىد بەگ خەلىپىلەرگە «قىلىچ



خانىنى دۇنيادىن يوقىتىپ پولات خانىنى ئۇنىڭ ئورنىغا
تىكلەڭلار» دەپ بۇيرۇق قىلدى. فوڭگى سوپى، خەلىپە
بەگلەر پولات خانىنىڭ قېشىغا بېرىشتى. پولات خان شامال
باغدا ماكان تۇتقان ئىدى. قىلىچ خان ئاتابەكرى مىر-
زانىڭ قورغانىدا ئولتۇراقلاشقان ئىدى. فوڭگى خەلىپە
ۋە خەلىپە بەگلەر پولات خانىنى زىلچىگە ئولتۇرغۇزۇپ
خانلىققا كۆتۈردى. بۇ ئىشلاردىن بىكار بولۇپ بىر
سائەت ئۆتمەيلا قىلىچ خان ئاكىسى پولات خانىنى كۆرگىلى
كەلدى. ئىككى بىر تۇغقان بىر بىساتتا ئولتۇرۇشۇپ
ھەر تەرەپلىمە پاراڭلىشىپ، ياخشى ئارام ئېلىشتى.
قىلىچ خانىنى ئازراق ھاراق كەيپى تۇتتى. شۇنىڭ بىلەن
ئوردىغا كەلدى.

پولات خانىنىڭ ئادەملىرى ناھايىتى قورقۇپ كەتـ
تى. ئۇلاردا «فوڭگى خەلىپە ۋە خەلىپە بەگ دەپ
ئاتىلىۋاتقان مىرزا مەزىت بەگلەر ئۆزلىرىنى ۋەلى
تۇتۇپ قىلىچ خانىنى ئەزىزان ئۇردى، دەپ پولات خانىنى
پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزدى. مانا ھېلى قىلىچ
خان كېلىدۇ. بۇگۈن كېچىدىكى بۇ ۋەقەنى ئاڭلىسا
ئەتە بىزنى ئۇ ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىدۇ.» دېيىشتى.
فوڭگى خەلىپە بىلەن خەلىپە بەگلەر مۇنداق دېدى:
«بىز بۇ ئىشنى ئۆزىمىزچە قىلمىدۇق. ھەزرىتى ئىشانـ
نىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلدۇق، قورقماڭلار! كۈچلۈك.
يۈرەكلىك بولۇڭلار».

شۇ كېچىسى قىلىچ خان ئوردىغا كېلىپ قان قۇـ
سۇپ بۇ دۇنيادىن قايتتى. ئەتىگىنى ئەمەلدارلار ۋە

كاتتىلار ھەزرىتى ئىشانىنىڭ ھۇزۇرىغا كىلىپ سۇلتان
مەھمۇت خانىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى جاكالىدى. ھەز-
رىتى ئىشان ئەمەلدارلار ۋەزىرلەر ۋە چوڭ كىچىكلەر-
نىڭ ھەمراھلىقىدا شامالباغقا بىرىپ سۇلتان ئەھ-
مەت خاننى ئوردىغا ئەپكىلىپ خانلىققا كۆتۈردى. بۇ
كارامەت ھەزرىتى ئىشاندىن يەنى ھەزرىتى خوجامدىن
يۈز بەردى.
ھاپىز ئابدۇراخمان ۋە ھاپىز شەكەر (ئال-لا
ئۇلارنىڭ قەبرىسىنى يورۇق قىلغاي) ئاڭلىشىمچە بۇز-
رۇكۋارىمىنىڭ ھۆرمەتلىك سىر داش كىشىلىرىدىن ئىكەن.
ھەزرىتى ئىشانىنىڭ خىزمىتى ئ-ۈچ-ۈن ماۋرا ئۇننەھ-
رىگە بارغان ئىكەن.
پولاتخان ئىمامى قۇلى خانىنىڭ ئالدىدا ئىدى.
ئىمام قۇلى خان نەزەر بۇرۇت لەقەم قويۇلغان نە-
زەربى نايمانىنى پولاتخان بىلەن بىللە قەشقەر
ۋە يەكەنگە ئىلان قىلدى. نەزەر بۇرۇت 70000 لەش-
كەرنى ئىلىپ قەشقەر ۋە يەكەن تەرەپكە راۋان بو-
لۇپ ئەنجانغا يىتىپ كەلدى. ھەزرىتى ئىشان ئىشەنچ
قىل-غ-ان ئىدى، خوجا سەبى خەلىپە (ئال-لا ئۇنىڭ
قەبرىسىنى خۇش پۇراق قىلغاي) ھەزرىتى خوجامىنىڭ
بىشىدا تۇرۇپ «پولاتخان نەزەر بۇرۇتنىڭ ھەمراھلى-
قىدا بىرىپ قەشقەر يەكەننى ئىلىپ بىزنىڭ ئايال
ۋە پەرزەنتلىرىمىزنى ئۆلتۈرمەكچى، بۇ قانداق ئىش؟»
ھەزرىتى ئىشان ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ 300 دىن
ئارتۇق قوينى سۈرۈپ ئايلاندى ۋە قويلارنى ئۆلتۈ-


«رۈشكە باشلىدى. ھەمدە باشقىلارنىمۇ ئۆلتۈرۈشنى
بۇيرۇدى. ئادەملەرگە تۇتۇقلار، ئۆلتۈرۈڭلار دىدى - يۇ،
خاتىرجەم بولدى. بەش كۈندىن كىيىن «پولاتخان
ئىلىپ بارغان جەڭچىلەر بىلەن ئەنجاندا ئۆلتۈرۈل-
دى» دىگەن خەۋەر كەلدى.
ئىنىقلىنىشىچە: ھەزرىتى ئىشان قوي-لارنى ئۆل-
تۈرگەن كۈنىنىڭ ئۆزىدىلا نەزەربى نايمان ئەنجان-
دىن قايتقان، ھەزرىتى ئىشان-دىن بۇ كارامەت يۈز
بەرگەندىن كىيىن بارل-ىق ئىنكارچىلار قايىل بو-
لۇپ ئىخلاس قىلىدىغان بولۇشتى. ساداقەتلىك ئاشىق-
نىڭ ئىخ-لاسل-ىق كىشىلىرى شۇ مىقداردا ئاياغلاشتى.
ئاللا ھەممىدىن بىلگۈچىدۇر.

## شۇتۇر خەلىپەم (ئاللا ئۇنىڭ سىرىنى پاك قىلغاي)نىڭ ئوغلى خوجا سەيىد مۇھەممەت خەلىپەم توغرىسىدا

ھەزرىتى ئىشان يەنى ھەزرىتى خوجام شادى قۇد-
دىسە سىررۇھۇ 56 ياشقا كىرىپ بۇ پانىي دۇنيادىن
مەڭگۈلۈك ئاخىرەتكە يۆتكەلدى. ئۇلۇغ نىسبىتىنى
خوجا سەپى خەلىپەم دەپ ئاتال-غان خوج-ا سەي-ىد
خەلىپەمگە بۇيرۇق قىلدى. ھەزرىتى ئىشان قەشقەردە
ھەقتائالانىڭ پاناھىغا ئىردىشتى. ئۇ جانابىنىڭ جىنا-
زىسىنى خوجا خەلىپە ئەلەيھىررەھمە ئىلىپ كەلدى،
ئابدۇللاخان بارلىق ۋەزىر، ئەمەلدار ۋە چوڭ-كىچىك

ئادەملىرى بىلەن ئالدىغا چىقتى. خوجا سەپى خەلپە قۇددىسە سىررۇھو تۆگىنىڭ نوختىسىنى تۇتۇپ ئۇ ئۇلۇغنىڭ جىنازىسى تۆگىنىڭ ئۈستىدە بولغاچقا پۇتى يالىڭاياق، يالاڭباش بولۇپ كىيىملىرىنى يىرتىپ ھەزرىتى ئىشان خەلپەمنىڭ بارلىق يارانلىرى ۋە دوستلىرىغا بەيئەت قىلدى، خانمۇ يالىڭاياق بولۇپ خەلپەمگە مۇلاقەت بولۇشتى. خەلپەمنىڭ رۇخستى ئارقىلىق ئۇلاققا مىنىشىپ قايتىپ كېلىپ ئالتۇندا تۇپراق بېشىدا ئولتۇرۇشتى. خەلپەم قاتارلىق ئۇلۇغلار مەرھۇمنىڭ جىنازىسىنى ئالتۇنغا ئېلىپ كېلىشتى.

ئابدۇللاخان (خەلپەمنى ئاللا ئۇنىڭ قەبرىسىنى خۇش پۇراق قىلغاي) ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ قېشىغا دەپنە قىلدى. خوجا سەپى خەلپە شۇ مازارنىڭ بېقىنىغا چوڭ خانىقا سېلىپ 40 كۈن ئېتىكاپتا ئولتۇردى. شۇ چاغدا بارلىق يارانلار گۇرۇھىنىڭ باشلىقى، خەلپەلەرنىڭمۇ خەلپەسى بەلكى: ئۇ ئالىيجاناب مەرھۇمنىڭ ئورۇن باسارى ئاشۇ خوجا سەپى خەلپەم ئىدى.

نەقىل كەلتۈرۈلۈشىچە: خوجا سەپى خەلپەم رامىزانىنىڭ ئاخىرقى ئونىدا ئېتىكاپتا ئولتۇرغان ئىكەن. بۇ كونا ناچار قۇلنىڭ (ئۆزىنى دېمەكچى) ئاتىسى كېسەل بولۇپ قاپتۇ، ئۇنىڭ كېسىلى بەك ئېغىر بولۇپ ئۇزاققا سوزۇلۇپ كېتىپتۇ. ھېچقانداق تاماق سىڭمەيدىغان دەرىجىگە يېتىپتۇ. ئادەتتە كۆكنار ئىچىدىكەن. كۆكنار ئىچىشمۇ كۆڭۈل ئايىنىتىدىغان بوپتۇ. بەزى بەزىدە ھوشىدىن كېتىدىكەن. مېنىڭ



ئاتام مەندىن نان، ئاش، قوي، مېۋىلەرنى ئەۋەتىپ ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلدى. خوجا سەپى ئەلەيھىررەھمە ئاتامنىڭ ھەققىدە دۇئا قىلىپتۇ. تۆت قاچىدىكى ياغنى ماڭا بېرىپ بۇيرۇدىكى: ئەي پەرزەنت! بۇ ياغلارنى ئاتاڭغا بەرگىن! ئۇمۇ بىزنىڭ پەرزەنتىمىز، قورقمىسۇن! ساقىيىدۇ، ئەلۋەتتە. ئەلۋەتتە. خەلپەمنىڭ ئارقىسىدىن ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. كەلسەم ئاتام خۇشال - خۇرام ئولتۇرۇپتۇ.

ئاتام يەنە مۇنداق دەيدۇ: «چۈشۈمدە خەلپەم كېلىپ تومۇرىمنى تۇتۇپ كۆرۈپ: ئەي پەرزەنتىم قورقمىسىلا! ئەلۋەتتە نان يەيلا، ساقىيىلا! دەپ غايىب بولدى.» مەن ئۇ بەرگەن نانلارنى ئەكىلىپ بەردىم، ئۇ نانىنىڭ تۆتتىن بىرىنى يېدى زىيان قىلمىدى. بەلكى داۋا بولدى. ئۇ تۆت نانىنى 10 كۈن يەپ پۈتۈنلەي ساقىيىپ ئورنىدىن قوپتى. بۇ بولسا خەلپەمنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى بولغان كارامەتلىرىنىڭ بىرى ئىدى.

نەقىل كەلتۈرۈلۈشىچە: خان ئۇنىڭغا شۇنداق مايىللىق قىلاتتىكى، خوجا مۇھەممەت يۈسۈپ خوجا (ئاللا ئۇنىڭغا رەھىم قىلغاي!) قەشقەردىن يەكەنگە كەلدى. خەلپەم ئىككىلا مەخدۇمزادىلارنى ئۆشنىسىگە ئېلىپ، ئابدۇللا خاننىڭ قېشىغا ئەكىلىپ، مەلۇم قىلدىكى: «ھەزرىتى مۇھەممەت خان بىلەن ئابدۇرېشىم خاننىڭ زامانىسىدىن تا ھازىرغا قەدەر مەملىكەت چوڭ ھەزرىتى ئەزىزانغا موھتاج بولۇپ كەلمەكتە. سى-

لە خوجا شادى خوجام (ئاللا ئۇنىڭ روھىنى پاك قىلى-
غاي!)دىن ئىبارەت كىچىك ھەزرىتى ئەزىزانغا مۇرىت
بولۇپ ھاجەتنى ھەزرىتى مۇھەممەت خان ۋە ئابدۇرېھىم
خانلاردىن ئۆتكۈزۈپ بەلكى نەچچە ھەسسە قىلى-
ۋەتتى (؟) ھازىر يات بەلكى بىر ئوغرى كېلىپ تە-
سەررۇپ قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. خان: «ئۆزلىرىنىڭ بەل-
كىم ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك خەلىپىلىرى. مەخدۇمزا-
دىلەرنى كىچىك كۆرۈپ ئۇلارنىڭ مىراسلىرىنى بۇ-
لۇۋالماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئىختىيار ئۆزلىرىنىڭ قولىدا»
دېدى. ئابدۇللاخان باغرى يۇمشاقلىق قىلىپ خەلى-
پەمگە قول بېرىپ مۇنداق دېدى: «ئەي خەلىپەم!
ئەزىزانىنىڭ ئورنىدا بىزنىڭ پىرىمىز ۋە يولباشچى-
مىز ئۆزلىرى. باشقا ھېچكىمگە ھاجىتىمىزنى چۈشۈرمەي-
مىز.» ئابدۇللاخان خوجا مۇھەممەت يۈسۈپ خوجىغا
بويسۇنمىدى. خان مۇرىت ۋە ئېتىقادچى بولمىغاچقا
يەكەننىڭ بارلىق ئادەملىرى بويسۇنمىدى. مىرئابدۇللا
بەگ يەكەننىڭ نىقىپىسى ئىدى.

ئىناۋەتلىك بىر ئادەم خوجا مۇھەممەت سىددىق
خەلىپىگە مۇنداق دېدى: كۆڭلۈم خوجا خوجا مۇھەم-
مەت يۈسۈپ خوجا ئەلەيھىررەھمىگە قول بېرىشنى
تارتىۋاتىدۇ. ئۆزلىرىمۇ ھەمراھ بولسىلا! ئۆزلىرىنىڭ
ئاتىلىرىمۇ خوجا سەپى خەلىپە ئەلەيھىررەھمىگە يات
كەلمەيدۇ. تەھەججۇت نامازغا ھازىر بولايلى! ناماز
بامداتتا خوجا بىلەن مولاقەت بولۇشۇپ مۇرىت بو-
لايلى!» خوجا مۇھەممەت سىددىق خەلىپە ئەلەيھىررەھ-



مە مۇنداق دېدى: «سىلەرنىڭ ئىختىيارلىرىنى قول-
لاش كېرەك.» مۇھەممەت سىددىق خوجا يېرىم كېچىدە
قوپۇپ تەرەت ئېلىپ ئولتۇردى. تەھەججۇت ۋاق-
تى بولدى. مۇھەممەت سىددىق خەلىپە (ئاللا
ئۇنىڭ قەبرىسىنى خۇش پۇراق قىلغاي!) تەھەج-
جۇت نامىزىنى ئوقۇدى. مىرئابدۇللا بەگنىڭ كېلى-
شىگە ئىنتىزار بولدى. مىرئابدۇللا خوجا بامداتقىمۇ
كەلمىدى. بامداتنى خانىقادا ئوقۇدى. ۋىردىلار تۈ-
گەپ ياسىن ئوقۇلۇۋاتاتتى، مىرئابدۇللا خوجا كەلدى.
مىرئابدۇللا خوجا ئۇ چاغدا چوڭ، ئۇلۇغ كىشى بولسى-
مۇ تېخى ئەمىر بولمىغان ئىدى. تەكلىپ قىلدى.
مۇھەممەت سىددىق خەلىپە (ئاللا ئۇنىڭ گۆرىنى نۇر-
لۇق قىلغاي!)

مىرئابدۇللا بەگنىڭ ئۆيىگە كىردى. مىرئابدۇللا
بەگ ھەزرىتى خوجا مۇھەممەت يۈسۈپ خوجىغا ھا-
جەت بېكىتكەن ئىدى. مۇھەممەت سىددىق خەلىپەگە
تەسلىم بولۇپ، مۇنداق دېدى: «سىلىنىڭ دادىلىرى
خوجا سەپى خەلىپەم بۇ يەردە يوق. توققۇز كەنتكە
كەتتى. سىلىگە بىر ئامانەت بېرەي، ئامانەتنى خە-
لىپەم (قۇددىسە سىررۇھوغا) يەتكۈزسىلە!» خەلىپەم
ئىنچىكىلەپ سوراشقا باشلىدى. مىرئابدۇللا بەگ جاۋاب
بېرىپ مۇنداق دېدى: «بىر چۈش كۆردۈم. چۈشۈم-
دە بىر شەخس تۇۋلاپ مۇنداق دېدى: خوجا سەپى
خەلىپە ئەلەيھىررەھمە خوجا مۇھەممەت يۈسۈپ
خوجا بىلەن چېلىشىۋاتىدۇ. ھازىر بولۇڭلار!، باشتىن-

ئاخىر ئادەملەر قاپاق ئاتقۇغا يىغىلىشتى. شەھەر تەرەپتىن خوجا سەپى خەلپە چىقتى. ھەر ئىككى مەخدۇمزادە خوجامنى ئۈشىنىسگە ئېلىپ تولۇپ- تاشقان ئىززەت ھۆرمەت بىلەن چەرمىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزدى ۋە دېدى: «ئەي ئۇلۇغلار! مۇشۇ يەردە بىر سائەت تۇرۇڭلار! سىلەرنىڭ مىراسىڭلارنى بىر شەخس تەسەررۇپ قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىمەن» دەپ پەشلىرىنى قىستۇرۇپ بىر - بىرى بىلەن مۇقابىل بولۇشتى. دەسلەپتە خەلپەم خوجىنى كۆتۈرۈپ يەرگە ئاتتى. خوجىنىڭ بېشى يەرگە پېتىپ كەتتى. ئوڭ ۋە سولىدىن غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى». ئويغانسام چۈشۈم ئىكەن.

بۇ نىيىتىمدىن يېنىپ ئۇلار تەرەپكە ئادەم ئەۋەتتىم.

نەقىل كەلتۈرۈلۈشىچە: خوجا سەپى خەلپە قوددىسە سىررۇھۇ ھەزرىتى ئەزىزان خوجا شادى (ئاللا ئۇ كىشىنىڭ روھىنى پاك قىلغاي ھەم رەھمىتىگە چۆمدۈرگەي)نىڭ يارانلىرى ئىچىدە ئەڭ ئالىم ھەم ئۇلۇغ كىشى ئىدى. ئۇ مۇنداق دەيتتى: «مەن قوبۇل ئىگىسىمەن. چوڭ ھەزرىتى ئەزىزاننى كۆرگەنمەن. ئۇ ئۇلۇغ جانابنىڭ قولىدىن تاماق يېگەنمەن. ئۇ زات مېنىڭ ئاتامغا كۆڭۈل بۆلۈپ مۇنداق دېگەن: ئەي ئاپئاق! سېنىڭ بۇ ئوغلۇڭ بىر ئادەم بولىدۇ. ياخشى



تەربىيىلىگىن!» شۇنىڭ بىلەن خەلپەمنىڭ ئانىسى بىبى ئاپئاق ئۇنى ياخشى تەربىيىلىگەن. بۇ بىبى شۇتۇر خەلپە (ياتىدىغان يېرى مۇنەۋۋەر بولغاي)نىڭ ئايالى شىردەك ئايال ئىدى. ئۇ ھەزرىتى ئەزىزانغا لايىقىدا خىزمەت قىلىپ مەقسىتىگە يەتكەن. خوجا سەپى خەلپەنىڭ سەككىز ئوغلى بار ئىدى. بىر تۇغقىنى شىھىت خوجانىڭ بولسا بەش ئوغلى بار ئىدى. ھەممىسى دېگۈدەك ئالاھىدە، قابىل ئىدى. خەلپە ئەلەيھىررەھمەنىڭ تۆت ئوغلى خەلپەمدىن بۇرۇن ۋاپات بولۇپ كەتكەن. تۆت ئوغلى ئۆزىدىن كېيىن قالدى. ئۇلار: بىرىنچى مۇھەممەت سىدىق خوجا، ئىككىنچى سوپى خوجا دەپ ئاتالغان ئوسمان خوجا، ئۈچىنچى ئىبراھىم خوجا، تۆتىنچى ئاپئاق خوجا.

خەلپەم ئادەمگەرچىلىكى بار شەۋق ھەم زوقلۇق كىشى ئىدى. كەمبەغەللەرگە كۆيۈنەتتى. زۇلۇم بار يەرگە بېرىپ، بىچارىلەرنى قۇتۇلدۇراتتى. كېچە - كۈندۈز كەمبەغەللەرنىڭ غېمىنى يەيتتى. ئۇ كىشىنىڭ سۆزىنى ھېچكىم رەت قىلمايتتى. بەلكى جان دىلى بىلەن ئورۇنلايتتى.

خوجا شىھىتنىڭ ئوغۇللىرى: بىرىنچى قەدىر خوجا، ئىككىنچى تاھىر خوجا، ئۈچىنچى ئاقىل خوجا، تۆتىنچى قابىل خوجا، بەشىنچى يادىكار خوجىلاردىن ئىبارەت.

خوجا شىھىتمۇ قابىل، پازىل كىشى ئىدى. خەلپەم قوددىسە سىررۇھۇ بۇ پەس دۇنيادىن كۆچتى.

(ۋاپات بولدى) ئۇ 74 ياشقا كىرگەن ئىدى. چوڭ ئوغلى مۇھەممەت سىددىق خوجىنى ئۆز ئورنىغا تىكلەپ ئۇچۇق ئېيتتىكى: «خوجام پادىشاھ بولدى» بىزنىڭچە، خوجادىن قالسا مۇھەممەت سىددىق خوجا قابىلىيەتلىك، ئەزىزان بىلىدۇ، خەلىپەمنىڭ ماتەم مۇراسىمىدا تەخمىنەن 40000 دەك ئادەم يىغىلغان ئىدى. يەكەندىكى ھەرقانچە ئۇلۇغ، كاتتىلارنىڭ نامىزىغىمۇ بۇنىڭدىن ئارتۇق ئادەم يىغىلمىغان.

مۇھەممەت سىددىق خەلىپە ئادەم تونۇيدىغان كىچىك كۆڭۈل ھەم پازىل كىشى ئىدى. قانداقلا ئادەم بولسا كىچىك كۆڭۈللۈك بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. ياشلىق ۋە ھايانىڭ مەنبەسى ئىدى. شۇتۇر خەلىپە (ئۇنىڭغا خۇدانىڭ رەھمىتى بولغاي!)نىڭ بالىلىرىنىڭ چىراغى بەلكى شۇ ئەسىردىكى بارلىق خەلىپەلەرنىڭ باش ھالقىسى ئىدى. ئۇ بۇ پەس دۇنيانىڭ گېپىنى ئاغزىغىمۇ ئالمايتتى. دۇنيا ئۇ كىشىنىڭ نەزىرىدە قىلچىلىكمۇ قەدىرسىز بىر نەرسە ئىدى. شېئىرنى ياخشى ئېيتاتتى. ئۇ زاتنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە ئىلاھىدىلىكى كۆپ بولسىمۇ قىسقارتىلدى. ئۇ زات 57 يىل ياشىدى.

ئاللا ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.

## دوستى خۇدا ھەزرەتلىرى توغرىسىدىكى مەلۇماتتىن بىر پۇراق

خىزمەتى خوجا مۇھەممەت ئابدۇللا (ئاللا ئۇنىڭ



روھىنى پاك قىلغاي!) ھەزرىتى خوجام پادىشاھ دەپ ئاتالغان بولۇپ ئۇ كىشى ھەزرىتى ئەزىزانىنىڭ چوڭ پەرزەنتى. يەنى خوجا شادى (ئاللا ئۇنىڭ سىررىنى پاك قىلغاي!) بۇ قوللانمىدا ھەزرىتى ئىشان دەپ يېزىلغان. ئۇ زاتنىڭ كىچىك پەرزەنتى مەجزۇپ بىلەن ئانا بىر تۇغقان ئىدى. ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلار بىر مەزگىل ئاشكارا بولدى. پەس دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ئىگىلىرى ئۇ زاتنىڭ نەزىرىدە قىلچىمۇ ئەتىۋارى يوق ئىدى. قانداقلا ئادەم بۇ كىشىنى يوقلاپ كەلسە قۇرئان ئوقۇشقا بۇيرۇيتتى. سالاھىيەتلىك كىشى ئىدى. ياشلىرى 27 گە يەتكەن ئىدى. بۇ پانىي ياتاقتىن مەڭگۈلۈك سارايغا يۆتكەلدى (ۋاپات بولۇپ كەتتى). ئالتۇندا ئۇلۇغ ئاتىسىنىڭ مازىرىنىڭ بېقىنىدا دەپنە قىلىندى.

نەقىل كەلتۈرۈلۈشىچە، بۇ رىسالەنى يازغۇچى ئۆز كۆزى بىلەن جەزمەن كۆرگەنكى: يولۋاس خاننىڭ شاھزادە ماھىم ئاتلىق بىر ھامىمىسى (ئانىسىنىڭ سىڭلىسى) بولۇپ ئۇ مىرزا ئوبۇلھادى مىكرىتنىڭ قىزى ۋە مىرزا يەئقۇپ جوراسنىڭ خوتۇنى ئىكەن، يەئقۇپ بەگ ئۇنى تالاق قىلىۋېتىپتۇ.

يولۋاس خان تەرىقەتتە ئاپئاق خوجىغا قاراشلىق بولۇپ ئاپئاق خوجىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن، ئۇردىدىن خان بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ ئۇرئامان دوغىنى يەكەنگە ئەۋەتىپتۇ ۋە ھەزرىتى خوجام پادىشاھنى تەكلىپ قىلىپ ئاقسۇدىن يەكەنگە كەپتۇ. ھەمدە ئۇردىدىن خاننىڭ مۇ-

ھەببەت قوزغىتارلىق خەۋەرلىرىنى ئۇ ھەزرەت جاناب-
لىرىغا يەتكۈزۈپتۇ. ھەزرىتى خوجام قۇددىسە سىررۇھۇ
ئۇرتامان دوغىنى قالاۋۇز (يولباشچى) قىلىپ يەكەن شەھىرى-
دىن ئاقسۇ ناھىيىسىگە كەپتۇ. ئاقسۇ شەھىرىگە يېقىن
قالغاندا نۇرىدىن خان بارلىق چوڭ-كىچىك باشلىق ۋە-
زىرلىرى بىلەن قارشى ئېلىشقا چىقىپتۇ. خان ۋە باش-
قا يۇقىرى-تۆۋەن كىشىلەر خوجام ھەزرەتلىرىنىڭ دى-
دارىنى كۆرۈشكە مۇشەررەپ بولۇپتۇ. تولۇپ-تاشقان
ئىززەت ھۆرمەت بىلەن ئاقسۇ شەھىرىگە ئەكىرىپتۇ.
نۇرىدىن خان قولىچىلىق ھەققىنى ئۆز لايىقىدا ئورۇنلاپ-
تۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ خەۋەر يولۋاس خاننىڭ قۇلىقىغا
ئاڭلىنىپ ئۇنىڭ چىدىماسلىقى قوزغىلىپ كېتىپ غە-
زەپ ئوتى يالقۇنلىنىشقا باشلىدى. ئۇرتامان يەنە يە-
كەنگە كەلگەن ئىدى، ئۇنى ئاقسۇ يولىدىن تۇتۇپ
قەشقەرگە ئەپكەلدى. يولۋاس خان چىدىماسلىق يۈزىسى-
دىن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇ ئەھۋال ھەزرىتى خوجام
پادىشاھقا ئېغىر كېلىپ شۇنىڭ كاساپىتىدىن يولۋاس
خانغا بىر بۆلۈك ئەھۋاللار يۈز بەردى.

بۇنىڭ تەپسىلىي مۇنداق: ئاتا-بالا ئوتتۇرىسىدا
يەنى يولۋاس خان بىلەن ئابدۇللاخان ئوتتۇرىسىدا زىد-
دىيەت پەيدا بولۇپ قالدى. يولۋاس خان شىجائەتلىك،
پەم-پاراستى ئارتۇق بىر ئادەم ئىدى. ھىممىتى
چوڭ ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ مېڭىسىگە ئازراق نۇقسان
يېتىپ ئاتتىن يىقىلىپ كالامپاي دەسسەيدىغان بو-
لۇپ قالدى. جىنايەتسىز كىشىلەرنىمۇ رەنجىتتى. ئېغىل



ئادەملەرنى خارلىققا سالدى. پات-پات ئەھۋالى ئۆز-
گىرىپ تۇراتتى، بەكمۇ يۈرەكلىك ھەم سارالڭ مىجەز
پادىشاھزادە ئىدى. يەكەن مەملىكىتىنى ئاتىسىدىن
ئېلىپ تەسەررۇپ قىلدى. ئابدۇللاخان بەدەر كەتتى،
ئابدۇللاخاننىڭ ئەمەلدارلىرىغا ھەر كۈنى «ئابدۇللا-
خان قورقۇپ مەملىكەتتىن بەدەر كەتتى» دېگەن مەز-
مۇندا خەت ئەۋەتتى. خان بۇ ھىيلىدىن ئاگاھلىنىپ
نۇرىدىن خان بىلەن ھەزرىتى خوجامغا ئادەم ئەۋەتتى.
يولۋاس خاننىڭ قىزى ئېيىشىمخاننىڭ قىزىدىن تۇغۇل-
غان بولۇپ خانزادە خېنىم دەپ ئاتىلاتتى. كۈن تە-
لەتلىك، ئاي ماھىيەتلىك بۇ خېنىمنى يەكەنلىكلەرگە
بېرىۋېتىپ باي قاپاق دېگەن يەردە شېھىت قىلىۋەت-
تى. ئاخۇن موللا مۇھەممەت ئىمىن زېھنى خاننى بۇ سەت
ئىشتىن توسۇپ خاننى مولزەم قىلدى. خان يىغلاپ
تۇرۇپ «مېنى يولۋاس خانغا تۇتۇپ بەرسىلە!» دېدى.
ئاخۇن ئەلەيھىر رەھمە قەسەم بىلەن خاننى خاتىر-
جەم قىلدى. خانزادە خېنىمنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. خوتەنگە
ئادەم ئەۋەتىپ يولۋاس خاننىڭ چوڭ ئوغلى ئوبەيدۇللا
سۇلتانىنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

ھەزرىتى خوجام پادىشاھ نۇرىدىن خاننىڭ ھەم-
راھلىقىدا ئاقسۇدىن يەكەنگە كەلدى. يولۋاس خان ئۇ
تەرەپتىن قالماق تەرەپكە قېچىپ باردى. بۇ بولسىمۇ
ئانىسى ھەزرەت خوجامنىڭ كارامەتلىرىدىن ئىدى.

### قوشاق

ئادەم دىلى ھەق نامىنى تاشلىمىسا،

ئۇ كىشىنى ھەرگىز رەسۋا قىلماس خۇدا.

نەقىل كەلتۈرۈلۈشىچە: بۇ رىسالەنى يازغۇچى شۇنداق كۆرۈپتۇكى، ئابدۇللاخان يەكەندىن يولدۇز تەرەپكە يەلداك تېجىنىڭ بىر تۇغقىنى سەمەرگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. خان خوجام پادىشاھنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاقسۇغا يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردىن خان بىلەن ھەزرىتى ئەزىزان ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى، ئۇ يەردىن خان يولباشچى بولۇپ يولدۇزغا يېتىپ كېلىپ سەمەرگە ھۇجۇم قىلدى. ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا بولۇپ يولدۇزدىن جالىش تەرەپكە يولغا چىقتى. ئابدۇللاخان ھەر كۈنى قاتتىق سىياسەت يۈرگۈزۈۋېرىپ ھەزرىتى خوجامنىڭ مۇبارەك مەجلىسىگە قاتناشتىم. بىر ئادەم كېلىپ ئۇ جانابى ھەزرەتكە: «خان يېنىپ تەھدىت سېلىۋاتىدۇ. مەخدۇمزادەنىڭ ئادەملىرى ئاز كەلگەن. بۇلارنىڭ بەزىلىرى كېلىپ داۋاندىنلا قايتىپ كەتكەن. بەزىلىرىنى بولسا بۇلاڭ-تالاڭ قىلىمىز. بەزىلىرىنى بولسا كانايدىن ئاسىمىز. بولۇپمۇ خوجا پولات خەلىپە ۋە ئۇنىڭ بىر تۇغقانلىرى كۈچاردا قالغان. پۈتۈن جاھانغا ئىبرەت بولغۇدەك ئىش قىلىمىز»—دېدى.

ھەزرىتى جاناب ئاچچىقلىنىپ: «بۇ ئادەملەر بىگۇناھ، زۆرۈرەت جەھەتتىن كۆيىمىڭ داۋىنىدىن ئۆتمىگەن. ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتائالا ئۇ بىچارىلەرنىڭ



ھالىدىن خەۋەردار. خان ئۇلارنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ. ئۇلار ئەلۋەتتە خاننىڭ قولىدىن قۇتۇلىدۇ. خۇدايىم بۇيرۇسا، قىيىن ئىش ئالدىمىزدا...» دېدى.

مۇشۇ گەپ-سۆزلەر بولۇپ يەتتە كۈن ئۆتمەيلا خان قالماق لەشكەرلىرىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ قاتتىق بىئارامچىلىق يۈز بەردى. چوڭ - چوڭ ئەمەلدارلار مەسىلەن، مۇھەممەت مۆمىن سۇلتان يەكەننىڭ ھاكىمى ۋە خاننىڭ ئاتالىقى. پولات بەگ، ئەرەب بەگ ئەبولخەيرى سۇلتان، نايناق سۇلتان، سەنجىر سۇلتان، ئابدىراخمان بەگلەر شېھىت بولدى. شۇنىڭ بىلەن لەشكەرلەر تارقاپ كەتتى. خان ئۆز بىلەنلا قالدى. ھەزرىتى خوجام خانغا كۆڭۈل بېرىپ كۈچارنىڭ قورغانىغا يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن يەكەن، خوتەننىڭ ئادەملىرى خاننىڭ غەزىپىنىڭ قالدۇقلىرىدىن قۇتۇلدى.

نەقىل كەلتۈرۈلۈشىچە: ئابدۇللاخان يەكەن مەملىكىتىدىن مەككە مۇئەززەمە ۋە مەدىنە مۇنەۋۋەرە تەرەپكە راۋان بولدى. ھەزرىتى ئەزىزان ئاقسۇ تەرەپكە كەتتى. مىرزا ھەيدەر بەگ، قاسىم بەگ، مىرزا شىرىدىل، مىرزا ھاكىم ھەممە مۇنۇ ئەسەرنىڭ يازغۇچىسى ۋە باشقا بىر بۆلۈك كىشىلەر ئانھەزرەتنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاقسۇغا كەتتى. چوڭ - كىچىك، يۇقىرى - تۆۋەن ھەممىسى ئاقسۇ مەملىكىتىدىن قارشى ئېلىشقا چىقىشتى.

ئەلقىسسە ئۇلار ئاقسۇ شەھىرىدە ۋەتەن تۇتۇپ قالدى. جۈمە كېچىلىرىدىن بىر كېچىدە بۇ رىسالەنى

ياغۇچى تەرەت ئېلىپ ھەزرىتى ئەزىزانغا تەۋەججۇھ قىلىپ (تېۋىنىپ) ئۇخلىدىم. مىرزا ھەكىم شېھىتلىك دەرىجىسىگە يەتكەن ئىدى. ئۇنى ۋە مىرزاتىنى بەگ بېكچىكنى كۆپچىلىك ئوتتۇرىسىدا كۆردۈم، ئولتۇرۇپتۇ. مەن ھەر كىشىنى كۆردۈم لېكىن مەجلىسنىڭ تۆرىگە يېتەلمىدىم. بىر شەخس ئېيتتى: «ئاخۇندىن خوجا ياردەمچى» ھەزرىتى ئاخۇننى كۆرمىگەن ئىدىم، تىقمىچىلىق ئارىسىدا ھەيران بولۇپ ئولتۇرغان ئىدىم، بىر جىنازىنى نامىزىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئەپكەلدى. تېخىچە نامازغا ئىمام بېكىتىلمىگەن ئىدى. ھەزرىتى خوجام پادىشاھ كېلىپ ئۇنىڭ ئىماملىقىغا ئۆتتى، ئاخۇندى خوجا ۋە بارلىق ئادەملەر ئىقتىدا قىلدى، جىنازا نامىزى ئوقۇلۇپ بولدى.

تولۇپ-تاشقان ئىززەت ھۆرمەت بىلەن ئاخۇندى خوجادىن سورىدىم: «بۇ كىمنىڭ جىنازىسى بولىدۇ؟» ھەزرىتى ئاخۇن: «بۇ يولۋاس خاننىڭ جىنازىسى. ئۇنىڭ نامىزىنى ئوقۇدۇق.» دېدى. شۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈمگە بىر خۇشاللىق پەيدا بولدى. جىنازىنى كۆتۈرۈشتى، ئويغانسام چۈشۈم ئىكەن. كۆڭلۈمگە بىر خىل خۇشلۇق ۋە ھالاۋەت پەيدا بولدى. بامدات نامىزىدىن كېيىن ھەزرىتى ئەزىزاننىڭ خىزمىتىگە ئالدىرىدىم. بارسام ھەزرىتى ئەزىزان كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ بىز تەرەپكە ئىلتىپات قىلدى ھەم مۇنداق دېدى: «مىرزا شاھ مەھمۇت تۈنۈگۈن كېچە يولۋاس خاننىڭ جىنازىسىغا ناماز چۈشۈرگەندۇر» ئۇ يەردە ئاخۇندى موللا



مىر شىرىپ ۋە غوزەنپىر بەگلەرمۇ بار ئىدى. مىرزا غوزەنپىر: «شاھ مەھمۇت بەگ ئالىم كىشىدۇر، ئۇنىڭ چۈشى راست كېلىدۇ» دېدى. ھەزرىتى ئەزىزان: «ئەي مىرزا غوزەنپىر مىرزا شاھ مەھمۇت راست گەپ قىلىدىغان ياخشى ئەخلاقلىق كىشى، ئۇ بىر چۈش كۆرۈپتۇ، كۆرگەن چۈشىنى ماڭا باشتىن-ئاخىر ئېيتىپ بەردى. لېكىن ئۆزىنىڭ يولۋاس خاننىڭ جىنازىسىنىڭ نامىزىغا ئىمامەتچىلىك قىلغىنىنى ئاشكارىلىمىدى.» دېدى، داۋام قىلىپ يەنە مۇنداق دېدى: «بىر ئۇلۇغ كىشى ئۇنىڭ جىنازىسىغا ناماز چۈشۈردى. مەن بۇ چۈشنى ھېچكىمگە پاش قىلمىدىم. باغرىم ئېرىپ قالدى. شۇڭا مېنى يىغا بېسىۋالدى. ماڭا، سىرنى ئاشكارا قىلما، دەپ ئىشارەت قىلدى. دەرھاللا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم.»

بۇ ۋەقەدىن 49 كۈن ئۆتۈپ خۇدابەردى كېرەك ياراغ كەلدى. ھەمدە يولۋاس خاننىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى يەتكۈزدى. ئاندىن كېيىن قالغانلار كېلىپ تەكلىپ قىلدى. ئىسمايىل خان ھەزرىتى خوجام پادىشاھنىڭ ھەمراھلىقىدا يەكەن تەرەپكە قوزغالدى. خان ھەزرىتى خوجامنىڭ ياردىمى بىلەن ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ تەختىگە ئولتۇردى. خوجام پادىشاھ ئاندىن تۇغۇلما ئەۋلىيا ئىدى. دۇنيا ئىشىغا ھەرگىزمۇ كۆڭۈل بەرمەيتتى. دۇنيانىڭ موللىلىرىنىڭ ئۇ كىشىنىڭ ئالدىدا قىلچىمۇ ئەتىۋارى يوق ئىدى. ئالىي دەرىجىلىك ئاتمۇ ئۇ كىشىنىڭ كۆزىگە ئوغلاقچىلىك كۆرۈنمەيتتى. كېچىنى

يورۇتۇۋېتىدىغان گۆھەرمۇ ئۇ كىشىنىڭ ئالدىدا ئېشەك مۇنچاقچىلىكمۇ قەدىر قىممىتى يوق ئىدى. ئەگەر ئۇ زاتنىڭ كارامەتلىرى، ھېممەتلىرى، ئەقىل پاراسەتلىرى ۋە ئادەمگەرچىلىكلىرىنى دېگىلى تۇرسام ئالاھىدە بىر پارچە كىتاب بولۇپ قالىدۇ. لېكىن قىسقارتىلدى.

بۇ زات تارىخنىڭ 1049 - يىلىدا ئالەمدىن ئۆتتى. 47 ياش ئۆمۈر كۆردى. بۇ نۇسخىنى يازغۇچى (ئۆزىنى دېمەكچى) بەشەرى سانى ۋاگو تارىخنى تاپتى؟ بۇ ئۇلۇغنىڭ ماتەم مۇراسىمىدا مۇنۇ قوشاقنى يازغان:

پەلەكنىڭ قولىدىن مىڭ پەريات ئۇرغىن،
غەمكىن دىلىڭغا كەمەر باغلا يەشمىگىن.
زامانە يۈرەككە ھىلاكەتلىك داغنى قويدى؟
ئاھ... يەنە بىر داغنى ئۇ قاغىنىڭ بېشىغا قويسۇن!

## ھەزرىتى دانىيال خوجا توغرىسىدا ئاخىرقى مەلۇمات

ھەزرىتى خوجام پادىشاھنىڭ پەرزەنتلىرى تۆت بىر تۇغقان ئىدى. سائادەتمەن ئۈچ ئوغلى بىر ئانىدىن ئىدى. بۇلاردىن كىچىك ئىككىسى ھىندىستاندا ۋاپات بولۇپ كەتكەن. چوڭ ئاكىسى خوجا شۇئەيىپ خوجا ئىدى. ھەزرىتى ئەزىزان ھىندىستاندا ۋاپات تاپتى. ھەزرىتى ئەزىزانىڭ مۆھتەرەم ئايالى ھەزرى-



تى ئاغىچا دەپ ئاتىلاتتى.

ھەزرىتى ئەزىزانىڭ ئۇلۇغ جىنازىسىنى مەخدۇمزادىلار بىلەن سۇلايمان خوجانىڭ مەسلىھەتى بويىچە ھىندىستاندىن ئېلىپ ماۋرا ئۇننەھرى تەرەپكە راۋان بولۇشتى. ھەزرىتى خوجا شۇئەيىپ خوجام، ھەزرىتى دانىيال خوجا ۋە ئاغىچا ۋە سۇلايمان خوجىلارغا قارشىلىق كۆرسىتىپ يەكەن تەرەپكە قوزغالدى.

ھەزرىتى خوجام ۋە ئاغىچالار توستى. ئۇلار ئۇنىماي يەكەنگە كەلدى. ئۇلارنىڭ خەۋىرى شەھەرگە يېتىپ كېلىش بىلەن ئاپئاق خوجا ئادەمگەرچىلىك كۆزىگە توپا تىقىپ ئادەم ئەۋەتىپ ئۇ ئېسىل ۋە پازىل خوجىنى ئۆلتۈردى (شېھىت قىلدى). بۇ ئالامچى پەلەك بىر ياش يىگىتكە رەھىم قىلمىدى، شۇنىدىن باشلاپ قان تۆكۈش مەيدانىغا چىقتى. ئۇلۇغ شەرىئەتنىڭ ئىشى بىكارچى بولۇپ قالدى. لېكىن مۇھەممەت سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ مۆجىزىلىرى ئۇلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتتى. ئەھۋال تاقىيامەتكىچە شۇ تەرزدە بولىدۇ. ھەرقانداق بىر بەتبەخت پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى ۋە مىللىتىنى ئاياغ ئاستى قىلماقچى بولىدىكەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۆجىزىسى جەھەننەمنىڭ تېگىگە موللاق ئەتكۈزۈۋېتىدۇ.

نەقىل كەلتۈرۈلۈشىچە: بۇ كىتابنى يازغۇچى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنكى موغۇل مەملىكىتى تا قۇمۇلغىچە ۋە تۇرپان، جالىش، كۇچار، ئاقسۇ، قەش-

قەر، يېڭىسار تاكى بەدەخشان ۋە يەكەنلەرگىچە قاراشلىق ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە خوتەن، لوپلارغىچىلىك ھەزرىتى ئەزىزانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولۇپ 140 يىلغا يېقىن ھېچكىمگە غەلە-پاراق تۆلىمىدى. خوجام پادىشاھىنىڭ خېتى يېتىپ كەلدى. ئاق باش خانغا بەختى يار يۆلەك بولمىدى. ھەزرىتى ئەزىزانىنى ياقتۇرماسلىق تۈپەيلىدىن قىرغىزلارنىڭ قولىغا گىرىپتار بولدى.

ئۇ ھەقنى تونۇمايدىغانلار ئاقباش خاننى ئۆلتۈردى. تۇرپاننىڭ كۆپىنچە ئادەملىرىنى كېچىكتۈرۈپ قويدى.

## يەكەنگە قىرغىز لەشكەرلىرىنىڭ ئىككىنچى قېتىم كېلىپ قورشىغىنى، ھەزرىتى خوجامنىڭ ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇپ نەتىجىدە ئۇ ئەبلەخلەرنىڭ مەغلۇپ بولۇپ قاچقىنى

ھەزرىتى دانىيال خوجام (پادىشاھلىقى مەڭگۈلۈك بولغاي!) ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ۋە يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئاتىسىنىڭ پايتەختىگە ئولتۇردى. بەزى پىتنىخورلار دانىيال خوجىغا سۇيىقەست قىلماقچى بولدى. ھەزرىتى خوجام ئۇلارنىڭ ھىيلە مىكىر قىلىشىنى تونۇيۇپ قېلىپ شۇنىڭ بىلەن ئۇ گۇرۇھ ئۆزىنىڭ ھىيلە مىكىرىدىن ئۆزى تەسىرلىنىپ ئىسيانچى ۋە مور-



تەد بولۇپ چىقتى.

قىرغىز ئەمەلدارلىرىدىن: ئارزۇ مۇھەممەت بەگ، قوش قولاق بەگ، خوجام يار بەگ ۋە باشقىلار لەشكەر توپلاپ قەشقەر، يېڭىسارلارنىڭ ئادەملىرىنى ئېلىپ كېلىپ يەكەننى مۇھاسىرە قىلدى.

نەقىل كەلتۈرۈلۈشىچە: مۇھەممەت خان (قۇددىسە سىررۇھۇ) پادىشاھلىق تەختىگە ئورۇنلاشتى. شاھ ھەيدەر مۇھەممەت سۇلتان ئابدۇكېرىم خاننىڭ ئوغلى ئىدى. مۇھەممەت خان ئۇنى خوتەنگە ئەۋەتتى، مىرزا مۇھەممەت يەئقۇپ بەگنى ئاتالىق قىلدى. ئابدۇللا خان ئۆزبېك ئابدۇكېرىم خانغا دوست ئىدى. مۇھەممەت خانغا قارشىلىق كۆرسىتىپ مۇھەممەت خانغا قارشى قەشقەر، يەكەن تەرەپكە لەشكەر ئەۋەتتى. خوجام قولى قوشبېگى ئاتلىق بىر كىشىنى لەشكەر باشلىقى قىلدى. مۇڭغۇل مەملىكىتىنى مۇھەممەت خان ھەزرىتى ئەزىزانىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئۆزبېك لەشكىرىنىڭ قولىدىن ساق سالامەت ئېلىپ قالدى. ئۆزبېك لەشكىرى موڭغۇل لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىن قىسمىدا ھەزرىتى ئەزىزانىنى كۆرۈپ جەڭ قىلىۋاتاتتى. ئۆزبېكلەر ئابدۇللا خان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇمۆمىن خانغا مەلۇم قىلدى. ئابدۇمۆمىن خان بىر سارالىڭ مىجەز ئادەم ئىدى، ھەزرىتى ئەزىزانىنى قوغلاپ چىقىرىشقا بۇيرۇق قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، مەقسىتىگە يېتەلمىدى، بۇ ئىشلار يەنە ھەزرىتى ئەزىزانىنىڭ كارامىتىگە پاكىت بولىدۇ، قىرغىز

لەشكەرلىرى يەكەننىڭ ئادەملىرىنى ھېچ ھېسابقا ئالمىدى، نەزىرىگىمۇ ئىلمىدى. ئاللا تائالا يەكەننىڭ ئادەملىرىنىڭ ھالىغا رەھىم قىلىپ ھەزرىتى خوجامغا ئاشكارا بولۇشقا رۇخسەت قىلدى. قىرغىزنىڭ ئادەملىرى ھەممىسى قىپچاق، قوشچى، نايمان، چوڭ باغىش ھەممىسى باتۇر، يۈرەكلىك ھەم ياسانغان ئادەملەر ئىدى. شەھەرنى ئىككى قېتىم قورشىدى. قەشقەرنىڭ ئاتلىق ھەم پىيادىلىرىمۇ ھەمراھ بولدى. ئۇلارنىڭ ئەسكىرى بەك تەييارلىق قىلغان ھەم ياسىنىپ قوراللانغان ئىدى. تولۇپ - تاشقان چوڭچىلىق بىلەن يەكەن ئادەملىرىنىڭ ئالدىغا كەلدى. سەككىز تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى. ھەزرىتى خوجام پادىشاھ ھەممە ئادەملەرگە ئىستىھكام قىلىشقا ئورۇن كۆرسىتىپ بەرگەن ئىدى. ئۆزى نۇرغا تولغان ئالتۇن مازارنى ئىستىھكام قىلدى. ئۇلارنىڭ قىسمى دەسلەپ ھەزرىتى خوجامنىڭ ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلدى. تېشىپ باقتى، وتا قويۇپ، پەلەمپەي ياساپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ باقتى. خوجام ھەزرەتلىرىمۇ ياندىكىلەر بىلەن ناھايىتى قاتتىق جەڭ قىلدى. بازىنىڭ قېشىغا كەلگەنلىكى كىشىنى دوزاخنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا بۇيرۇۋەتتى. تۆشۈكتىن سېپىلغا كەلسە ئۇنى سۆرەپ كېلىپ ئۆلتۈردى.

ئۇلار ئەلەم شاھ بەگنىڭ بازىسىغا ھۇجۇم قىلدى، ئەلەم شاھ بەگ ئەڭ كاتتا قوماندان ئىدى. بەگمۇ ئۇرۇش تەييارلىقىنى پۇختا قىلىپ تۇرغان



ئىدى. مۇھەممەت بەگنىڭ ئارزۇسى ئۆزىچە كېلىپ ئۇرۇش باشلاندى. سېپىلگە شوتا ۋە پەلەمپەيلەرنى قويۇپ قاتتىق ئۇرۇش بولدى. ھازىر باقى بەگ ھەم پورمىبكام (؟) نىڭ ئادەملىرى مىرزا ئەلەم شاھ بەگنىڭ سۆھبىتىدە ئىدى. ئۇلارمۇ دېيەرلىك ھالدا ئۇرۇش قىلدى. ئۇلار ئوق ياغدۇردى. بازىنى تېشىپ بازىغا كىردى. مىرزا ئۇلارنى تارتىپ ئېلىپ ئۆلتۈردى. ھەزرىتى خوجامنىڭ بازىسىدا قىرغىزنىڭ لەشكەرلىرى ۋە قەشقەرنىڭ ئادەملىرىدىن نۇرغۇن ئادەملەر يارىدار بولغان ۋە ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى. ئەلەم شاھ بەگنىڭ بازىسىدا يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش يارىدار ھەم ئۆلتۈرۈلگەنلەر بار ئىدى. قىرغىزنىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە قەشقەرنىڭ ئادەملىرى ئىشىك ئاغا بەگنىڭ يەنى شاھ جەپەر بەگنىڭ بازىسىغا كىرىپ ھۇجۇم قىلدى. شاھ جەپەر بەگمۇ قوراللىنىپ ئۇرۇش تەييارلىقىدا تۇرغان ئىدى. ئۇلار كېلىپ قاتتىق ئۇرۇش بولدى. قىرغىزنىڭ لەشكەرلىرى ۋە قەشقەرنىڭ ئادەملىرى شۇنداق كۈچ چىقاردىكى، ئەگەر تاغقا ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ تاقەت قىلالماس ئىدى. شوتا ۋە پەلەمپەيلەرنى قويۇپ بازىنى تۆشۈك قىلىۋەتتى.

شاھ جەپەر بەگ مەردلەرچە ئۇرۇش قىلىپ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى. قىرغىزنىڭ لەشكەرلىرى ھەيران قېلىشتى. بەزىلىرىنى يارىدار، بەزىلىرىنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلدى. شاھ جەپەر بەگ ئىش كۆرمىگەن ياش كىشى ئىدى. لېكىن شۇنداق رەھبەرلىك قىل-

دىكى دوست ۋە دۈشمەن ھەممىسى بارىكاللا دەپ
قالدى. ئۇ راستىنلا بۈيۈك قوماندانلار چۈشىدىمۇ
كۆرۈپ باقمىغان دەرىجىدە يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇ
شۇنداق ھەممەتلىك شىجائەتلىك يىگىت ئىكەن.

باي قاپاقنىڭ دەرۋازىسىنى شاھ سەييىد بەگ-
گە بارا قىلىپ بەرگەن، ئۇنىڭغىمۇ ھۇجۇم قىلدى.
شاھ سەييىد بەگمۇ قاتتىق ئۇرۇشۇپ،
بەزىلىرىنى يارىدار قىلدى، بەزىلىرىنى ئۆلتۈردى.
ئۇلار قايتىپ بېرىپ مىڭلىق بەگ، نەقى بەگ،
مەسجىدى بەگ، خۇدايار بەگ، دۆلە بەگ ۋە نورۇز
مۇھەممەت بەگلەرنىڭ بازىسىغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇلار-
مۇ قاتتىق ئۇرۇشتى. دۈشمەنمۇ تىرىشچانلىق كۆر-
سىتىپ شوتا، پەلەمپەيلەرنى قويۇپ تېشىشكە باشلى-
دى. بۇ مەزكۇر باشلىقلارمۇ دىگەندەك ئۇرۇش قىلدى.

قىرغىزلار مەغلۇپ بولۇپ بىر قىسىملىرى يارىدار
بولدى. يەنە بىر قىسىملىرى ئۆلتۈرۈلدى. ئۇرۇش
تەييارلىقىنى شۇنداق پۇختا قىلدىكى: قىرغىزنىڭ
لەشكەرلىرىنى مىرزا ھەيدەر گورگان مۇغۇلىستان
جاڭگىلىنىڭ شىرلىرى، دەپ يېزىپتىكەن. ھەزرىتى
خوجامنىڭ باتۇرلۇقى ۋە يۈرەكلىكىدىن مەغلۇپ
بولدى. قايسى بىر بازىغا بېرىپ شوتا پەلەمپەي
قويۇپ ھۇجۇم قىلسا ھەزرىتى خوجام شۇ يەرگە ھا-
زىر بولۇپ ئەدىبىنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ
ھەممىسى دىگۈدەك ئەدىبىنى يەپ ياندى. سىرت-
قى جەھەتتىن ئۇرۇش تاكتىكىسى ۋە باتۇرلۇق، ئىچ-



كى جەھەتتىن كارامەت كۆرسىتىپ سەپنى بۆسىدى-
غان باتۇرلار ۋە جەڭچىلەردىن يەكەن مەملىكىتىنى،
بولۇپمۇ شەھەرنىڭ دۇنيادار بايلىرىنىڭ دۇنيا ئوقى-
تىنى ساق سالامەت قۇتۇلدۇرۇپ قالدى.

ئاللا ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.

مىرزا غازى بەگ ۋە مىرزا شاھ مەھمۇت جوراس-
لارمۇ بىر تۇغقان بولۇپ شۇ زاماندىكى ئەمەلدارلار-
دىن ئىدى. مىرزا شاھ مەھمۇت تارىخ بىلىدىغان
ھەم تارىخ كىتابلىرىنى كۆپ ئوقۇيدىغان كىشى ئىدى.
يەكەن پادىشاھلىرىدىن ئابدۇللاخان، ئىسمايىل خان،
ئابدۇرېشىت خان ۋە مۇھەممەت ئەمىن خانلارنىڭ نامىدا
2، 3 تارىخ كىتابىنى تۈزۈپ چىققان. ئۇ دائىم كۆك-
نار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم ئىدى. پۈتۈن ئۆم-
رىنى پاسىقلىق بىلەن ئۆتكۈزەتتى. سوپىلىق كىتاب-
لىرىغا ھەرگىزمۇ قىزىقمايتتى. ھەزرىتى ئىشانىنىڭ سو-
پىلىرىنىمۇ ئىنكار قىلاتتى. دائىم: «ئەگەر ھەزرىتى ئى-
شان ھەق تائالانىڭ ئەۋلىيالىرىدىن بولىدىغان بول-
سا بىزنى بۇ كۆكنار مەشغۇلاتىدىن چىقىرىپ تاش-
لىغان بولاتتى» دەيتتى. بەزى كىشىلەر ئۇنى بۇ گې-
پىدىن مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشەتتى ۋە: «سىلەر قول
بېرىش، ئەسكى ئىشلاردىن تۆۋە قىلىش ھەم ھەزرىتى
ئىشانىدىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىشقا يارىدەم سوراش-
لىرى كېرەك.»

بىر قېتىم ئۇ ھەزرىتى ئىشان بىلەن خانىقادا
ئۇچرىشىپ قالدى. ھەزرىتى ئىشان، مەرىپەت قىلى-

رىنى، گەپ ئارىسىدا: «كۆكنار بىلەن شۇغۇللىنىدى-
غان ھەرقانداق ئادەم ئىمانسىز كېتىدۇ. چۈنكى كۆك-
نارنىڭ ئەينى مەستلىكىدە ياكى ئۇنىڭ خۇمارىدا
كېتىدۇ. ھەر ھالدا ھەر ئىككىلا ھالەت غەپلەت ۋە
زالالەت (يولدىن ئېزىش) نىڭ بەلگىسىدۇر.»

بۇ بەتبەخ يەنە تەۋپىق تاپمىدى. بىرقانچە كۈندىن كېيىن ھىيلە-مىكىرگە توشقان بۇ نىجىس كۆكنار ئىچىپ مەست بولۇپ ئادىتى بويىچە سۇ چېچىلغان بىر ئۆيگە كىرىپ ئۇخلاپتۇ ۋە شۇ يەردە ئۆلۈپ، ئۈچ كۈنگىچە تۇرۇپتۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن باشقىلار ئاڭلاپ كىرگۈدەك بولسا ئىششىپ، سېسىپ كەتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ سېسىقلىقى بىر مەھەللىگە تېتىپتۇ. ئۇ مەھەللىنىڭ ئادەملىرى ھەيران قېلىشىپ ئاخىرى ئۇنى ئۆيدىن تېشىغا ئەپچىقىپتۇ.

ئۇنىڭ بىر تۇغقىنى مىرزا غازى بەگ جوراس ئۇ كۈنلەردە ئوۋ ئوۋلاش ئۈچۈن يوسار ۋىلايىتىگە بارغان ئىكەن. يەكەن ۋىلايىتىنىڭ ئادەملىرى ھەزرىتى ئىشانلارغا يېقىنباشتىن بويسۇنۇپتۇ. بۇ ئىككى بىر تۇغقان ھەزرىتى ئىشانىنىڭ (تەسىرىنىڭ ياردىمىدىن نەزەردىن قوغلىنىپ مورتەد بولۇپ تەۋبىگە مۇشەررەپ بولالماي كەتتى ۋە يەنە ئۇنىڭ بىر تۇغقىنى مىرزا غازى بەگ قولۇنجى كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ كېسەلنىڭ ۋە ئاغرىقنىڭ ئىنتايىن قاتتىقلىقىدىن ئۆلدى. ئۆز جېنىنى قاتتىقلىق ۋە بەتبەختلىكتە بېردۋەتتى. ئۆزىنىڭ ئۇرۇق تۇغقان، يېقىنلى-



رىنى خۇددى توپىغا مىلىۋەتتى. ئاھۇ پىغان چېكىشىپ ئۆلۈمنى ئۇزىتىشقا مەشغۇللۇق قىلىشتى.

ئۇ ۋىلايەتنىڭ ئاھالىرى ئىچىدە ئۇ بەختسىزلەرنىڭ بەتبەختلىكى ھەم شېقىلىقى شۇ كۈنلەردە ئېنىق ئاشكارا بولدى. باتىل ۋە بۇزۇق خىيالىرى ئۇنىڭ كاللاپاي مېڭىسىدىن چىقتى. ئۇلارنىڭ ئەقلىگە نامۇۋاپىق ئويلىرى ۋە ئەسكى ئەخلاقلىرىنى پۈتۈن بەلگىلىرى بىلەن خۇدا يىتائالا شۇ ئەسنادىكى پۈتۈن خەلققە روشەن، ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. ھەممە «خۇدانىڭ لەنىتى يالغانچىلارغا بولسۇن» دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا ئۇيغۇن بولدى. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ جىنازىسىغا «ئەي بەتبەخ شەقى ۋۇجۇد! مۇنچىۋالا ئىنكار ۋە بىئەدەبلىكلەرنى نىمانچە قىلاتتىڭ» دېدى ۋە بەزىلەر ئۇنىڭ ئۆلۈكىگە توپا چاچتى.

## باباق بەگ بىلەن ئاخۇن كالانلارنىڭ كەلگىنى ۋە شۇ چاغدا بولغان ئىشلار

ئەقىللىك ۋە بىلىملىكلەردىن ئاڭلىشىمچە ئابدۇللاخاننىڭ زامانىسىداخاننىڭ پادىشاھلىقى ۋە كاتتىلىقى بىر تەرەپ بولسا ئالەمدە كەم تېپىلىدىغان ئىككى ئالىمنىڭ تېپىلىشى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ، ئۇلارنىڭ ئىسىم شەرىپلىرى ئاخۇن خوجا مۇھەممەت ئىمىن زېھنى ۋە ئاخۇن خوجا مۇھەممەت ئەمىن يا-

سى بولۇپ بۇ ھەر ئىككى كىشىنى بەختى ياڭغان يول-
ۋاسخان مەملىكىتىدىن تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن قوغ-
لاپ چىقارغان ئىدى. ئاخۇن خوجا مۇھەممەت ئىمىن
زېھنى كەشمىر شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتتى. ئاخۇن خو-
جا مۇھەممەت ئەمىن ياسى بەلىخ شەھىرىدە ئولتۇراق-
لىشىپ قالغان ئىدى، ئۇ ھەججە بارماقچى بولدى،
دۆلەت بەگ خان ئىندىكى ئۇلار يەكەن شەھىرىنى مەق-
سەت قىلىپ كېلىشتى، ئابدۇللاخاننىڭ دۆلىتىنىڭ
تۈۋرۈكى بولغان باباق بەگ ئوغۇللىرى بىلەن ھەج
قىلىپ كېلىپ بەلىختە بولدى. خان بۇ يەردىن خەت
ئەۋەتىپ تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدۈردى. ھەزرىتى ئاخۇن
ۋە باباق بەگلەر بىرگە كەلدى. ئاخۇن پۈتۈن ئالىم-
لارنىڭ ئەئلەمى بولدى. باباق بەگ پۈتۈن ئەمەل-
دارلارنىڭ كاتتىسى بولدى. مەملىكەت ئۇلارنىڭ تۆ-
پەيلىدىن بىلىم يۇرتىغا ئايلاندى. مەدرىسە مەكتەپ-
لەر ئەۋج ئالدى. باباق بەگ بۇ نۆۋەتتە بىر يىل
بەش ئاي ھۆكۈم سۈرۈپ ئاخىرى ئىستىسقا كېسىلى بى-
لەن ئالەمدىن ئۆتتى، 61 يىل ياشىدى. ئاندىن
كېيىن ھەيدەر بەگ ئۇنىڭ ئورنىغا ھاكىم بولدى.
بۇ كۈنلەردە ئەركا بەگ ئالىي دەرىجىلىك مەجلىس
ئۇيۇشتۇرۇپ خان ھەزرەتلىرىنىڭ ھۆرمەت يۈزىس-
دىن پۈتىنغا يىقىلدى. بارلىق ئەمەلدار ۋە كاتتىباش-
لار، ئالىملارغا باشتىن ئاياغ پادىشاھانە كىيىم تەي-
يارلاپ تويى قىلدى. خان بۇ ئاتاقلىق قوماندان ھەق-
قىدە ئىنئام ۋە ئېھسانلار بېرىپ مىرزا تىنى بەگ قا-
ئىدە بويىچە بايراق، كاناي ۋە باشقا پادىشاھانە



تەييارلىقلارنى سوۋغا قىلدى. مۇنداق مەجلىسنىڭ بۇن-
دىن بۇرۇن بولۇپ باققانلىقىنى ھېچكىممۇ ئاڭلىمى-
غان، بۈگۈنكى كۈندە بۇ ئۇلۇغ قوماندان ھەزرىتى
خاننىڭ تەرەپدارى بولۇپ پۇقرالارنى مايىللاشتۇ-
رۇشقا مەشغۇللۇق قىلماقتا. ئاللاتائالا ئۆز ياخشىلى-
قى ۋە ساخاۋىتى بىلەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى بارلىق
ئىچكى تاشقى ئاپەت ۋە بالالاردىن ساقلىسۇن!

مەملىكەت ھەزرىتى خاننىڭ دەۋرىدە يۈكسەك
دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ جەننەتمۇ چىدىمايدىغان،
ئىرەمنىڭ گۈلىستانىغىمۇ تەنە قىلىدىغان دەرىجىگە يەت-
تى. خاننىڭ دۆلىتىدە پۇقرالارمۇ ئەمەلدارلاردەك
تۇرمۇش كەچۈردى. موغۇل مەملىكىتى مەمۇر ۋە ئاۋات
بولۇپ كەتتى. ئابدۇللاخاننىڭ ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى-
نىڭ قىلغان زۇلۇملىرىمۇ خەلقنىڭ دىلىدىن كۆتۈ-
رۈلۈپ كەتتى. بۇ كىتاب باشتىن ئاخىر ھەزرىتى خان-
نىڭ ئۇلۇغ نامىدىن تارىلىپ ئاشكارا بولدى. ھەق
سۇبھانەھۇ ۋەتائالا ئۆز ياخشىلىقى ۋە ساخاۋىتى
بىلەن ئۇ ياخشى ئەخلاقلىق پادىشاھنىڭ ئۇلۇغ ۋۇ-
جۇدىنى بارلىق بالا ئاپەتلەردىن ساقلىسۇن!

بۇ كىتاب بېرىۋەتكۈچى ھەممىگە شەپقەتلىك،
سېخىي پادىشاھ ئۇلۇغ ئاللانىڭ ياردىمى بىلەن خۇدا-
نىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىد كۈتكۈچى ئاجىز بەندە موللا ئىۋەز
ئوغلى دوست قۇلىنىڭ قولىدا تۈزۈلۈپ تامام بول-
دى. ئاللا ئۇ كىشىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ
بارلىق ئەر - ئايال مۆمىن ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ گۇناھ-
لىرىنى كەچۈرۈم قىلسۇن!

بۇ كىتاب س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخى ھۆججەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان (ئىزاھ ۋە ئەسلى تېكىستىمۇ بېرىلگەن) 1976 - يىلدىكى موسكۋا 1 - نەشرىنىڭ پارسچە تېكىستىگە ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书是根据苏联社会科学院历史文献研究所翻译出版的莫斯科1976年俄文第1版(附有原文—波斯文)中的波斯文翻译出版的。

# سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار


ئاپتورى: شاھ مەھمۇت جوراس

تەرجىمە قىلغۇچى: ھەبىبۇللا ئېلى



مۇھەررىرى: داموللا ئابدۇلھەمىت يۇسۇفى

مەسئۇل مۇھەررىرى: توختى ئابدىخان

مەسئۇل كوررېكتورى: ئايشەم ئابدۇۋەلى

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى: 1092 × 787مم 1/32، باسما تاۋىقى: 7.75 قىستۇرما ۋارىقى: 2

1988 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى

1989 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى

تىرازى: قاتتىق مۇقاۋىلىقى 6000—1

ئاددى مۇقاۋىلىقى 6000—1

---

ISBN7 — 5373 — 0122 — 0/K·9

باھاسى: قاتتىق مۇقاۋىلىقى 2.70 يۈەن

ئاددى مۇقاۋىلىقى 1.40 يۈەن

(ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدۇ)



# 维吾尔赛义德亚汗国历史资料


著者：夏·麻赫穆德·朱拉斯
译者：艾毕布拉·艾立
编辑：大毛拉阿布都勒哈米德·玉苏菲
责任编辑：托合提·阿布汗
责任校对：阿依夏木·阿不都吾力



喀什维吾尔文出版社出版
新 疆 新 华 书 店 发 行
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
787×1092毫米 32开本 7·75印张 2插页
1988年9月第1版 1989年8月第1次印刷
印数：精装本1—6000
平装本1—6000
ISBN7—5375—0122—0/K·9 (民文)
定价：精装2·70元 平装1·40元

(内部发行)

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئىلشات تۇرسۇن

ISBN7 — 5373 — 0122 — 0

(民文) K·9 باھاسى: 1.40 يۈەن